www.kitaphumar.com

# گۆھەر ئارىلى

(چەتئەل ئەسەرلىرى)

روبېرت لوئىس ستېۋېنسون (ئەنگلىيە)

**Robert Louis Stevenson**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخان**

**ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2013-يىلى 7-ئاي**

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلۈم: كاپىتان بىل

1-باب: چاقىرىلمىغان مېھمان ........ 5
2-باب: قارا ئىت ........ 9
3-باب: قارا پۈتۈك ........ 13
4-باب: كاپىتاننىڭ چامدانى ........ 18
5-باب: قارىغۇنىڭ ھالاكىتى ........ 21
6-باب: خەرىتە ........ 25

## ئىككىنچى بۆلۈم: گۆھەر ئارىلىغا ئاتلىنىش

1-باب: برىستول پورتى: ........ 29
2-باب: سىلۋېرنىڭ مېھمانسارىيى ........ 33
3-باب: مىجەزى چۇس كاپىتان ........ 37
4-باب: دېڭىزغا يۈرۈش ........ 41
5-باب: سۇيىقەست ........ 45
6-باب: جىددىي يىغىن ........ 49

## ئۈچىنچى بۆلۈم: ئارالدىكى خەتەرلىك سەرگۈزەشتە

1-باب: گۆھەر ئارىلىغا چىقىش ........ 54
2-باب: قانلىق ۋەقەگە شاھىت بولۇش ........ 57

3-باب: ئارالدىكى غەلىتە مەخلۇق ........................................................ 61

## تۆتىنچى بۆلۈم: دوختۇرنىڭ بايانى

1-باب: كېمىدىن ۋاز كېچىش: ........................................................ 66
2-باب: خەتەرلىك يۈرۈش: ........................................................ 69
3-باب: قانلىق ئېلىشىش ........................................................ 73

## بەشىنچى بۆلۈم: ياغاچ قورۇلنى ساقلاش

1-باب: ياغاچ قورۇلنى مۇھاپىزەت قىلىش ........................................................ 78
2-باب: سۈلھى قىلىش ........................................................ 82
3-باب: دۈشمەننى چېكىندۈرۈش ........................................................ 86

## ئالتىنچى بۆلۈم: كېمىنى قايتا قولغا ئېلىش

1-باب: گوئىننىڭ قولۋىقى ........................................................ 91
2-باب: ئارقاننى كېسىش ........................................................ 94
3-باب: چوڭ كېمىگە چىقىش ........................................................ 97
4-باب: دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ بايرىقىنى چۈشۈرۈش ........................................................ 100
5-باب: ھايات-ماماتلىق جەڭ ........................................................ 103
6-باب: شاتۇت قاراۋۇل ........................................................ 108

## يەتتىنچى بۆلۈم: سىلۋېرنىڭ ۋاستىسى

1-باب: تۇتقۇنغا ئايلىنىش ........................................................ 112

2-باب: يەنە قارا پۈتۈك ........................................................ 117
3-باب: دوختۇرنىڭ سەممىي نەسىھىتى ................................................ 122
4-باب: غەلىتە ئىسكىلىت ........................................................ 126
5-باب: ئەرۋاھ ........................................................ 130
6-باب: سىلۋىر پۈتۈنلەي تۈگەشتى ................................................ 134
7-باب: خاتىمە ........................................................ 139

# بىرىنچى بۆلۈم كاپىتان بىل

## بىرىنچى باب چاقىرىلمىغان مېھمان

ترېلاۋنىي ئەپەندىم، دوختۇر لىۋېس ۋە باشقا بىر نەچچە ئەرباب ماڭا گۆھەر ئارىلى توغرىلىق تەپسىلاتلارنى تولۇق يېزىپ چىقىشنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردىكى يۇز-ئابرۇيلۇق كىشىلەر ئىدى. ئەمما، ئۇلار گۆھەر ئارىلىنىڭ ئورنىنى يازماسلىقىمنى جېكىلىدى. چۈنكى ئارالدا تېخى كولاپ ئېلىنمىغان نۇرغۇن بايلىق بار. مەن قولۇمغا قەلەمنى ئېلىپلا بەئەينى ئۆزۈمنى دادام ئادمىرال بېنبوۋ مېھمانسارىيى ئاچقان يىللارغا بىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. شۇ يىللىرى ھېلىقى تېرىسى قارىداپ كەتكەن، يۈزىدا پىچاق تارتۇقى بار قېرى ماتروس مۇشۇ مېھمانسارايىدا تۇرغان ئىدى.

شۇ كۈنى ئۇنىڭ ئېغىر پۇتلىرىنى سۆرىگىنىچە ئىشىك ئالدىغا كەلگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇنىڭ كەينىدىن بىر خىزمەتكار پۇختا ھەم قوپال چوڭ بىر چامادانىنى ئىتتىرىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ قېرى ماتروس ئېگىز، گەۋدىلىك بولۇپ، قارىماققا ناھايىتى ساغلام كۆرۈنەتتى. بىر تال ئۆرمە چاچ قويۇۋالغانىدى. مايلىشىپ كەتكەن كۆك رەڭلىك كىيىمى ناھايىتى مەينەت كۆرۈنەتتى .قوللىرىمۇ يىرىك بولۇپ، يارا ئىزى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. قاغجىراپ كەتكەن يۈزىدىكى پىچاق ئىزى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى.

ئۇ ئىسقىرتقىنىچە سارايدىن ئانچە يىراق بولمىغان دېڭىز بويىغا يالت قىلىپ قاراپ قويدى-دە، ماتروسلار ناخشىسىنى غىڭشىغىلى تۇردى:

—ئون بەش ئەزىمەت ئۆلۈكنىڭ ساندۇقىنى تالىشار،

—ھاي.... ھاي ...ھاي... بىر بوتولكا رۇم ھارىقىنى تېز ئەكەل!

ئارقىدىنلا ئۇ ھاسىسىنى كۆتۈرۈپ ساراي دەرۋازىسىنى قوپاللىق بىلەن قاقتى. دادام دەرۋازىنى ئېچىشىغىلا ئۇ داۋراڭ سالغىنىچە كىرىپ كەلدى-دە، تېزدىن بىر رومكا رۇم ھارىقى قويۇپ بېرىشنى ئېيتتى. مەن دەرھال ئۇنىڭغا ھاراق قويۇپ بەردىم. ئۇ خۇددى ھاراق باھالىغۇچىغا ئوخشاش ئالدىرىماي سۈمۈرۈپ ئىچىشكە باشلىدى. ھارىقنى ئىچكەچ تۆت ئەتراپتىكى تاغ چوققىلىرىغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كىيىن سارايىنىڭ ۋىۋىسكىسىغا تىكىلدى.

-بۇ سارايىنىڭ ئورنى يامان ئەمەسكەن، يېقىندا قونىدىغانلار كۆپمۇ؟ — دوپ سورىدى ئۇ.

دادام ئۈنىڭغا يېقىندا مېھمانسارايي سودىسىنىڭ ناھايىتى سۇسلۇقىنى، ئادەم يوقلۇقىنى ئېيتتى. ئۇ بۇ جاۋابتىن ناھايىتى رازى بولدى ھەم ئۆزىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشنى قارار قىلغانلىقىنى بىلدۈردى. كەينىدىن خىزمەتكارغا بۇرۇلۇپ توۋلىدى:

ــ بۇرادەر، مەن مۇشۇ يەردە تۇرىمەن، چامادانىنى ئەكەل.

كەينىدىن ئۇ دادامغا:

ــ مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئالماق ئاسان، ماڭا ھەر كۈنى بىر رومكا رۇم ھارىقى، نەچچە پارچە سۇرلەنگەن چوشقا گۆشى ۋە بىر نەچچە تال تۇخۇم بەرسەڭلارلا بولىدۇ. بوش ۋاقتتا مەن يېقىن ئارىلىقتىكى تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كېمىلەرنى كۆزىتىمەن، ــ دېدى. ئاخىرىدا ئۇ ئۈچ-تۆت تال ئالتۇن تەڭگە چىقىرىپ پوكەيگە قويغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ مېنى كاپىتان بىل دەپ چاقىرسىڭىز بولىدۇ. پۇل تۈگىسە مېنى ئىزدەڭ.

بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا ئۇ ئۆزىنى بەئەينى سۇرلۇك قوماندانەدەك ھېس قىلىۋاتاتتى . ئۈنىڭ گەپ-سۆزى قوپال، كىيىنىشى ناھايىتى چۈكىنەم بولسىمۇ ئادەتتىكى ماتروسلارغا قارىغاندا كېمە كاپىتانىغا بەكەرەك ئوخشايتتى. بىل بۇيرۇق چۈشۈرۈپلا قالماي، ھەدىسىلا ئادەم ئۇراتتى. ئۇ گەپ قىلىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى. ھەر كۈنى مىستىن ياسالغان بىر دۇربۇننى كۆتۈرۈپ دېڭىز بويىنى ئايلىناتتى ياكى بولمىسا يېقىن ئەتراپتىكى تاغ چوققىسىغا چىقىپ يىراقلارغا نەزەر تاشلايتتى. كەچلىكى ھەمىشە يالغۇز مېھمانخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى تام ئوچاقنىڭ يېنىدا توختىماي ھاراق ئىچەتتى. بەزىلەر ئۈنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولسىمۇ ئۇ پىسەنت قىلمىدى . شۇڭا بارا-بارا سارايغا كەلگەنلەرنىڭ ئۈنىڭ بىلەن كارى بولمىدى.

پەقەت قىياپىتى ماتروسقا ئوخشاپ كېتىدىغان كىشىلەر ئادمىرال بېنبوۋ مېھمانسارىيىغا چۈشكۈن قىلسىلا كاپىتان دەرھال دېرىزە پەردىسىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ بىر ھازا ئوغرىلىقچە كۆزىتەتتى-دە، ئاندىن ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتەتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەبنى پەقەت مەنلا ئوبدان بىلەتتىم.

بىر كۈنى ئۇ مېنى خالىي جايغا چاقىرىتىپ، ماڭا ھەر ئايدا تۆت پېنىسلىق كۈمۈش تەڭگە بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان. بۇنىڭ بەدىلىگە بىر پۇتلۇق بىر ماتروسقا دىققەت قىلىپ قويۇشۇمنى، بۇ ئادەمنى كۆرگەن ھامان ئۆزىگە خەۋەر قىلىشىمنى ئېيتقانىدى. لېكىن ئاي بېشىدا مەن ئۈنىڭدىن پۇل تەلەپ قىلسام شۇئانلا چىرايىنى ئۆزگەرتىپ، كۆزلىرىنى زەھەرخەندىلىك بىلەن چەكچەيتىپ مېنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ يەنە مېنى ئىزدەپ كېلىپ ماڭا تۆت پېنى كۈمۈشنى بەردى ھەمدە ھېلىقى ماتروسقا كۆز-قۇلاق بولۇشۇمنى جېكىلىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن، مەن دائىم قاباھەتلىك چۈش كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم. چۈشۈمدە ھېلىقى بىر پۇتلۇق ماتروسنى كۆرەتتىم .بوران-چاپقۇنلۇق كېچىلىرى ئۇ چۈشۈمدە پەيدا بولۇپ، بەتبەشىرە چىرايىنى ھەرخىل پۈرۈشتۈرەتتى. گاھى ئۇنىڭ يېرىم پۇتىنىڭ يوقلۇقىنى، گاھىدا بىر پۇتىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرەتتىم. ئەڭ قورقۇنچلۇق بىر قېتىم ئۇ چۈشۈمدە بىر پۇتى بىلەن سەكرىگىنىچە مېنى قوغلاپ كەتكەنىمىش .

كۆپچىلىك كاپىتاننى كۆرسىلا شۈك بولۇشۇپ دەككە-دۈككىگە چۈشەتتى. ئەكسىچە مەن ئۇلاردەك قورقمايتتىم. ئۇ بىر نەچچە قېتىم كەچلىكى ھاراقنى كۆپ ئىچىپ مەست بولۇۋېلىپ سارايدىكى كىشىلەرنى ئۆز ھېكايىسىنى ئاڭلاشقا ياكى ئۆزى بىلەن بىرگە ھېلىقى قوپال ماتروسلار ناخشىسىنى ئېيتىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇ ھېكايە سۆزلەۋاتقان چاغدا ھېچكىمنىڭ مېھمانخانىدىن ئايرىلىشىغا رۇخسەت قىلمايتتى. تاكى ئۇ چىلاشقۇچە ئىچىپ شىرەگە يىقىلغاندىلا ئاندىن مېھمانلار كېتەلەيتتى. ئۇ ھەممىشە كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان ھېكايىلەرنى سۆزلەشكە ئامراق ئىدى. بۇ ھېكايىلەردە دارغا ئېسىش، دوئىلغا چىقىش، دېڭىزدىكى بوران-چاپقۇن، كارىپ دېڭىز قاراقچىسى ھەم ئۇلارنىڭ ئۇۋىسى قاتارلىق مەزمۇنلار سۆزلىنەتتى. ئۇنىڭ ھېكايىسى بىلەن ھېكايە سۆزلىگەندىكى گەپ-سۆزلىرى بىزگە ئوخشاش ياۋاش يېزا كىشىلىرىنى ۋەھىمىگە سالاتتى.

ئۇ خېلى ئۇزاق تۇردى. ئىلگىرى تاپشۇرغان ئىجارە پۇلمۇ ئاللىبۇرۇن تۈگىدى. ئەمما دادام ئۇنىڭدىن پۇل سوراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. دادام پۇل توغرۇلۇق ئېغىز ئاچسىلا كاپىتان بۇرنىدىن گۇركىرەپ، كۆزلىرىنى ئالايتاتتى. ئۇ دادامنى ھەر قېتىم مۇشۇنداق قورقىتاتتى. مېنىڭچە، بۇ دادامنىڭ كېسەل بىلەن بالدۇرلا تۈگەپ كەتكەنلىكىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرى.

كاپىتان بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقان كۈندىن ئېتىبارەن، ئۇنىڭ كىيىم يۆتكىگەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇ ئۈستىنكى قەۋەتتىكى ئۆيدە كىيىمنى قايتا-قايتا ياماتتى. ئاخىرىدا ئۇنىڭ كىيىمى پۈتۈنلەي ياماق بىلەن توشۇپ كەتتى. ئۇ مەست بولغاندىن باشقا ۋاقىتلىرىدا ئەزەلدىن كىشىلەر بىلەن سۆزلەشمەيتتى. ئۇنىڭ ھېلىقى يوغان چامادانىغا كەلسەك ھېچقايسىمىز ئۇنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدۇق.

دوختۇر لىۋېسىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرالمايتتى. شۇ چاغلاردا دادامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ نەپەس ئېلىشى قىينىلىشىپ قالدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن دوختۇر لىۋېس دادامنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ بولغاندا كەچ بولۇپ كېتىپ بىزنىڭ ئۆيدە تاماق يېدى. تاماقتىن كېيىن، باشقىلار ئۇنىڭ ئېتىنى ئېلىپ كەلگۈچە ئۇنى مېھمانخانىغا كىرىپ تاماكا

چېكىشكە تەكلىپ قىلدۇق. تۇيۇقسىز، كاپىتان چىقىراق ئاۋازى بىلەن ھېلىقى ماتروسلار ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

ئون بەش ئەزىمەت ئۆلۈكنىڭ ساندۇقىنى تالىشار،
ھاي.... ھاي ...ھاي ...بىر بوتولكا رۇم ھارىقىنى تېز ئەكەل!
قالغانلارنى ھاراق ۋە ئالۋاستى جىنىدىن ئايرىدى،
ھاي.... ھاي... ھاي ...بىر بوتولكا رۇم ھارىقىنى تېز ئەكەل!

دوختۇر لىۋېس بۇ ناخشىنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغاچقا غەلىتە تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ناخشىنى ياقتۇرمىغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. ئۇ ئاچچىقىدا بېشىنى بۇراپ كاپىتانغا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن پېشقەدەم گۈلچى تەيلورغا رېماتىزمنى داۋالايدىغان بىر خىل يېڭى ئۇسۇل توغرۇلۇق سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. بۇ چاغدا كاپىتاننىڭ ناخشا ئاۋازى بارغانسېرى يوغىناپ، ھەتتا قوللىرى بىلەن شىرەنى كۈچەپ ئۇرىدىغان دەرىجىگە يەتتى. بۇ، ھەممە كىشىنىڭ شۈك ئولتۇرۇپ ئۇنىڭناخشىسىنى ئاڭلاشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقى ئىدى. دوختۇر لىۋېس پەرۋا قىلىپمۇ قويماي ئۆز پارىڭىنى داۋام قىلىۋەردى. كاپىتان ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى مىقتەك تىكىپ شىرەنى زەرب بىلەن شاپىلاقلىدى-دە، ئېغىزىنى بۇزدى:

ــ ھەي ئەبلەخ، قۇلىقىڭنى دىڭ تۇت، ھازىرلا ئاغزىڭنى يۇم!

ــ ئەپەندىم، سىز مېنى ئاغزىڭنى يۇم دەۋاتامسىز؟ ــ دەپ سورىدى لىۋېس دوختۇر.

ــ شۇنداق ــ !دېدى كاپىتان ئېغىزىنى بۇزۇپ بىر مۇنچە تىللىغاندىن كېيىن .

ــ ئەپەندىم، مەن سىزگە ئەسكەرتىپ قوياي، ــ دېدى دوختۇر، ــ ناۋادا سىز داۋاملىق مۇشۇنداق مۇتتەھەملىك قىلىدىغان بولسىڭىز ئۇزۇنغا قالماي مەينەتچىلىكتە ئۇچىغا چىققان بىر قۇلاقكەستى بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالىدۇ!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كاپىتاننىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى. ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ماتروسلار ئىشلىتىدىغان بىر قاتلىما پىچاقنى چىقاردى-دە، شىلتىگىنىچە دوختۇر لىۋېسنى تامغا مىخلاپ قويىمەن، دەپ ھەيۋە كۆرسىتىشكە باشلىدى.

دوختۇر لىۋېس ناھايىتى سالماقلىق بىلەن بۇرۇلۇپ كاپىتانغا تۆۋەندىكى گەپلەرنى بىرمۇ-بىر دېدى:

ــ ناۋادا سەن پىچىقىڭنى دەرھال يىغىشتۇرمايدىغان بولساڭ، شۇنداق دەپ قەسەم قىلىمەنكى، كېلەركى قېتىم سەييارە سوت قىلغاندا چوقۇم دارغا ئېسىلىسەن.

دوختۇر بۇ گەپلەرنى ھەممە كىشى ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ناھايىتى ياڭراق ئاۋازدا ئېيتتى.

ئۇلار ئىككىسى بىر-بىرىگە غەزەپ بىلەن تىكىلىشىپ، قىمىر قىلماي تۇرۇپ قېلىشتى. ئاخىرىدا كاپىتان بەرداشلىق بېرەلمەي پىچىقىنى يىپىپ، تايىقىنى يەپ قۇيرۇقىنى خادا قىلغان ئىتتەك ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى ھەم ناخشىسىنى پەس ئاۋازدا غىڭشىغىلى تۇردى .

—ئاڭلاپ تۇر، ئەپەندى، — دېدى دوختۇر سۆزىنى داۋام قىلىپ، —مەن دوختۇر بولۇپلا قالماي، يەنە بۇ يەرنىڭ ئامانلىق ئەمەلدارى، بۇ مېنىڭ باشقۇرۇشۇمدىكى يەر. بۇگۈندىن باشلاپ ھەر ۋاقىت ساڭا كۆز-قۇلاق بولىمەن، ناۋادا بىرەرسى سېنى ئەرز قىلىپلا قالسا ياكى بۇگۈنكىدەك قوپاللىقىڭ سېزىلىپلا قالسا مەن تەدبىر قوللىنىپ سېنى قولغا ئالىمەن ھەم بۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىمەن.

بىردەمدىن كېيىن كىشىلەر دوختۇرنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ كېلىشتى. دوختۇر ئاتقا مىنىپ سارايدىن ئايرىلدى. شۇ كەچلىكى كاپىتان بۇرۇنقىدىن كۆپ جىمىپ كەتتى. كېيىنكى نەچچە ئاخشامدىمۇ ئۇ ئىلگىرىكىدەك غەۋغا كۆتۈرمىدى.

## ئىككىنچى باب قارا ئىت

ئۇزاق ئۆتمەيلا مېھمانسارايدا بىر مۇنچە ئىشلار يۈز بەردى. كاپىتان ئاخىرى جاجىسىنى يەپ ئۆلدى، بىزمۇ ئازاد بولدۇق. بىراق، ئۇ ئىلىپ كەلگەن ئاۋارىچىلىكلەر تۈگىمەستە قالدى .

شۇ يىلى قىش باشقىچىلا سوغۇق بولدى. يەر-زېمىننى قېلىن قار قاپلاپ، تالادا بوران ئۇشقۇرتاتتى. دادامنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلاپ باھارغا ئۇلىشالمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئاغرىپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن مېھمانسارايىنىڭ بارلىق تىجارەت ۋەزىپىسى ئاپام ئىككىمىزنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. بىز كۈن بويى ئالدىراش بولۇپ ھېلىقى ئادەم خالىماس مېھمانغا يېتىشىپ بولالمىدۇق.

قەھرىتان سوغۇق بىر كۈنى سەھەردە، كاپىتان ئىلگىرىكىدىن بالدۇر ئورنىدىن تۇردى. ئاندىن ئاۋۋالقىدەكلا دۇربۇنىنى كۆتۈرۈپ دېڭىز بويىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ كېتىۋتىپ ھاسىراۋاتقانلىقىنى، ئېغىزىدىن توختىماي ئاق تۇمان چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن يەنە ئۇنىڭ ھېلىقى كۈندىكى دوختۇرنىڭ ئەيىبلىشىدىن نارازى بولغاندەك بىر خىل غەزەپلىك گۈركىرەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم.

ئانام ئۈستىدە دادامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتاتتى. مەن بولسام شىرەگە ئەتىگەنلىك تاماقلارنى ئەپچىقىپ كاپىتاننى ساقلاۋاتاتتىم.

تۈيۈقسىز مېھمانخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ بىر ناتونۇش كىشى ئېتىلىپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى ساماندەك سارغايغان، سول قولىنىڭ ئىككى بارمىقى كەم ئىدى. بېلىگە قىسقا بىر پىچاق قىستۇرۇۋالغان بولۇپ، ئەلپازىدىن شۇملۇق چىقىپ تۇراتتى.

بۇ كۈنلەردە، مەن كېلىپ-كېتىۋاتقانلارغا دىققەت قىلىپ كېلىۋاتاتتىم. بولۇپمۇ ماتروسقا ئوخشاش كىشىلەرگە ئالاھىدە نەزەر سالاتتىم. بۇ كىشى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ قىياپىتى دېڭىزچىدەك قىلمايتتى. ئەمما جىسمىدىن تۇزلۇق دېڭىز سۈيىنىڭ ھىدى كېلەتتى .

ئۇ بىر ئىستاكان رۇم ھارىقى تەلەپ قىلدى. مەن ھاراق ئالغىلى ماڭغاندا ئۇ شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ مېنى قول ئىشارىسى قىلىپ چاقىردى.

—بۇ شىرەدىكى تاماقلار دوستۇم بىل ئۈچۈن تەييارلانغانمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭغا بىلنى تونۇمايدىغانلىقىمنى، بۇ تاماقلارنىڭ سارايدىكى بىر مېھمان ئۈچۈن تەييارلانغانلىقىنى، ئۇنى كاپىتان دەپ چاقىرىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتىم .

—كاپىتان؟ —دېدى ئۇ، — توغرا، بىل ھەقىقەتەن كاپىتانغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ يۈزىدە پىچاق تارتۇقى بار، ھاراق ئىچىپ مەست بولغاندىكى تۇرقى بەك سۆيۈملۈك. سەن دەۋاتقان ئۇ كاپىتاننىڭ يۈزىدىمۇ شۇنداق تارتۇق بارمۇ؟ ئوڭ يۈزىدە؟ بولدى. ماڭا ئېيتە، ھازىر دوستۇم بىل ھۇجرىسىدا بارمۇ؟

—كاپىتان ئايلانغىلى چىقىپ كەتتى.

ئارقىدىن ئۇ يەنە كاپىتاننىڭ قاچان چىقىپ كەتكەنلىكىنى، تەخمىنەن قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ۋە يەنە باشقا بىر نەچچە مەسىلىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭ سوئاللىرىغا بىر-بىرلەپ جاۋاب بەردىم.

— دوستۇم بىل قايتىپ كېلىپ مېنى كۆرسە چوقۇم خۇشال بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

بىراق ئۇ، بۇ گەپلەرنى قىلغاندا چىرايىدا خۇشاللىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. بۇ ناتونۇش كىشى مېھمانسارايىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇيان-بۇيان مېڭىشقا باشلىدى، كۆزلىرى چاشقاننىڭ چىقىشىنى ساقلاۋاتقان مۈشۈكتەك ھەممىشە دوقمۇشقا تىكىلەتتى. مەن سارايى سىرتىغا چىقساملا ۋارقىراپ مېنى قايتۇرۇۋالاتتى. ناۋادا سەللا تېڭىرقاپ قالسام سەت گەپلەر بىلەن تىللاپ قايتىپ كىرىشكە بۇيرۇق قىلاتتى. سارايغا كىرسەملا ئۇ قايتىدىن مۇلايىملىشىپ، خۇشامەتچىلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ مۈرەمگە ئاستا ئۇرۇپ: «سەن بىر ياخشى بالا جۇمۇ»، دەپ كېتەتتى.

—سەن ئوغلۇم بىلەن دېمەتلىك ئىكەنسەن، — دېدى ئۇ، — سىلەر بەك ئوخشاپ كېتىدىكەنسىلەر، ئۇ مېنىڭ پەخرىم. بىلەمسەن، ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە گەپ ئاڭلاش. چۈشەندىڭمۇ؟ گەپ ئاڭلاش! سەن دېڭىزغا چىقىپ كېمىدە تۇرۇپ باقسالىڭ، بايا چاقىرغاندا قېتىپ تۇرۇپ قالمايسەن. ھەرگىز ئۇنداق قىلمايسەن. بايا سېنى ئىككى قېتىم

چاقىرغاندىن كېيىن قايتىپ كىرىدىك. بىل ھەرگىز بىرسىنى ئىككى قېتىم چاقىرمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن دېڭىزغا چىققانلارنىڭمۇ ھەممىسى شۇنداق. قارا، دوستۇم بىل قايتىپ كەلدى. قولتۇقىغا تېخى دۇربۇن قىستۇرۇۋاپتۇ. يىگىت، مېھمانخانىغا كىرىپ كېتەيلى. ئىشىكنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈۋېلىپ، ئۇنى بىر ھەيران قالدۇرايلى. ئۇ مېنى كۆرسە چوقۇم خۇشال بولىدۇ.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ دەرھال ئىشىك كەينىگە مۆكۈندى ھەم مېنى كەينىگە ئۆتۈشكە بۇيرۇدى. ئىشىك ئېچىلسا ئىككىمىزنى تامامەن يوشۇرۇپ قالالايتتى. مەن ناھايىتى ئارامسىزلىنىپ كەتتىم ھەم ناتونۇش كىشىنىڭمۇ قورقۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ تېخىمۇ تەشۋىشكە چۈشتۈم. ئۇ پىچاق سېپىنى قاماللاپ غىلاپ ئىچىدە قىمىرلىتىپ قويدى. گېلىدا بىر نەرسە باردەك توختىماي شۆلگىيىنى يۇتاتتى.

ئاخىرى كاپىتان يوغان قەدەملەر بىلەن كىرىپ كەلدى ھەم ئىشىكنى گۇم قىلىپ يېپىۋېتىپ ئۇدۇل تاماق شىرەسىگە قاراپ ماڭدى.

ناتونۇش كىشى كاپىتانغا قاراپ ئېتىلغىنىچە ۋارقىرىدى:

—بىل، ياخشىمۇ سەن؟

كاپىتان دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ بىزنى كۆردى-دە، گويا ئالۋاستىغا يولۇققاندەك قوڭۇر يۈزلىرى كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە تاتىرىپ، بۇرنى كۆكىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھارغىن ھەم ئاجىز تۇرقىغا قاراپ سەل ئىچىندىم.

—قارا ئىت — !دېدى كاپىتان پەس ئاۋازدا.

—سەن ئاخىرى مېنى تونۇدۇڭ، — دېدى ناتونۇش كىشى بىر تىنىۋېتەلمەيدىن كېيىن جاۋاب بېرىپ، — قارا ئىت دوستى بىلنى مەخسۇس يوقلاپ كەلدى. بۇرادەر بىل، مەن ئىككى بارمىقىمدىن ئايرىلغاندىن بۇيان ئاز بولمىغان جاپالارنى تارتتۇق، — دېدى. ئۇ سۆزلىگەچ ئىككى بارمىقى يوق قولىنى كۆتۈرۈپ قويدى .

—بۇ يەرنى تېپىۋالغان ئىكەنسىلەر، —دېدى كاپىتان،—قېچىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، ئېيتە، سىلەر قانداق قىلماقچى؟

— چېچىلماي تۇر،—دېدى قارا ئىت جاۋاب قايتۇرۇپ، — سېنىڭ ھەدېسىلا ئاچچىقلايدىغان مىجەزىڭ ئۆزگەرمەپتۇ. بىز ياخشىراق سۆزلىشىپ باقايلى. ئالدى بىلەن بۇ كىلىشكەن يىگىت ماڭا بىر رومكا رۇم ھارىقى قويۇپ بەرسۇن. ئاندىن ماتروس ۋاقتىمىزدىكىدەك ئالدىرىماي سۆزلەشكەچ گەپنى ئوچۇق قىلىشىۋېتەيلى.

مەن رۇم ھارىقىنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا ئۇلار تاماق شىرەسىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ بولغانىدى. قارا ئىت ئىشىككە يېقىن ئولتۇرغان بولۇپ، كاپىتاننىڭ چېكىنىش يولىنى

توسىغاندەك ھەم شۇنداقلا ئۆزىگە چىقىش يولى قويۇپ قويغاندەك قىلاتتى. مېنىڭچە قارا ئىتنىڭ ئويى شۇ.

قارا ئىت مېنى ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىشنى ھەم ئىشىكنى ياپماسلىقنى جېكىلىدى. بۇنداق بولغاندا ھەممىنى ئوچۇق كۆرۈپ تۇرالايتتىم. مەن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ سىرتقا قۇلاق سالدىم.

دەسلىپىدە ئىككىسىنىڭ پەس ئاۋازدا بىر نېمە توغرۇلۇق تالاش- تارتىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. كېيىن ئۇلارنىڭ جېدەللى بارغانسېرى يوغىناشقا باشلىدى. كاپىتان ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرايتتى:

ــقۇرۇق گەپنى ئاز قىل، مېنىڭ دېيدىغىنىم شۇ، ئۆلسەك تەڭ ئۆلىمىز!

بىردەمدىن كېيىن سىرتتا قورقۇنچلۇق تىللىشىشلار، كەينىگە ئۇلىنىپلا پىچاقنىڭ بىر- بىرىگە ئۇرۇلغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئېچىنىشلىق چىرقىراشتىن كېيىن قارا ئىت ئىشىككە قاراپ يۈگۈردى، ئۇنىڭ سول مۈرىسىدىن قان ئېقىۋاتاتتى. كاپىتان پىچىقىنى كۆتۈرگىنىچە قوغلاپ بېرىپ ئىشىك تۈۋىدە قارا ئىتقا پىچاق ئۇردى. ھېلىمۇ ياخشى مېھمانسارايىنىڭ ۋىۋىسكىسى ئۇنى توسۇپ قالدى، بولمىسا قارا ئىت قاپ بېلىدىن ئىككى پارچە بولۇپ كېتەر ئىدى.

گەرچە قارا ئىت يارىلانغان بولسىمۇ ناھايىتى تېز يۈگۈرۈپ يېرىم مىنۇتقا بارمايلا تاغ كەينىگە ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. كاپىتان ۋىۋىسكىغا تىكىلىپ بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن بۇرۇلۇپ ئۆيگە كىردى. كىرىپلا غۇدۇردىدى:

ــھاراق، تېز ھاراق ئەكەل.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ غالداڭشىپ كەتتى-دە، شىرەگە تايىنىپ يىقىلىپ كېتىشتىن ئۆزىنى ئاران توختىتىۋالدى.

ــيارىلاندىڭىزمۇ؟ ــ دېدىم مەن قورقۇمسىراپ.

ــھاراق، ــ دېدى ئۇ ۋارقىراپ، ــتېز ماڭا ھاراق ئەكېلىپ بەر.

مەن دەرھال بېرىپ ھاراق ئېلىپ كەلدىم. ئۇزاق ئۆتمەيلا مېھمانخانىدىن چىرقىراق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن يۈگۈرگىنىمچە بېرىپ كاپىتاننىڭ يەردە دۈم ياتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇ چاغدا ئاپاممۇ بايىقى قىيا-چىيانى ئاڭلاپ يۈگۈرگىنىچە پەسكە چۈشكەندى. ئىككىمىز كاپىتاننى يۆلەپ ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چىڭ يۇمۇلۇپ، چىرايىنىڭ قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرگەنلىكىنى كۆردۇق.

ئىككىمىز دەماللىققا نېمە قىلىشنى بىلەلمەيلا قالدۇق. مەن ئامالسىز ھاراقنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قۇيماقچى بولدۇم. ئەمما، ئۇنىڭ چىشلىرى چىڭ كىرىشىپ، ئېغىزى مەھكەم ئېتىلىپ

قالغانىدى. بۇ چاغدا ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلىپ لىۋېس دوختۇر كىرىپ كەلدى. ئۇ دادامنىڭ كېسىلىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەنىدى. بىز قۇتقۇزغۇچىنى تاپقاندەك خۇشال بولۇپ كەتتۇق.

— دوختۇر، تېز كىلىپ كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدىم مەن ۋارقىراپ،

—بۇ ئادەم يارىلىنىپتۇ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەيلا قالدۇق.

دوختۇر بىر قۇر كۆرگەندىن كېيىن كاپىتاننىڭ يارىلانمىغانلىقىنى، بەلكى سەكتە بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. دوختۇر ماڭا بىر داس ئېلىپ كېلىشىمنى ئېيتتى. مەن قايتىپ كەلگەندە دوختۇر كاپىتاننىڭ يېڭنى يىرتىپ تاشلاپ، ئالا-بۇلماچ بەلگە چېكىلىپ كۆكىرىپ كەتكەن بىلىكىنى چىقىرىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ بىلىكىگە «بەخت يۇلتۇزى»، «ئاق يول تىلەش»، «بىل بونېسقا مۇھەببەت»دېگەندەك نۇرغۇن خەت چېكىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ مۈرىسىگە يەنە بىر پارچە رەسىم چېكىلگەن بولۇپ، رەسىمدە بىر ئادەمنىڭ دارغا ئېسىلۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئىدى. مەن بۇ رەسىملەرنى چەككەن كىشىنىڭ بىر سەنئەتكار ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم.

دوختۇر ماڭا داسنى تۇتقۇزۇپ ئوپېراتسىيە پىچىقى بىلەن كاپىتاننىڭ تومۇرىنى كېسىپ قېنىنى ئاققۇزۇشقا باشلىدى. خېلى كۆپ قان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، كاپىتان ئاخىرى كۆزىنى ئېچىپ تۆت ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدى. كۆز ئالدىدىكى دوختۇرنى تونۇپ قاپىقىنى تۈرگىنىچە ماڭا قارىدى. ئاندىن چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى.

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ چىرايى باشقىچىلا ئۆزگىرىپ ۋارقىرىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇشقا تىركەشتى.

—قارا ئىت قېنى؟

—نېمە قارا ئىت؟ — دېدى دوختۇر، — ھاراقنى بەك كۆپ ئىچىۋالغاچقا سەكتە بولۇپ قاپسەن. نەسىھەتىمگە قۇلاق سېلىپ ھاراقنى تاشلا. بولمىسا پاتلا جېنىڭدىن ئايرىلىسەن .

ئىككىمىز خېلى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ ئاندىن ئۇنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ كارىۋاتقا ياتقۇزدۇق. ئاندىن مەن دوختۇرنى باشلاپ دادامنىڭ قېشىغا ماڭدىم.

—ئەمدى ئاۋارىچىلىق تاپالمايدۇ،—دېدى دوختۇر كاپىتاننىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىۋېتىپ پەس ئاۋازدا، —ئۇنىڭ قېنى خېلى كۆپ چىقىپ كەتتى، بىرەر ھەپتىگىچە ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. بۇ ھەر ئىككىڭلارغا پايدىلىق. ئۇ يەنە سەكتە بولۇپ قالسا جېنىدىن ئايرىلىدۇ.

## ئۈچىنچى باب قارا پۆتۈك

چۈش ۋاقتىدا مەن بىر ئاز ئىچىملىك بىلەن دورا ئېلىپ كاپىتاننىڭ قېشىغا كىردىم. ئۇ بۇرۇنقىدەكلا كارىۋاتتا ياتاتتى. ياستۇقنى سەل ئېگىز قويۇۋالغان بولۇپ تولىمۇ زەئىپ كۆرۈنەتتى .

ــجىم، سەن بۇ يەردىكى بىردىنبىر ئىشەنچلىك ئادىمىم، ــدېدى ئۇ ناھايىتى كۈچەپ تۇرۇپ، ــ بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان سېنى زىيان تارتقۇزمىدىم. ساڭا ھەر ئايدا تۆت پېنىنى كۈمۈش پۇل بەردىم، ئېسىڭدىمۇ؟ ئەمدى مەن يىقىلىپ قالدىم. سېنىڭدىن باشقا ماڭا قارايدىغان ئادەم يوق. سېنىڭدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا بىر رومكا رۇم ھارىقى ئەكېلىپ بەر، كىچىك بىر رومكا بولسىلا بولىدۇ. ئۆتۈنۈپ قالاي، سۆيۈملۈك كىچىك جىم.

مەن دوختۇرنىڭ گېپىنى تىلغا ئېلىشىمغا ئۇنىڭ كەيپىياتى تۇراقسىزلىشىپ ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللاپ كەتتى.

ــئاۋۇ پوق يېگەن دوختۇر بىز ماتروسلارنى ئازاراقمۇ چۈشەنمەيدۇ، ــ دېدى ئۇ،ــمەن ھاۋاسى ۋاراقشىپ قايناۋاتقان مايدەك ئىسسىق جايلارغا بارغاندا، ماتروسلارنىڭ ھەممىسى سېرىق قىزىتما كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ بىر-بىرلەپ يىقىلدى. مەن يەر تەۋرەشنىمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، يەر گويا دېڭىز دولقۇنىدەك يوقىرى-تۆۋەن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ھېلىقى دوختۇر ئۇ يەرلەرگە بېرىپ باققانمۇ؟ ئۇ ھېچنېمە بىلمەيدۇ. بىز دېڭىزچىلار رۇم ھارىقىغا تايىنىپ جېنىمىزنى ساقلايمىز. ماڭا نىسبەتەن ھاراق قۇياش نۇرى بىلەن ھاۋاغا ئوخشاش، بىر كۈن كەم بولۇپ قالسىمۇ بولمايدۇ .ھاراق بولمىسا مەن بوران-چاپقۇندا ۋەيران بولۇپ قىرغاققا چىقىپ قالغان ئەبجەش كېمىگە ئوخشاپ قالىمەن. ھاراق بولمىسا مېنىڭ جېنىم دوختۇر ئىككىڭلارنىڭ قولىدا نابۇت بولىدۇ .

ئارقىدىنلا ئۇ يەنە بىر ھازا تىللىدى. ئاندىن دېدى:

ــجىم، قولۇمغا قارا، توختىماي تىترەۋاتىدۇ. قولۇمنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز قېلىۋاتىمەن. بۈگۈن مەن بىر تامچىمۇ ھاراق ئىچمىدىم. دوختۇر دېگەن ئەبلەخنىڭ گېپىگە ئىشەنمە، تېز بېرىپ بىر رومكا ھاراق ئېلىپ كەل.

ئۇ مېنىڭ ئىنچىكىلا ماڭمىغانلىقىمنى كۆرۈپ يالۋۇرغان تەلەپپۇزدا دېدى:

ــسېنىڭدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا بىر رومكا ھاراق بەرگىن، ھاراق ئەكېلىپ بەرسەڭ مەن ساڭا بىر ئالتۇن تەڭگە بېرىمەن، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ناۋادا رۇم ھارىقى بولمىسا ھازىرلا كېسىلىم قوزغىلىپ قالىدۇ. كېسىلىم قوزغالسىلا ئۆزۈمنى باشقۇرالماي ۋارقىراپ-جارقىراپ غەلىۋە قىلىپ، نەرسە-كېرەكلەرنى بۇزۇپ قويىمەن. بىلدىڭمۇ؟

مەن ئۇنىڭ راستىنلا شۇنداق قىلىپ دادامنى چۆچۈتۈۋېتىشىدىن ئەنسىرىدىم، چۈنكى دادامنىڭ كېسىلى جىمجىتلىققا موھتاج ئىدى. يەنە كېلىپ كاپىتان ھاراق كۆتۈرۈشلۈك بولۇپ،

كىچىك بىرەر رومكا ئۇنىڭغا كار قىلىپمۇ كەتمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا بىر رومكا رۇم ھارىقى ئېلىپ كەلدىم .

ھاراقنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى، قولۇمدىن ھاراقنى ئېلىپ بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى.

ــئۇھ، ئەمدى كۆپ ياخشى بولۇپ قالدىم. شاكىچىك، دوختۇر مېنى قانچىلىك ۋاقىت ياتىدۇ، دەيدۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ.

ــئاز دېگەندە بىر ھەپتە، ــ دېدىم مەن.

ــبىر ھەپتە! ــ دەپ غوۋغا قىلدى ئۇ، ــبىر ھەپتىگە قالمايلا ئۇلار ماڭا قارا پۈتۈك ئەكېلىپ بېرىشىدۇ.ئۇلار ھەممىلا يەردە مېنى تىك-تىڭلاپ ماڭا تەۋە نەرسىنى ئەكەتمەكچى بولۇشۇۋاتىدۇ. ئۇخلاپ چۈشى، مەن كەتسەملا ئۇلار ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ .

ئۇ بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ كارىۋاتتا ئولتۇرماقچى بولۇپ زىيادە كۈچىنىپ ئىككى قولى بىلەن مۈرەمنى تۇتۇپ ئاغرىتىۋەتتى. قاتتىق ئاغرىقتىن كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتكىلى قىل قالدى. ئاخىرى ئۇ كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇردى. مەن ئۇنى يۆلىمەكچى بولۇشۇمغا ئۇ يەنە كارىۋاتقا يىقىلىپ مىدىرلىماي يېتىپ قالدى. خېلىدىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ ئېغزى گەپكە كەلدى؛

ــجىم، ھېلىقى ماتروس بۈگۈن كەلگەنمۇ؟

ــقارا ئىتنى دەمسىز؟ ــ دەپ سورىدىم مەن.

ــشۇنداق،ــ دېدى ئۇ، ــ بۇ خۇمپەر مېنىڭ چامادانىمنى بۇلىغىلى كەلگەن. جىم، مۇبادا ئۇ ماڭا قارا پۈتۈك ئەكەلگەندە مەن قېچىپ كېتەلمىسەم، سەن بېرىپ ھېلىقى لىۋېس دېگەن ئۆلگۈر دوختۇرنى تاپ. ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى بارلىق ئامانلىق ساقلاش خادىملىرىنى توپلاپ قېرى فلىنتنى بىراقلا تۇتسۇن. مەن ئىلگىرى فلىنت دېگەن قېرى كاپىتاننىڭ ياردەمچىسى ئىدىم، ئۇ يەرنى پەقەت مەنلا بىلىمەن. ماڭا بىرەر ئىش بولۇشتىن ئىلگىرى ياكى سەن ھېلىقى قولى ناكا ماتروس بىلەن توكۇر ماتروستىن ئىككىسىدىن بىرسىنى بايقاشتىن ئاۋۋال دوختۇرنىڭ يېنىغا بارماي تۇر. ئېسىڭدە بولسۇن، بىر پۇتلۇق توكۇر ئالاھىدە ئېھتىيات قىل.

ــ قارا پۈتۈك دېگەن قانداق نەرسە، كاپىتان؟

ــ قارا پۈتۈك دېگەن ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم. ناۋادا ئۇلار ئېلىپ كەلسە ساڭا كۆرسىتىمەن. جىم، مۇشۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كەتسەك، مەن بايلىقىمنىڭ يېرىمىنى ساڭا بۆلۈپ بېرىمەن، گېپىم گەپ.

كاپىتان گېپىنى تۈگىتىپ غۇدۇرغىلى تۇردى، ئاۋازى بارغانسېرى پەسلەپ كەتتى. ئۇنىڭغا بىرئاز دورا ئىچكۈزدۈم .ئۇ دورىنى ئىچىپ بولۇپ:

ــمەن بىردىنبىر دورا ئىچىشكە موھتاج  دېگىنىزچى، ــ دەپ غۇدۇراپ قويۇپ ئۇخلاپ قالدى. مەنمۇ چىقىپ كەتتىم.

شۇ ئاخشىمى بىچارە دادام تۇيۇقسىز بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى .مەن قاتتىق ئازابقا بەرداشلىق بېرىپ بىر ياقتىن دادامنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلسام، يەنە بىر ياقتىن سارايىنىڭ تىجارىتىنى يۈرۈشتۈردۈم. بۇ ئالدىراشچىلىقلاردا كاپىتاننىڭ ئىشىنى ئويلاشقا چولام يەتمىدى .

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە  ئويلىمىغان يەردىن كاپىتان ئۆزى  پەسكە چۈشۈپ ئىلگىرىكىدەك ئەتىگەنلىك تاماق يېدى. ئەمما كۆپ يېمىدى، رۇم ھارىقىنى بولسا خېلى كۆپ ئىچىۋالدى. ئۇ ئۇدۇللا ھاراق ئېلىپ ئىچتى، ئۇنى  توسۇشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. كاپىتاننىڭ تېنى كۈنسېرى ئاجىزلاپ، ماڭسا تامغا تايىنىدىغان، نەپەسمۇ ئۈزۈلۈپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. مىجەزى بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ جىسمى ئاجىزلاپ  كەتكەن بولسىمۇ بىز يەنىلا ئۇنىڭدىن قورقاتتۇق. ئۇنىڭدىن قورقمايدىغان لىۋىس دوختۇر بولسا دادام قازا قىلغاندىن كېيىن بۇ يەرگە كېلىپ باقمىدى .

كاپىتان ئىچىپ مەست بولغاندىن كېيىن ھەمىشە پىچىقىنى چىقىرىپ شىرەگە ئۈستىگە قويۇپ قويۇشقا ئامراق. بۇ ھەممىمىزنى ۋەھىمىگە سالاتتى. ئۇ ئىلگىرىكىگە پەقەت ئوخشىمايتتى، دائىم ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ بىر نېمىلەرنى خىيال قىلاتتى. بىزنى ھەممىدىن ھەيران قالدۇرغىنى ئۇ ھېلىقى قوپال دېڭىزچىلار مارشىنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا بىر يېزا ناخشىسىنى ئېيتىپ يۈردى. مېنىڭچە ئۇ، بۇ ناخشىنى كىچىكىدىنلا بىلەتتى.

دادام دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىنكى بىر تۇمانلىق كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ ئەتراپىدا مەن ساراي ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ دادامنى ياد ئېتىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز، بىر كىشىنىڭ بۇ يەرگە ئۇدۇل كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ قارىغۇ بولسا كېرەك قولىدىكى ھاسىسى بىلەن يولنى ئىلغاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ناھايىتى كونىراپ كەتكەن ماتروسلار كىيىمى كىيىۋالغان، قىياپىتى بەتبەشرە بولۇپ، مەن ئەزەلدىن مۇنداق يىرگىنچلىك ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇ ساراي ئالدىدا توختاپ ۋارقىرىدى:

ــقايسى ياخشى نىيەتلىك كىشى ماڭا بۇ يەرنىڭ قەيەرلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ؟

ــ ئەپەندىم، بۇ يەر چېرنى قولتۇقىدىكى ئادمىرال بېنبوۋ مېھمانسارىيى، ــ دېدىم مەن.

ــياخشى نىيەتلىك يىگىت، مېنى باشلاپ كىرەلەمسىز؟ ــ دېدى ئۇ ئۆتۈنۈش مەنىسىدە مۇلايىملىق بىلەن .

مەن قولۇمنى سوزۇپ ئۇنى سارايغا باشلىماقچى بولدۇم. كىم بىلسۇن، ئۇ شۇئانلا ئامبۇردەك قوللىرى بىلەن مېنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. قورققىنىمدىن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن يۇلقۇنۇپ چىقىشقا تىرىكەشتىم. ئەمما ھېلىقى قارىغۇ ئازراقلا كۈچەپ مېنى يېنىغا تارتىپ ئاپاردى.

ــمېنى باشلاپ كاپىتاننىڭ يېنىغا ئاپار، بولمىسا بىلىكىڭنى تولغاپ ئۈزۈۋېتىمەن، ــ دېدى ئۇ ماڭا زەھەرخەندىلىك بىلەن تەھدىت سېلىپ.

ــئەپەندىم، كاپىتان بىر قورقۇنچلۇق ئادەم، ئۇ ئولتۇرسىمۇ پىچىقىنى كۆزىدىن نېرى قىلمايدۇ، مەن ...

ــقۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ مېنى تېز باشلا. مۇبادا ئۇ مېنى كۆرسە ئۇنىڭغا«بىل، كونا دوستۇڭ كەپتۇ» دېگىن. بولمىسا مەن شۇنداقلا قىلىپ ــ ...ئۇ سۆزلىگەچ قولۇمنى بىرلا قايرىۋىدى، ئاغرىقتىن ئايلىنىپ كەتكىلى تاس قالدىم.

مەن ئامالسىز سارايىنىڭ ئىشىكىنى ئىتتىرىپ ئېچىپ تىترەپ تۇرغان ئاۋازىم بىلەن كاپىتانغا قاراپ ۋارقىرىدىم:

ــبىل، كونا دوستىڭىز كەپتۇ.

كاپىتان بۇ چاغدا مەستلىكتىن تولۇق يېشىلگەنىدى. ئۇ تۆمۈر رەڭگىدىكى يۈزىنى بۇراپ قارىغۇغا مىقتەك تىكىلدى. ئورنىدىن تۇرۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ قىلالمىدى. قارىغۇ ماڭا كاپىتاننىڭ ئالدىغا بېرىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئاندىن بىر نەرسە چىقىرىپ كاپىتاننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. كاپىتان ئۇ نەرسىنى ئېلىپ مەھكەم قامااللىدى.

ــبولدى، ئىش تۈگىدى، ــ دېدى قارىغۇ. ئۇ شۇنداق دېگەچ قولۇمنى تۇيۇقسىز قويۇۋەتتى-دە، ھاسىسىنى ئەپچىللىك بىلەن ئوينىتىپ سارايدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن كاپىتان ئىككىمىز ئاندىن ئېسىمىزنى يىغدۇق. كاپىتان ئالقىنىدىكى نەرسىگە تېزلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتتى:

ــسائەت ئون، ــ دېدى ئۇ ۋارقىراپ، ــ يەنە ئالتە سائەت ۋاقىت بار، بىز ئۇلارغا تاقابىل تۇرالايمىز.

كاپىتان تېخى مۇقىم تۇرمايلا تۇيۇقسىز گەۋدىسى سىلكىندى-دە، بىر قولى بىلەن گېلىنى مەھكەم بوغۇپ، غەلىتە چىرقىراق ئاۋاز چىقاردى، ئاندىن يەرگە گۈپپىدە يىقىلىپ مىڭىسىگە قان قۇيۇلۇپ ئۆلدى. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدا ئىككىنچى قېتىم ئۆلۈم بىلەن ئۇچرىشىشىم ئىدى. گەرچە كاپىتاندىن بىزار بولسامۇ ئەمما بۇ تاساددىپىي ئىشقا بەرداشلىق بېرەلمەي كۆز ياشلىرىم يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

## تۆتىنچى باب كاپىتاننىڭ چامادانى

كاپىتاننىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مەن خەۋەردار ئىشلىرىنى ئانامغا ئېيتتىم. ئانامنىڭ دېيىشىچە، كاپىتان بىزگە خېلى كۆپ ئىجارە ھەققى قەرز بولۇپ قاپتۇ. ناۋادا ئۇ پۇل قالدۇرغان بولسا بىر قىسمىنى ئېلىۋېلىش ھوقۇقىمىز بار ئىكەن. بولمىسا كاپىتاننىڭ ھەمراھلىرى بۇ ئىشلارغا پەرۋا قىلىپمۇ قويماي ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسىنى ئېلىپ كېتەتتى. يەردە ياتقان جەسەتكە قاراپ، ھېلىقى قارىغۇنىڭ ھامان كېلىدىغانلىقى يادىمغا يېتىپ ئانام ئىككىمىزنى ۋەھىمە باستى. كاپىتان ئىلگىرى دوختۇر لىۋېسنى ئىزدەپ ياردەم تەلەپ قىلىڭلار، دېگەنىدى. شۇنىسى ئانامنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ سىرتقا چىقىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى .

ئەھۋالدىن قارىغاندا ئىككىمىز سارايدا قالساق بولمايدىغاندەك قىلاتتى. سارايدىكى ئانچىكى ئاۋازمۇ بىزنى قاتتىق ساراسىمىگە سالاتتى. شۇڭا، ھايال بولمايلا يېقىن ئەتراپتىكى كەنتكە بېرىپ ياردەم تەلەپ قىلىش قارارىغا كەلدۇق.

بىز بارماقچى بولغان كەنت پەقەت بىر نەچچە يۈز يارد (بىر يارد تەخمىنەن بىر مېتىر، تەرجىماندىن) يىراقلىقتا ئىدى. بۇ كەنت قوشنا دېڭىز قولتۇقىنىڭ يەنە بىر يېقىدا بولۇپ قارىغۇ كەلگەن يولنىڭ دەل قارشى يۆلىنىشىدە ئىدى. بىز كەنتكە كەلگەندە گۇگۇم پەردىسى يېيىلىشقا باشلىدى. يىراقتىن سارغۇچ يىنىۋاتقان چىراغ يورۇقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتۇق . ئەپسۇس، بىز سارايدا بولغان ئىشلارنى بۇ يەردىكى كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن بىرەرمۇ كىشى بىز بىلەن بىللە ئادمىرال بېنبوۋ مېھمانسارىيىغا بېرىشقا قوشۇلمىدى. نېمە سەۋەبتىنكىن، مەن كاپىتان فلىنتنى تىلغا ئالسىلا ئۇلار قاتتىق ئالاقزادە بولۇشۇپ كېتەتتى. بىر يىگىت ئاتلىق بېرىپ دوختۇر لىۋېسقا دوكلات قىلىشقا قوشۇلغاندىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى بىز بىلەن سارايغا بېرىشقا كۆنمىدى

ھېچكىم بىللە بېرىشقا قوشۇلمىغاچقا ئانام قايتىپ بېرىپ كاپىتان قالدۇرغان چامادانىنى ئېچىپ بىزگە تەئەللۇق نەرسىنى ئېلىۋېلىش خىيالىغا كەلدى .

ــبېرىشقا جۈرئەت قىلالمىساڭلار، ــدېدى ئۇ، ــسىلەرنى ئاۋارە قىلمايمەن. سىلەر شۇنچە كۆچتۈڭگۈر بولغىنىڭلار بىلەن توخۇ يۈرەك ئىكەنسىلەر. مەن جىم بىلەن قايتىپ كېتىمەن .ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ ھېلىقى چامادانىنى ئېچىپ ئۆزىمىزگە تەئەللۇق نەرسىنى ئېلىۋالىمىز. كىروسلىبي خانىم، سومكىڭىزنى ئارىيەتكە بېرىپ تۇرالامسىز؟

مەنمۇ ئانام بىلەن قايتىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. كېتىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ كەنتتىكىلەر بىزنى توسىماقچى بولۇشتى. ئەمما، ئانام ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرىگە پىسەنتمۇ قىلىپ قويمىدى . ئاخىرىدا ئۇلار قوغدىنىشىمىز ئۈچۈن بىزگە ئوقلانغان بىر مىلتىق ۋە يەنە ئىككى ئات بەردى.

بىز سارايغا قاراپ يولغا چىقتۇق. يۈرىكىم قەپىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك سوقۇۋاتاتتى. مەن سارايغا قايتىپ ئىشكنى ئىچىدىن تاقىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن يىنىك نەپەس ئالدىم. ساراي ئىچى قاراڭغۇ بولۇپ،كاپىتاننىڭ جەسىتى بۇرۇنقى ئورنىدا تۇراتتى. ئانام هاراق ساقلاش ئۆيىدىن بىر تال شام تېپىپ كەلدى. بىز شامنى ياندۇرۇپ مېھمانخانىغا قاراپ ماڭدۇق. ئانام مېنى پەنجىرىنى تاقىۋەتكەندىن كېيىن كاپىتاننىڭ يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى .

ــ ئاچقۇچ چوقۇم ئۇنىڭ يانچۇقىدا، ئالدى بىلەن ئاچقۇچنى تاپايلى، مېنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقۇم يوق، ــ دېدى ئانام. ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئەلەم ھېس قىلدى بولغاي ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى.

مەن دەرھال كاپىتاننىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئانچە يىراق بولمىغان يەردە تۇرغان باغاقچىنى بايقىدىم. باغاقچىنىڭ بىر تەرىپى قارا رەڭدە بويالغان بولۇپ، بۇ چوقۇم قارا پۈتۈك ئىدى. مەن باغاقچىنى قولۇمغا ئېلىپ يەنە بىر تەرىپىگە ‹‹بۈگۈن كەچ سائەت ئوندا ئەڭ ئاخىرقى مۆھلەت توشىدۇ›› دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆردۈم .

بۇ چاغدا ئۆيدىكى ئۈستەل سائىتى جىرىڭلاپ ئانام ئىككىمىزنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى. سائەت ئالتە قېتىم جىرىڭلاپ توختاپ قالدى. بۇ بىزنىڭ يەنە ۋاقتىمىز بارلىقىنى بىلدۈرەتتى. مەن كاپىتاننىڭ يانچۇقلىرىنى بىرمۇ بىر قۇر ئۆرۈپ، بارى-يوق نەچچە تال كۆمۈش تەڭگە، بىر ئېگىرى ساپلىق قەلەمتىراچ، بىر يانچۇق كومپاس، چوڭ بىر نەچچە تال يىپ-يىڭنە تاپتىم، لېكىن، ئاچقۇچنى تاپالمىدىم.

بۇ چاغدا ئانام ئۇنىڭ بويىنىغا قاراپ بېقىشىمنى ئېيتتى .گەرچە قاڭسىق پۇراقتىن ھۆ بولۇپ تۇرساممۇ ئانامنىڭ دېگىنى بويىچە كاپىتاننىڭ ياقىسىنى قايرىپ قارىدىم. دەرۋەقە، ئۇنىڭ بوينىدا ئىنچىكە شوينىغان ئېسىلغان بىر ئاچقۇچ تۇراتتى. مەن قەلەمتىراچ بىلەن شوينىنى كېسىپ تاشلاپ ئاچقۇچنى قولۇمغا ئالدىم. بىز قىلچە تەمتىرىمەي ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كاپىتان تۇرغان ئۆيگە كىرىپ چامادانىنى ئاچماقچى بولدۇق. بۇ چامادان ئۆيگە ئېلىپ كېلىنگەن كۈندىن باشلاپ ئورنىدىن يۆتكىلىپ باقمىغانىدى.

بۇ چامادانمۇ باشقا ماتروسلارنىڭ چامادانلىرىغا ئوخشاش ئۈستىگە داغمال بىلەن يوغان قىلىپ ‹‹B›› دېگەن ھەرپ كۆيدۈرۈپ يېزىلغانىكەن. ئېنىقكى بۇ كاپىتاننىڭ ئىسمىنىڭ بىرىنچى ھەرپى ئىدى .چامادان خېلىلا كونىرىغان بولۇپ، بۇرجەكلىرىمۇ تىتىلىپ كەتكەنىكەن.

ئانام ئاچقۇچ بىلەن چامادانىنى ئاچتى .شۇئانلا قاڭسىق كۆك تاماكا پۇرىقى بىلەن ماي قەغىزنىڭ ھىدى دىماغقا ئۇرۇلدى. چامادان ئىككى قەۋەت بولۇپ، ئۈستۈنكى قەۋىتىگە پاكىز يۆيۈلگان كىيىملەر رەتلىك قاتلىنىپ سېلىنىپتۇ. ئاستىنقى قەۋەتتە تۆرلۈك نەرسىلەر، يەنى بىر دانە ئالتىمپىتر، بىر قەلەي رومكا، بىر يامبۇ، بىر دانە ئىسپانىيە يانچۇق سائىتى، مىستىن قاپلانغان كومپاس ۋە بىر قىسىم پۇلغا يارىمايدىغان زىننەت بۇيۇملىرى سېلىنغانىكەن . ئۇنىڭدىن باشقا بەش-ئالتە تال ھىندى ئوكيانىنىڭ غەربىدىن چىقىدىغان چىرايلىق قولۇلە قېپى بار ئىدى .

چامادانىنىڭ تېگىدە كونىراپ كەتكەن بىر دېڭىزچىلار كىيىمى بار بولۇپ، ئانام تىتىلدىغىنىچە كىيىمنى تارتىپ چىقاردى. بۇ چاغدا بىز مايلىق قەغەزگە يۆگەلگەن رەسىملىك كىتابقا ئوخشاپ قالىدىغان بىر نەرسىنى بايقىدۇق .يەنە بىر لاتا ھەميانمۇ بار بولۇپ، تۇتقاندا تەڭگىنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى كېلەتتى.

ئانام ھەميانىنى ئېچىۋىدى، ئىچىدىن بىر نەچچە دۆلەتنىڭ ئالتۇن تەڭگىسى چىقتى. ئۇنىڭ ئىچىدە فىرانسىيە، ئەنگلىيە، يەنە ئىسپانىيىنىڭ ئالتۇن پۇللىرى بار ئىدى. بەزىلىرىنى مەنمۇ تونۇمايتتىم .ئانام دەرھال كاپىتان قەرز بولۇپ قالغان پۇلنى ھېسابلاشقا باشلىدى. ئۇ پەقەت ئۆزىمىزگە تەۋە پۇلنى ئېلىۋېلىشنى ئويلايتتى .بىز ھېسابلاپ يېرىمىغا كەلگەن چاغدا، تۇيۇقسىز سىرتتىن ھاسىنىڭ تورۇكلىغان ئاۋازى كەلدى. بۇ ئاۋاز ئانام ئىككىمىزنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى .ئارقىدىنلا ئىشىك ئۇرۇلغان، تۇتقۇچ بۇرالغان ۋە ئىتتىرىلگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى، دېمەك، ھېلىقى قارىغۇ ئۆيگە كىرمەكچى بولۇۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۆينىڭ ئىچى-سىرتى تىنجىپ قالدى. ھاسا ئاۋازى قايتا ياڭراپ بارغانسېرى يىراقلاپ ئاخىرى غايىب بولدى .

—ئانا، پۇللارنى ئېلىپ دەرھال كېتەيلى، —دېدىم مەن.

ئانام گەرچە قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، قىلچىلىك تەمتىرىمەي ئۆزىمىزگە تەۋە قىسمىنىلا ئالدى. مەن بۇ توغرۇلۇق ئانام بىلەن تالىشىۋاتقان چاغدا، تۇيۇقسىز يىراقتىكى تاغدىن يېنىك ئىسقىرتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال توختىدۇق.

—مەن ساناپ بولغان پۇللارنى ئېلىپ ماڭىمەن! — دېدى ئانام ئالدىراش ئورنىدىن تۇرۇپ.

—بۇ بولاق قېپ قالغان قىسمىغا ھېساب بولسۇن، — دېدىم مايلىشىپ كەتكەن بولاقنى قولۇمغا ئېلىپ.

بىز شامنى ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي تىمىسقىلىغىنىمىزچە پەسكە چۈشتۇق-دە، دەرۋازىنى ئېچىپ سىرتقا قاراپ يۈگۈردۇق. قويۇق تۇمان تارقىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئايئاق ئاي نۇرى ئەتراپنى يورۇتقان ئىدى .كەنتكە بېرىشقا يولنىڭ يېرىمى قالغاندا بىز تاپۇر-تۇپۇر يۈگۈرۈپ

كېلىۋاتقان ئاياق تاۋۇشىنى ئاڭلىدۇق ھەم كەينىمىزگە قاراپ بىر چىراغنىڭ ئالدى-كەينىگە پولاڭشىغىنىچە بىزگە قاراپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق .

ـــ مەن ھېرىپ قالدىم، سەن پۇلنى ئېلىپ تېز يۈگۈر، ـــ دېدى ئانام .

ئەمدى تۇگەشكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. بۇ چاغدا بىز كىچىك بىر كۆۋرۈككە يېقىنلاشقان ئىدۇق .مەن ئانامنى يۆلەپ دەريا بويىغا كەلدىم .غايىبتىن كەلگەن بىر كۈچنىڭ قۇدرىتىدە ئانامنى يۆلەپ-سۆرەشتۈرگىنىمچە دەريا بويىغا كەلدىم ھەم كۆۋرۈك ئاستىغا يوشۇرۇندۇق .مېھمانسارايى تەرەپتىن كەلگەن ئاۋاز قۇلىقىمىزغا ئاڭلىنىۋاتاتتى.

## بەشىنچى باب قارىغۇنىڭ ھالاكىتى

ياش بولغاچقىمىكىن، مېنىڭ قىزىققاقلىقىم ۋەھىمە ئۈستىدىن غالىب كەلدى .كۆۋرۈك ئاستىدا تۇرۇۋېرىشنى خالىماي ئۆمىلەپ قىرغاققا چىقتىم .بىر توپ ستىرۇس چاتقىلىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ، مېھمانسارايى تەرەپكە نەزەر سالدىم .ئەمدىلا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشۇمغا يەتتە-سەككىز ئادەمنىڭ چوڭ يولنى بويلاپ ئۇ ياق-بۇ ياققا قارىماي يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم .چىراغ كۆتۈرگەن بىرى ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچى قول تۇتۇشۇپ يۈگۈرۈۋاتاتتى. گەرچە ئەتراپ تۇمان بولسىمۇ ئۈچ ئادەمنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ قارىغۇ ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلالىدىم. ھايال بولمايلا ئۇنىڭ زۇۋانىدىن پەرىزىمنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلدىم .

ـــ ئىشىكنى چېقىپ ئېچىڭلار، ـــ دېدى ئۇ ۋارقىراپ.

ـــ خوپ !

شۇئان ئىككى-ئۈچ كىشى ئادىمىرال بېنبوۋ مېھمانسارىيىنىڭ ئىشىكىگە ئېتىلدى. چىراغ كۆتۈرگىنىمۇ كەينىدىن ئەگەشتى. تۇيۇقسىز ئۇلار دەرۋازىنىڭ يوغان ئېچىقلىقىنى كۆرۈشۈپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىشتى .بىردەمدىن كېيىن قارىغۇ يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يۇقىرىلاپ، ناھايىتى ئاچچىقلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

ـــ تېز ئىچىگە كىرىڭلار، ھۇ سۆرەلمىلەر، ـــ دېدى ئۇ ئېغىزىنى بۇزۇپ ۋارقىراپ.

تۆت-بەش كىشى سارايى ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى، ئىككىسى سىرتتا قارىغۇغا ھەمراھ بولۇپ قالدى. ھايال بولمايلا ئۆيدىن چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

ـــ بىل ئۆلۈپتۇ!

ــ‏ھۇ نان قېپلار، ئىككىڭلار ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇڭلار، قالغىنىڭلار ئۇستىگە چىقىپ ھېلىقى چامادانىنى ئېلىپ چۈشۈڭ!

قارىغۇ بىر تەرەپتىن بۇيرۇق قىلسا، بىر تەرەپتىن كېسىلىپ ۋارقىرايتتى. مەن ھەتتا دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ ئۇستۈنكى قەۋەتكە يۈگۈرۈشۈپ چىقىۋاتقان ئاياق تاۋۇشىنىمۇ ئاڭلاپ تۇردۇم. بۇ ئاۋازلاردىن ساراي ھازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك تىترەيتتى. بىردەمدىن كېيىن يەنە چىرقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى-دە، كاپىتان تۇرغان ئۆينىڭ دېرىزىسى قوپاللىق بىلەن ئېچىلدى، دېرىزە ئەينەكلىرى چېقىلىپ جاراڭشىپ كەتتى .دېرىزىدىن بىرى گەۋدىسىنى چىقىرىپ قارىغۇغا مەلۇم قىلدى:

ــ‏پېۋ، بىز كېچىكىپ قاپتىمىز، ساندۇقنى باشقىلار ئېچىۋېتىپتۇ!

ــ‏ھېلىقى نەرسە بارمىكەن؟ ــ دېدى پېۋ ھۆركىرەپ.

ــ‏پۇل بار ئىكەن .

ــ‏ئەبلەخ، مېنىڭ دېگىنىم ھېلىقى بولاقتىكى نەرسە ــ !دېدى قارىغۇ تىللاپ.

ــ‏تاپالمىدۇق، ــ دېدى ھېلىقى كىشى .

ــ‏پەستىكىلەر، بىلىنىڭ يېنىدا بارمىكەن؟ ــ دەپ ۋارقىرىدى قارىغۇ .

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىرى ئىشىك ئالدىغا كېلىپ دېدى:

ــ‏بىرى بىلىنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ ھېچنېمە قويماپتۇ .

ــ‏سارايدىكىلەر قىلغان گەپ، چوقۇم ھېلىقى بالا. مەن ئۇنىڭ كۆزىنى ئويۇۋالمىسام! ــ دەپ ۋارقىرىدى قارىغۇ پېۋ، ــ ئۇلار بايىلا مۇشۇ يەردە ئىدى، تېخى ئىشىكنى تاقىۋاپتىكەن. بۆلۈنۈپ ئىزدەپ ئۇلارنى تېپىڭلار.

ــ‏ئۇلار يىراققا كېتەلمەيدۇ، ئۇستۈنكى قەۋەتتىكى شام تېخى يېنىقكەن! ــ دېدى دېرىزىدىكى ھېلىقى دېڭىز قاراقچىسى.

ــ‏بۆلۈنۈپ ئىزدەڭلار، ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇڭلار.

قارىغۇ جارقىرايتتى، ھاسىسى بىلەن يولنى توختىماي ئۇراتتى .

مېھمانسارايدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى .دېڭىز قاراقچىلىرى ياۋايىلارچە ئىزدەشنى باشلىۋەتتى. ئۇلار ئائىلە جابدۇقلىرىنى ئۇرۇپ چاقاتتى، ئىشىكلەرنى زەرپ بىلەن تېپەتتى، بۇ ئاۋازلار تاغ جىلغىسىدا ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى .ئاخىرى ئۇلار بىزنى تاپالماي يېنىپ چىقىشتى ھەم قارىغۇغا دوكلات قىلدى. دەل مۇشۇ چاغدا، قورقۇنۇچلۇق ئىسقىرتىش ئاۋازى يەنە بىر قېتىم كېچە ئاسمىنىنى يېرىپ ئۆتۈپ يىراقلارغا تارقالدى .

ــ‏دىك سىگنال بەردى، ــ دېدى بىر دېڭىز قاراقچىسى، ــ ئىككى قېتىم ئۇن چىقتى، دەرھال چېكىنەيلى .

پېۋ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى:

ــكىم سېنى چېكىن دېدى؟ دىك دېگەن بىر توخۇ يۈرەك، كارىڭ بولمىسۇن، دەرھال ھېلىقى بىر نېمىنى تېپىڭلار!

قاراقچىلاردىن پەقەت ئىككىسىلا ئۆرۈپ-چېقىلغان ساراي ئىچىدە تىمىسقىلاپ بىر نەرسە ئىزدەشكە باشلىدى، قالغانلىرى يولدا مىدىرلىماي جىم تۇرۇۋالدى.

قارغۇ يەنە ئىغىزىنى بۇزۇپ گۇركىرەشكە باشلىدى:

ــدۆت-كالۋالار، ھېلىقى بولاقنى تاپساڭلار بىر ئۆمۈر راھەت-پاراغەتتە ياشايسىلەر. ئۇ نەرسە مۇشۇ يەردىلا، ئۇنى ئىزلىگۈڭلەر كەلمەيۋاتىدۇ. ھۇ نانقىپىلار، مېنىڭدەك قارىغۇدىن باشقىڭلار بىلل بىلەن كۆرۈشۈپ قارا پۇتۇڭ يەتكۈزۈپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدىڭلار . پىلانىمنى بۇزۇۋشتۇڭ !مەن ئەسلى كېرىلىپ يەپ-ئىچىپ، پەيتونغا ئولتۇرۇپ پۇتۇن دۆلەتنى ساياھەت قىلاتتىم. مانا ئەمدى قەلەندەرگە ئوخشاش كۆن بويى رۇم ھارىقىغا تايىنىپ جان ساقلاۋاتىمەن. سىلەردەك يارىماسلارنىڭ پۇت ــ قولى ئازراق چاققان بولسا ھېلىقى ئۆلۈمتۈك شۇمنى تۇتۇۋالغان بولاتتۇق .

دېڭىز قاراقچىلىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بىلەن تىللاشقىلى تۇردى:

ــپېۋ، ئەمدى ۋارقىرىما، بىز خېلى كۆپ ئالتۇن تېپىۋالدۇق، ــ دېدى بىر قاراقچى .

ــھېلىقى باللىنىڭ ئالغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بەلكىم بىلل ئۇ نەرسىنى يوشۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، ــ دېدى يەنە بىر دېڭىز قاراقچىسى، ــ پېۋ، ئەمدى غەلۋە قىلما، سەل تۇرۇپ بىز ساڭا بىر نەچچە ئالتۇن تەڭگە بۆلۈپ بېرەيلى .

پېۋ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى. ھاسىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قارىتىپ دالايدى ھەم ئوڭ-سولغا شىلتىپ بىر نەچچە قاراقچىغا تەگكۈزدى. قاراقچىلار ئۇنىڭ ھاسىسىنى تارتىۋالماقچى بولسىمۇ مۇمكىن بولمىدى .

بۇ ماجىرا بىزنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇشۇۋاتقان چاغدا قوشنا كەنتتىكى تاغ چوققىسىدىن بىر توپ ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا بىرسى ئوق چىقاردى. دېڭىز قاراقچىلىرى ھاپىلا-شاپىلا تەرەپ-تەرەپكە پىتراپ قاچتى. يېرىم مىنۇتتا قالماي قارىغۇدىن باشقا قاراقچىلارنىڭ ھەممىسى كۆزدىن غايىب بولدى. دېڭىز قاراقچىلىرى پېۋنى تاشلاپ قويۇشتى .ئۇ يولدا جىنىنىڭ بارىچە يۈگۈرەيتتى، ۋارقىرايتتى:

ــجوننى، قارا ئىت، دىك ...بۇرادەرلەر، مېنى تاشلاپ قويماڭلار!

ئۇ چۆرگىلەۋېرىپ نىشانى خاتا بىكىتىپ يېنىمدىن ئۆتۈپ كەنت تەرەپكە قاراپ ماڭدى . تۆت-بەش ئاتلىق تاغ باغرىنى بويلاپ چىقىپ كەلدى .ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. شۇ چاغدىلا پېۋ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى تۇيۇپ قاتتىق چىرقىرىدى-دە، بۇرۇلۇپلا

يول بويىدىكى ئېرىققا يۇگۈردى. ئەمما پەسكە دومىلاپ كەتتى. ئۇ ئالدىراش ئۆمىلەپ قوپۇپ قاچماقچى بولغاندا ئىتتىك كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇيىقىغا ئۇسۇۋالدى. تۆت ئات ئۇنى دەسسەپ ئۆتۈپ كەتتى. پېۋ ئېچىنىشلىق ۋارقىراپ يەرگە يىقىلىپ جىم بولۇپ قالدى.

مەن سەكرەپ چىقىپ ئاتلىقلارغا قاراپ ۋارقىرىدىم .ئۇلار ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ توختاتتى .مەن بۇ چاغدا ئۇلارنى تونۇدۇم. ئەترەتنىڭ ئەڭ كەينىدىكىسى دوختۇر لىۋېسقا خەۋەر قىلماقچى بولۇپ ماڭغان ھېلىقى يىگىت، قالغانلار بولسا ئەتكەسچىلەرنى تۇتقۇچى خادىملار ئىدى. ھېلىقى يىگىت يېرىم يولدا ئۇلارغا يولۇقۇپ ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن دەرھال بىز تەرەپكە قاراپ يولغا چىققان ئىكەن. ئەسلى بۇ يەرنىڭ باج ئەمەلدارى دانسې ئەپەندىم كېپىتان دېگىز پورتىدا بىر قاراقچى كېمىسىنى بايقاپ، ئۇلارنى تۇتۇشقا ئادەم باشلاپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن ئانام ئىككىمىز بالا-قازادىن ئامان قالدۇق.

پېۋ ئۆلدى. ئانام قاتتىق قورقۇپ كەتكەن بولسىمۇ چوڭ چاتاق يوق ئىدى. پەقەت ۋاقتىدا ھېساباتنى تۈگىتەلمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلاتتى .

بۇ چاغدا، دانسې ئەپەندىم ئادەملەرنى باشلاپ كېپىتان دېگىز پورتىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار دېگىز بويىغا يېتىپ بارغاندا دېگىز قاراقچىلىرىنىڭ يەلكەنلىك كېمىسى ئالىقاچان قىرغاقتىن ئايرىلغان ئىكەن. دېگىز قاراقچىلىرى كېمىدىن قىرغاققا قارىتىپ ئوق ئېتىپ دانسې ئەپەندىمنىڭ مۇرىسىنى يارىلاندۇرۇشقا قىل قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار قوغلاشنى توختاتتى.

مەن دانسې ئەپەندىمگە ھەمراھ بولۇپ ئادمىرال بېنبوۋ مېھمانسارىيىغا كەلدىم .ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چېقىۋېتىلگەن ئىدى. دېگىز قاراقچىلىرى كاپىتاننىڭ ھەمىيىنى بىلەن سارايى غەللىسىدىكى كۆمۈش پۇلنىلا ئېلىپ باشقا نەرسىنى ئالماپتۇ .خارابىلىققا ئايلانغان سارايغا قاراپ ۋەيران بولغانلىقىمىزنى ھېس قىلدىم .

ــ ئۇلار بىر نەرسە ئىزدىگەندەك قىلىدۇ، ــ دېدى دانسې ئەپەندىم.

ــ ئۇلار ئىزدىگەن نەرسە مېنىڭدە، ــ دېدىم مەن .

ــ شۇنداقمۇ؟ بالام، خالىساڭ بەلكىم ئۇ نەرسىنى سەن ئۈچۈن ساقلاپ بېرىشىم مۇمكىن، ــ دېدى دانسې ئەپەندىم .

ــ مېنىڭچە بۇنى دوختۇر لىۋېسقا تاپشۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك، ــ دېدىم مەن .

ــ دېگىنىڭ توغرا، ــ دېدى دانسې ئەپەندىم، ــ لىۋېس ئەپەندىم بۇ يەرنىڭ ئامانلىق ئەمەلدارى، دۇرۇس ئادەم .خالىساڭ مەن سېنى ئۇنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باراي .

مەن قوشۇلدۇم ھەم دانسې ئەپەندىمگە رەھمىتىمنى بىلدۈردۈم. ئاندىن ئانامنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، بىز ئاتقا مىنىپ كېچە قويندا چوڭ يولنى بويلاپ دوختۇرنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

# ئالتىنچى باب خەرىتە

بىر يىل بويى ئىتمىزنى چاپتۇرغىنىمىزچە ئۇدۇل دوختۇر لىۋىسىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. ئىشىك ئالدى قاراڭغۇ ئىدى .دوختۇرنىڭ خىزمەتكارى بىزگە ئۇنىڭ يېزىدىكى ئەڭ ئابرۇيلۇق مۆتىۋەر ترېلاۋنىينىڭ ئۆيىگە تاماقىقا كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. دوختۇر بىلەن ترېلاۋنىينىڭ ئۆيى يېقىن بولغاچقا ئۇ يەرگە بىردەمدىلا يېتىپ باردۇق .كەلگەنلىكىمىزنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىن بىر خىزمەتكار بىزنى باشلاپ ئۇزۇن كارىدوردىن ئۆتۈپ ئازادە بىر كۇتۇپخانىغا ئېلىپ كەلدى. كۇتۇپخانىنىڭ تۆت ئەتراپى كىتاب ئىشكابى بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئىشكاب ئۈستىگە يېرىم گەۋدىلىك نەچچە دانە ھەيكەل قويۇلغان ئىدى. دوختۇر بىلەن ترېلاۋنىي ئەپەندىم غاڭزىسىنى تۇتقىنىچە تام ئوچاقنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى .

بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم يېقىن ئارىلىقتىن ترېلاۋنىي ئەپەندىمنى كۆرۈشۈم ئىدى. ئۇنىڭ بوي ئېگىزلىكى ئالتە فوت (بىر فوت تەخمىنەن 0.3 مېتىر ـ ت)، گەۋدىسى قامەتلىك بولۇپ، ناھايىتى خۇشخۇي كىشى ئىكەنلىكى چىقىپلا تۇراتتى .

ترېلاۋنىي ئەپەندىم بىلەن دوختۇر بىز بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن باج ئەمەلدارى بولغان ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەشكە باشلىدى .ئىككى ئەرباب دانسي ئەپەندىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ ئالدىغا ئېڭىشكىنىچە قوللىرىدىكى تاماكىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشتى .

دانسي ئەپەندىمنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، ترېلاۋنىي ئەپەندىم ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى ماختاپ كەتتى:

ــسىز ھەقىقەتەنمۇ قەيسەر ئادەم ئىكەنسىز، سىلەر ھېلىقى قارىغۇنى سوقۇپ ئۆلتۈرۈپ ئادەم خۇش بولغۇدەك ئىش قىلىپسىلەر .كىچىك جىم، سەنمۇ بوش كەلمەپسەن، يارايسەن .

ــجىم، بۇ گەپچە، ــ دېدى دوختۇر، ــ ئۇلار ئىزدەۋاتقان نەرسىنى ئەسلى سەن ئېلىپ كېتىپسەندە؟

ــشۇنداق ئەپەندىم، ــ دېدىم مەن ئالدىراش، ئاندىن مايلىق رەختكە ئورالغان بولاقنى دوختۇر لىۋىسقا بەردىم .

دوختۇر بولاقنى قولىغا ئېلىپ ھازىرلا ئاچىدىغاندەك ئىنچىكە كۆزىتىپ چىقتى، ئەمما ئاچمىدى، بەلكى پەلتوسىنىڭ يانچۇقىغا سالدى. ترېلاۋنىي ئەپەندىم خىزمەتكارىنى دانسي ئەپەندىمگە بىر رومكا ھاراق ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. دوختۇرمۇ ماڭا ئازراق يەيدىغان نەرسە ئەكېلىپ بېرىشنى ئېيتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا خىزمەتكار كەپتەر گۆشى قوتۇرمىچى ئېلىپ كەلدى.

قورسىقىم ئېچىپ تارتىشىپ كەتكەچكە قوتۇرماچنى ئېلىپ يالماپ يۇتۇشقا باشلىدىم. بۇ چاغدا دانىسى ئەپەندىم بىز بىلەن خوشلاشتى. بىز ئۇنى يەنە بىر ھازا ماختىغاندىن كېيىن ئۇ ئاتقا مىنىپ يۈرۈپ كەتتى .

ــ تىرېلاۋنىي ئەپەندىم، سىز فلىنت دېگەن ئادەمنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ ــ دېدى دوختۇر لىۋىس.

ــ ئەلۋەتتە ئاڭلىغان، ــ دېدى تىرېلاۋنىي ئەپەندىم يۇقىرى ئاۋازدا، ــ ئۇ سېسىق نامى پۇر كەتكەن دېڭىز قاراقچىسى، قارا ساقالدىنمۇ يامان قاراقچى.

ــ مەنمۇ ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغان، مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم ئۇنىڭ پۇلى بارمۇ؟

ــ پۇل؟ بۇ قاراقچىلاردا پۇلدىن باشقا يەنە نېمە بار؟ ئۇلارنىڭ ئوت قويۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك ئەسكىلىكلىرى پۇل ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى تىرېلاۋنىي ئەپەندىم سەل ھاياجانلىنىپ.

ــ ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ــ دېدى دوختۇر لىۋىس، ــ ناۋادا بۇ بولاقنىڭ ئىچىگە كاپىتان فلىنتنىڭ بايلىقىنىڭ سىرى يوشۇرۇنغان بولسا، بۇ پۇللارنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلىپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ.

ــ قانچىلىك دەمسىز؟ ــ دېدى تىرېلاۋنىي ئەپەندىم، ــ مۇنداق دېيلى، راستىنلا شۇ بايلىقلارنىڭ يىپ ئۇچى بولۇپ قالسا، مەن برىستول پورتىغا بېرىپ چوڭ بىر كېمە تېپىپ، جىم ئىككىڭلارنى باشلاپ بايلىقنى ئىزدىگىلى بارىمەن. بىر يىل كەتسىمۇ ئۇنى تاپماي قويمايمەن.

ــ بولىدۇ، ــ دېدى دوختۇر لىۋىس، ــ ئەگەر جىم قوشۇلسا بولاقنى ھازىرلا ئاچىمەن.

بولاق ناھايىتى پۇختا تىكىۋېتىلگەن بولۇپ، دوختۇر لىۋىس داۋالاش ساندۇقىدىن ئوپېراتسىيە قايچىسىنى چىقىرىپ يىپلىرىنى كېسىپ ئېچىشقا مەجبۇر بولدى. بولاق ئىچىدىن بىر نېپىز قوللانما ۋە بىر ئورام ھىملەنگەن قەغەز چىقتى. نېپىز قوللانمىنىڭ ئالدىدىكى بىرنەچچە بېتىگە خۇددى ئادەم زېرىككەن ۋاقىتلاردا قەغەزگە كەلسە ـ كەلمەس سىزىپ قويغاندەك قالايمىقان خەتلەر يېزىلغان ئىكەن .ئۈستىگە «بىل بونېسقا مۇھەببەت»، «ئەمدى رۇم ھارىقى ئىچىشكە رۇخسەت يوق»، «ئۇپالما ئارىلىدا ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىگە ئېرىشتى «دېگەندەك گەپلەر، يەنە بىر تالاي چۈشەنگىلى بولمايدىغان سۆزلەر يېزىلغان ئىدى .ئارقىدىكى 10ـ بەتتىن 12ـ بەتكىچە غەلىتە ھېسابات خاتىرىلەنگەن ئىدى. بۇ ھېساباتنىڭ خاتىرىلەنگىنىگە تەخمىنەن يىگىرمە يىل بولغاندەك قىلاتتى .ۋاقىت كەيىنىگە ئۇزارغانسېرى ھېساباتتىكى سان چوڭىيىپ ماڭغان ئىكەن. يەنە بىر نەچچە ھېساباتقا يەر نامى بىلەن ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىك گرادوسى يېزىلغان ئىدى. ھېساب دەپتىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا ئومۇمىي يىغىندا سان چۈشۈرۈلگەن بولۇپ ئاستىغا «بونېسنىڭ كىرىمى» دېگەن خەتلەر يېزىلىپتۇ .

دوختۇر لىۋىس بۇلارنىڭ نىمىلىكىنى بىلەلمىدى. ترىلاۋنىي ئەپەندىم بۇنى بونىسنىڭ ھېساباتى دەپتىرى، بۇ سانلار ئۇ دېگىز قاراقچىسى بولغان مەزگىلدە بۇلاپ كەلگەن ھارام نەرسىلەرنىڭ ھېسابى دەپ قارىدى. قوللانمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بەتلىرىگە نەچچە ئورۇننىڭ يۆلىنىشى خاتىرىلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ئىسپانىيە پۇللىرىنىڭ بىرلىكىنى ئالماشتۇرۇش جەدۋىلىمۇ بار ئىدى .

قوللانمىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن دوختۇر لىۋىس ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ھېلىقى ھىملەنگەن يۆگەم قەغەزنىڭ پېچىتىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر كىچىك ئارالنىڭ خەرىتىسى چىقتى .خەرىتىگە كەڭلىك ۋە ئۇزۇنلۇق گىرادۇسى، دېڭىز سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تاغ چوققىلىرى، دېڭىز قولتۇقى ھەم كېمە توختاش ئورنى چۈشۈرۈلگەندى .خەرىتىگە يەنە قەيەردە كېمە توختاتقاندا ئەڭ بىخەتەر بولىدىغانلىقى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار يېزىلغانىدى. بۇ ئارالنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن توققۇز ئىنگلىز مىل (بىر مىل تەخمىنەن 1.6 كىلومېتىر ــ ت)، كەڭلىكى بەش ئىنگلىز مىل كېلەتتى. ئارالدا يەنە بوران-چاپقۇندىن ساقلىنىدىغان كېمە توختاش ئورنىمۇ كۆرسىتىلگەندى. ئارالنىڭ ئوتتۇرىسىدا «سىپىي-گىلاس» ناملىق تاغ بار ئىدى .خەرىتىدە ئۈچ ئورۇندا كۆزگە چېلىققۇدەك قىزىل كىرىست بەلگىسى قويۇلغان، بەلگىلەرنىڭ ئىككىسى ئارالنىڭ شىمالىدا، بىرى ئارالنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە قويۇلغان ئىدى. غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى كىرىس بەلگىسىنىڭ يېنىغا بايلىق ئەڭ كۆپ قويۇلغان يەر » دەپ يېزىقلىق تۇراتتى. خەرىتىنىڭ كەينىگە تۆۋەندىكى سۆزلەر ئەسكەرتىلگەنىدى:

چوڭ دەرەخ، سىپىي-گىلاس تاغ باغرى. ئىسكىلىت ئارىلى، شەرقىي جەنۇبتىن شەرققە قىيپاش. ئون فوت.

يامبۇ شىمال قىسمىدىكى يەر ئاستى كامارغا يوشۇرۇلغان، شەرق تەرەپتىكى كىچىك تاغنىڭ يانباغرىنى بويلاپ ئالدىغا قاراپ ماڭغاندا دەل قارا تاشنىڭ ئۇدۇلىدا، جەنۇب تەرەپ ئون فوت كېلىدىغان ئورۇندا.

قورال شىمال قىسمىدىكى پورت بار كىچىك قيانىڭ شىمال تەرىپىدىكى قۇم دۆڭدە، دەل شەرقتىن تۆتتىن بىر قىسىم شىمالغا بۇرۇلغان جايدا. J . F .

مەن گەرچە بۇ نەرسىلەرنى چۈشەنمىسەممۇ ترىلاۋنىي ئەپەندىم بىلەن دوختۇر لىۋىس خۇشاللىقىدىن ئېغىزى قۇلىقىغا يېتەيلا دەپ قالدى .ترىلاۋنىي ئەپەندىم قاتتىق ھاياجانلانغان ئىدى. ئۇ ئەتىلا برىستولغا بېرىپ ئون كۈن ئىچىدە پۇتۇن ئەنگلىيەدىكى ئەڭ ياخشى كېمە ۋە ماتروسلارنى تەييار قىلماقچى بولدى .ئۇ يەنە مېنىڭ كېمىدە قارا خىزمەتچى، لىۋىس ئەپەندىمنىڭ كېمە دوختۇرى، ئۆزىنىڭ باشقۇرغۇچى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە ئائىلە خىزمەتكارى رىدارس، جويس ۋە خۇنتېرلارنىمۇ بايلىق ئىزدەشكە بىللە ئېلىۋالماقچى بولدى .

ــلىۋېس، ــدېدى تىرىلاۋنىي ئەپەندىم،ــسىز ئەمدى دوختۇرلۇق قىلىمەن دېمەي مېنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەڭ. ۋاقتى كەلگەندە بىز كېمىگە ئولتۇرۇپ دېڭىزغا چىقىپ پۈتۈن سۇرئەت بىلەن گۆھەر ئارىلىغا بارىمىز. ئاندىن يوشۇرۇپ قويۇلغان بايلىقلارنى كولاپ ئالىمىز. ئۇ يەردىكى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن بايلىقلار ئەمدى بىزنىڭ بولىدۇ.

ــبولىدۇ، مەن سىز بىلەن بىللە باراي، ــ دېدى دوختۇر لىۋېس، ــ مەنمۇ جىمنى ئېلىۋېلىشقا قوشۇلىمەن ھەم پۈتۈن كۈچۈم بىلەن دوختۇرلۇق ۋەزىپەمنى ياخشى ئورۇنلايمەن. بىراق مەن بىر كىشىدىن ئەنسىرەيمەن .

ــكىم؟ــ دەپ سورىدى تىرىلاۋنىي ئەپەندىم، ــ كىمدىن خاتىرجەم بولالمايسىز؟ راستتىنلا ئۇنى ئېلىۋېلىشقا بولمىسا مەن ئويلىشىمەن.

ــئۇ باشقا ئادەم ئەمەس، دەل سىز! ــ دېدى دوختۇر تىرىلاۋنىي ئەپەندىمگە قاراپ، ــ چۈنكى سىز سىر ساقلىمايسىز .بايلىق يوشۇرۇنغان يەرنى بىلىدىغانلار بىزلا ئەمەس. مېھمانسارايغا ھۇجۇم قىلغان دېڭىز قاراقچىلىرى قېچىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇ ئىشنى بىلىدىغانلار چوقۇم بار .بۇ ئەبلەخلەرنىڭ ھەممىسى جېنىدىن تويغان نېمىلەر، شۇڭا دېڭىزغا چىقىشتىن ئىلگىرى يالغۇز ھەرىكەت قىلساق بولمايدۇ. جىم مېنىڭ بىلەن قالسۇن، سىز جويىس ۋە خۇنتېرنى باشلاپ برىستولغا بېرىڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، بۇ سىرنى قەتئىي پىنھان تۇتۇش كېرەك. ھەرگىز دېڭىزغا چىقىش سەۋەبىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ .

ــخاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئاغزىمنى چىڭ تۇتىمەن، ــ دېدى تىرىلاۋنىي ئەپەندىم.

# ئىككىنچى بۆلۈم گۆھەر ئارىلىغا ئاتلىنىش

## بىرىنچى باب بىرىستول پورتى

گەپنى ئېغىزدا قىلماق ئاسان بولغان بىلەن ئورۇنلىماق تەس. دېڭىزغا يۈرۈش قىلىش ئىشىمىز پىلاندىن كۆپ ئۇزىراپ كەتتى. لىۋىس دوختۇر ئۆز ئورنىغا ئىشلەپ تۇرىدىغان دوختۇر تېپىش ئۈچۈن لوندونغا كەتتى. ترېلاۋنىي ئەپەندىم بىرىستول پورتىدا ئالدىراشچىلىقتىن نېرى بولالمىدى. مەن رېدارىس بىلەن ترېلاۋنىي ئەپەندىمنىڭ ئۆيىدە قالدىم.

رېدارىس ترېلاۋنىي ئەپەندىمنىڭ ئۆيىدىكى ئوۋ رايونىنى باشقۇرغۇچى بولۇپ، ناھايىتى قاتتىق قول بوۋاي ئىدى. ئۇ، خوددى مەن بىر جىنايەتچىدەك پۈتۈن كۈن يېنىمدىن نېرى بولمىدى. مەن بولسام كۈن بويى يوقىلاڭ خىياللارنى قىلاتتىم، بالدۇرراق يولغا چىقىپ، ئالتۇن-كۈمۈش يوشۇرۇنغان ئارالغا بېرىپ، ھەممە بايلىقنى كولاپ ئېلىپ كېلىشنى ئويلايتتىم. بەزىدە ھېلىقى خەرىتىگە نەچچە سائەت تىكىلىپ خەرىتىدىكى تەپسىلاتلارنى كۆڭلۈمگە مەھكەم پۈكەتتىم. بەزىدە ئوچاق يېنىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ، قايسى تەرەپتىن ئارالغا چىقىدىغانلىقىمىزنى، ئۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. ئارال خەرىتىسىنىڭ ھەممە بولۇڭ-پۇچقاقلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ چىقتىم. ئىچىمدە «سىپيي-گىلاس» تېغىنىڭ چوققىسىغا چىقىپ ئارالنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشنى سانسىز قېتىم خىيال قىلدىم. گاھىدا ئارالنىڭ ھەممىلا يېرىدىن بىزگە قاراپ يۈگۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان ياۋايى ئادەملەرنى، ئۇلار بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلغانلىقىمىزنى ئويلايتتىم. بىراق، بۇ خام خىياللارنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن يۈرەكنى ئەزگۈدەك كەچۈرمىشلىرىمىزگە دال بولالمايدىغانلىقىمىزنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن.

بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن بىز ترېلاۋنىي ئەپەندىمنىڭ دوختۇر لىۋىسقا يازغان بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. كونۋېرتنىڭ ئۈستىگە تۆۋەندىكىلەر يېزىلغان ئىدى:

ناۋادا دوختۇر بولمىسا، بۇ خەتنى تام رېدارىس ياكى كىچىك جىم ئېچىپ ئوقۇسا بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىز كونۋېرتنى يىرتىپ خەتنى ئوقۇدۇق:

ھۆرمەتلىك لىۋىس:

*سىزنىڭ ئۆيىدە ياكى لوندوندا ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمىگەچكە بۇ خەتنى ئىككى يەرگە ئەۋەتتىم.*

*كېمىنى سېتىۋالدىم، بارلىق تەييارلىقلار پۈتتى، ھەر ۋاقىت يولغا چىقساق بولىدۇ. بۇ بىر تىك ماچتىلىق كېمە بولۇپ، نامى «گىسپانولا». تونناژى ئىككى يۈز تونىنا، ھەيدەش ئاسان.*

*مەن كونا دوستۇم بلاندىنىڭ مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ كېمىنى قولغا چۈشۈردۇم. ئۇ بىر ياخشى ئادەم، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە تاپا ـ تەنىگە قارىماي خىزمەت قىلىدۇ. بۇ يەردىكى كىشىلەر گۆھەر ئارىلىغا بارىدىغانلىقىمىزنى بىلىپ خۇشاللىق بىلەن بىزگە ئىشلىمەكچى بولدى.*

ــ دوختۇر لىۋېس چوقۇم خاپا بولىدۇ، ــ دېدىم مەن رىدارسىقا، ــ ترېلاۋنىي ئەپەندىمنىڭ ھەممىلا يەردە گۆھەر ئارىلىغا بارىدىغانلىقىمىزنى دەپ يۈرگەنلىكىنى قارىمامسىز.

ــ قارىغاندا دوختۇر توغرا دەپتىكەن، ــ دېدى رىدارس، ــ ترېلاۋنىي ئەپەندىم دوختۇر جېكىلىگەن ئىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ.

مەن خەتنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇدۇم:

*«گىسپانولا» ناملىق كېمىنى بلاند ئۆزى بىر قوللۇق تاللىدى ھەم خېلى تۆۋەن باھادا سېتىۋالدۇق. برىستولدا بەزىلەر بلاندىن بىزار بولىدىكەن. ئۇلار بلاندىنىڭ كەينىدىن گەپ قىلىشىپ، بۇ ئادەم پۇل ئۈچۈن ھېچنېمىدىن يانمايدۇ، دېيىشىدىكەن. ئۇلار ھەتتا «گىسپانولا» ناملىق كېمەئەسلى بلاندىنىڭ كېمىسى، ئۇ ئىلگىرى ناھايىتى ئاز پۇل خەجلەپلا بۇ كېمىنى سېتىۋالغان، ماڭا يۇقىرى باھادا ساتتى، دېيىشتى. مەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيمەن، بۇ كېمىنىڭ ئىقتىدارىغا قايىل بولمايدىغان ئادەم يوق.*

*ھازىرغىچە ھەممە ئىش ناھايىتى ئوڭۇشلۇق. بىردىنبىر ئاۋارىچىلىك يەلكەن ئارغامچىلىرىنى ئورنىتىدىغان كىشىنىڭ ئىشى بەك ئاستا بولۇپ قالدى.*

*ھەممىدىن باش ئاغرىتىدىغىنى ماترۇسلارنىڭ ئىشى بولۇۋاتىدۇ. مەن دەسلەپتە ئالتە ئادەم بولسىلا يېتىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئەمما بۇلار يەتمەيدىكەن. شۇڭا 20 ئادەم تېپىشنى ئويلاۋاتىمەن. مۇشۇنداق بولغاندا يەرلىكلەرگە ياكى دېڭىز قاراقچىلىرىغا يولۇقۇپ قالساقمۇ تاقابىل تۇرالايدىكەنمىز. كېيىن مەن پىرىستاندا قاۋاقخانا ئاچىدىغان بىر قېرى ماترۇسنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇنى ھاياتىمدىكى تېپىلغۇسىز بەخت دېسەك بولىدۇ. مەن شۇ كىشىگە تايىنىپ ئاندىن 20 ئادەم توپلىدىم.*

*مەن بۇ كىشىنى پىرىستاندا تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ ئېگىز بوي، بىر پۇتى يوق كىشى بولۇپ، ئىسمى جون سىلۋېر. ئۇ بىرىستولدىكى ھەممە ماتروسنى تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مېنىڭ دېڭىزغا چىقىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ ئۆزىنى كېمىدە ئاشپەز قىلىشقا ئۆتۈندى. چۈنكى ئۇ ئىلگىرى دېڭىزدا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى سېغىنىدىكەن. ئۇنىڭ دېڭىز ياقىدا تۇرۇشىدىكى سەۋەب ھەر كۈنى دېڭىز سۈيىنىڭ ھىدىنى پۇراپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىكەن. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بەك تەسىرلەندىم ھەم ئۇنىڭ تەلىپىگە دەرھال ماقۇل بولدۇم.*

*مەن بىر ئاشپەز تېپىپلا قالماي يەنە ياخشى بىر ياردەمچىگە ئېرىشتىم. سىلۋېر بىر نەچچە كۈندىلا بىر تۈركۈم تەجرىبىلىك كونا ماتروسلارنى تېپىپ كەلدى. گەرچە ئۇلارنىڭ سىرتقى قىياپىتى كۆرۈمسىز بولسىمۇ بىر قاراشتىنلا بىشىدىن كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇقنى ئۆتكۈزگەن، پىشقان، چىداملىق دېڭىزچىلار ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. سىلۋېر يەنە مەن ئىلگىرى تاپقان ئالتە ئادەمنىڭ ئىچىدىن ئىككىنى شاللىۋەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە ئۇ ئىككىسى دەريالاردىلا يۈرۈپ دېڭىزغا چىقىپ باقمىغان ئىكەن، شۇڭا دېڭىزغا ماس كەلمەيدىكەن. ئۇلارنى دېڭىزغا ئېلىپ چىقىش ئۇلارنى قىيىنغانلىق بولىدىكەن.*

*مەن ھازىر ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىمەن. بىراق، كېمە يەلكىنىنى چىقىرىپ دېڭىزغا چىققاندا ئاندىن خاتىرجەم بولىمەن. مەن ھازىر خۇددى دېڭىزنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن. لىۋىس، تېز قايتىپ كېلىڭ، ئازراقمۇ ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. بىللە يولغا چىقىپ يوشۇرۇپ قويۇلغان بايلىقلارنى تاپايلى.*

جون ترېلاۋنىي

××17 ـ يىلى 1ـ مارت.

برىستول كېمە مېھمانسارىيىدا يېزىلدى.

*ئەسكەرتىش: بلاند يەنە ماڭا بىر تەجرىبىلىك كاپىتان تېپىپ بەردى. بۇ كاپىتاننىڭ سەل چۈشلۈقنى دېمىگەندە قالغان يېرى ياخشىكەن. بلاند يەنە بىز ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرىغىچە قايتىپ كەلمىسەك كېمە ئەۋەتىپ بىزنى ئىزدەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سىلۋېر يەنە ياۋۇ ئىسىملىك بىر ياردەمچى تېپىپ بەردى. سىلۋېر ناھايىتى پۇلدار ئادەمكەن، بانكىدا ھېسابى بار ئىكەن. ئۇ ئايالىغا قاۋاقخانىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى تاپىلىدى. ئۇنىڭ ئايالى قارا تەنلىك ئىكەن.*

جون ترېلاۋنىي

*يەنە ئەسكەرتىش: كىچىك جىم يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئانىسىنىڭ يېنىدا بىر كېچە تۇرۇپ كەلسە بولىدۇ.*

جون ترېلاۋنىي

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ قاتتىق ھاياجانلاندىم، قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتىم. بىراق رىدارس توختىماي ئۇلۇغ ــ كىچىك تىنناتتى، ئازراقمۇ خۇشال بولغاندەك قىلمايتتى. بۇنى كۆرۈپ بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. ئەپسۇس، ترېلاۋنىي ئەپەندىمنىڭ گېپى گەپ بولۇپ، ئۇنىڭ قارارىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيتتى. ھەتتا رىدارس خالىمىسىمۇ ترېلاۋنىي ئەپەندىمنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇناتتى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەن، مەن رىدارس بىلەن بىللە ئادمىرال بېنبوۋ مېھمانسارىيىغا قايتتۇق. ئانامنىڭ ئەھۋالى تامامەن ئەسلىگە كەلگەن بولۇپ كەيپىياتىمۇ ياخشى ئىدى. بىزنى پاراكەندە قىلىپ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك جىم تۇرالمايدىغان بىل كاپىتان ئەمدى يوق. سارايمۇ قايتا ئېچىلغان ئىكەن. ترېلاۋنىي ئەپەندىم پۇل چىقىرىپ سارىيىمىزنى قايتا رېمونت قىلدۇرۇپ ئانامغىمۇ ساراي ئىشىغا ھەمكارلىشىدىغان بىر ياردەمچى تېپىپ بېرىپتۇ. مەن ئۇنى كۆرۈپ ئانامدىن ئەنسىرەشكە باشلىدىم. چۈنكى بۇ بالا ئىشقا خام بولۇپ، ھەرىكىتى قوپال، بىر نەرسە بىلمەيتتى، مەن ئۇنى قاتتىق بىر ئەدەپلەپ قويدۇم. توختىماي قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىپ خاتالىقنى تۈزەتتىم. ئۇنىڭ كۆپرەك نەرسە ئۆگىنىپ مەن كەتكەندىن كېيىن ئانامغا ياخشىراق ياردەملىشىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. بۇ كۈنلەردە دېڭىزغا چىقىپ يىراققا سەپەر قىلىشنى، ئېكسپېدىتسىيە قىلىشنىلا ئويلاپ، ئانامنى يادىمدىن چىقىرىپ قويغان ئىكەنمەن. ئەمدى ئانامدىن ئايرىلىدىغانلىقىم يادىمغا يېتىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كۆز ياشلىرىم يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى.

ئۆيدە بىر كېچە قونغاندىن كېيىن، ئىككىنچى كۈنى چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ ئانام بىلەن، ئىشىك ئالدىدىكى كىچىك دېڭىز قولتۇقى بىلەن، سۆيۈملۈك بېنبوۋ مېھمانسارىيى بىلەن خوشلاشتىم. ئاندىن رىدارس بىلەن بىللە يولغا چىقتۇق. مەن كاپىتان بىلنى، ئۇنىڭ يۈزىدىكى پىچاق تارتۇقىنى، ئۇنىڭ دۇربۇنىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ دېڭىز ياقىسىدا ئۇيان ــ بۇيان ماڭغان ھالىتىنى ئەسلىدىم.

گۇگۇم مەزگىلىدە بىز جورجى خان مېھمانسارىيىنىڭ يېنىدىكى چۆللۈكتىن بىرىستولغا بارىدىغان پوچتا ھارۋىسىغا چىقتۇق. ھارۋىغا چىقىپ ئۇزاق بولمايلا ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئويغانغاندا ھارۋىنىڭ بىرىستولغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدىم.

ترېلاۋنىي ئەپەندىم تۇرۇۋاتقان مېھمانخانا پورتقا يېقىن يەردە بولۇپ، بۇ يەردە تۇرۇپ كېمىدىكى ئىشلارنى كۆزىتىش قولايلىق ئىكەن. بىز ئۇ تۇرۇۋاتقان يەرگە قاراپ پىيادە ماڭدۇق. يول بويى تۈرلۈك دۆلەتلەرنىڭ كېمىلىرىنى كۆردۈم. ماتروسلار ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغاچ

ناخشا ئىيتاتتى. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ماڭا يېڭىچە تۇيۇلدى. گەرچە كىچىكمىدىن دېڭىز ياقىسىدا چوڭ بولغان بولساممۇ ئەزەلدىن مۇنداق مەنزىرىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم.

مانا ئەمدى مەن چوڭ كېمىگە ئولتۇرۇپ گويا ماتروستەك دېڭىزغا چىقىمەن ھەم نۇرغۇن ماتروسلار بىلەن بىللە ھېلىقى سىرلىق ئارالغا قاراپ ماڭىمىز. ئۇ يەردە يوشۇرۇپ قويۇلغان بايلىقلارنى تاپىمىز. بۇلارنى ئويلىغىنىمدا چەكسىز ھاياجانغا چۆمەتتىم.

بىز چوڭ بىر مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا ترېلاۋنىي ئەپەندىمنى ئۇچراتتۇق. ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە بىزگە قاراپ كەلدى:

ــسىلەرنى قارىشى ئالىمەن، ــ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، ــ دوختۇر لىۋېس ئاخشام كەچ لوندوندىن بۇ يەرگە كەلدى. كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولدى، بەك ياخشى بولدى!

ــ قاچان يولغا چىقىمىز ئەپەندىم؟ ــ دەپ سورىدىم مەن.

ــ ئەتە، ئەتىلا يولغا چىقىمىز! ــ دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ.

## ئىككىنچى باب سىلۋېرنىڭ مېھمانسارىيى

ترېلاۋنىي ئەپەندىم ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ماڭا بىر باغاقچىنى تۇتقۇزۇپ سىپىي-گىلاس مېھمانسارىيىنىڭ خوجايىنى جون سىلۋېرغا ئاپىرىپ بېرىشىمنى ئېيتتى. ئۇ ماڭا پىرىستاننى بويلاپ ماڭغاندا مەستىن ياسالغان يوغان بىر دۇربۇننى ۋىۋىسكا قىلىپ ئېسىۋالغان كىچىك بىر مېھمانسارايىنى كۆرىدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭ دەل سىپىي-گىلاس مېھمانسارىيى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بەنە ھېلىقى كېمە توختاش ئورۇنلىرىنى ۋە پېشقەدەم دېڭىزچىنى كۆرىدىغانلىقىمنى ئويلاپ قەۋەتلا خوش بولۇپ كەتتىم.

مەن يولغا چىقىپ ئۇياق-بۇياققا مۇكىدەك توختىماي ئۆتۈشۈۋاتقان ئادەملەر توپى ۋە يۈك دۆۋىسى ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ، خېلى ھايال بولغاندىن كېيىن ئاخىرى ھېلىقى مېھمانسارايىنى تاپتىم.

مېھمانسارايىنىڭ دۇقمۇشىدىكى ئىككى ئىشىك ئايرىم-ئايرىم ئىككى كوچىغا تۇتىشىدىكەن. ئىشىكلەر يوغان ئوچۇق بولۇپ، ئىچى ئىس ــ تۈتەككە تولغان ئىدى. ئىچىدىكى مېھمانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ماتروسلار بولۇپ، ئۇلار ۋارقىراپ-جارقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيگەنىدى، كىشى ئىچىگە كىرىشكىمۇ ئەيمىنەتتى.

بۇ چاغدا بىر كىشى يان تەرەپتىكى ئىشكتىن زالغا كىرىپ كەلدى. مەن بىر قاراپلا ئۇنىڭ جون سىلۋىر ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. ئۇنىڭ سول پۇتى ساغرىسىدىنلا يوق بولۇپ سول مۈرىسىگە ھاسا تايانغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ يول مېڭىشى ناھايىتى يەڭگىل ئىكەن. ئۇ ئېغىزىنى ئىسقىرتقىنىچە شىرە ئوتتۇرىلىقىدا توختىماي ماڭاتتى، قارىماققا كەيپىياتى ناھايىتى ياخشىدەك قىلاتتى، تونۇش مېھمان كىرىپ قالسا ئالدىغا بېرىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قوياتتى.

راستىنى دېگەندە، مەن تىرېلاۋنىي ئەپەندىمنىڭ خېتىنى ئوقۇۋاتقىنىمدا ئۇنىڭ كاپىتان بىل ئېيتقان بىر پۇتلۇق ماتروس بولۇپ قېلىشىدىن گۇمانلانغان ئىدىم. ئەمما سىلۋىرنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ گۇمانىم نەلەرگىدۇر توزۇپ كەتتى. ئۇ قارىماققا ناھايىتى مۇلايىم، قائىدە-يوسۇنلۇق بولۇپ، دېڭىز قاراقچىسىغا ئوخشىمايتتى.

مەن غەيرەتكە كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدىم.

— سىز سىلۋىر ئەپەندىم بولامسىز؟ — دېدىم مەن باغاقچىنى تەڭلىگەچ.

— شۇنداق، شاكىچىك، سەن كىم؟ — دېدى ئۇ باغاقچىنى كۆرگەندىن كېيىن ھەيران بولغاندەك.

— ھە، سەن چوقۇم پاراخوتتىكى خىزمەتچىغۇ دەيمەن، سېنى كۆرگىنىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن، — دېدى ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ يۇقىرى ئاۋازدا.

شۇ چاغدا بۇلۇڭدىكى بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا يۈگۈردى. بۇ مېنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى دىققىتىمنى قوزغىدى. مەن ئۇنى تونۇدۇم. ئۇ ھېلىقى بىل كاپىتاننى ئىزدەپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشقان، ئاخىرىدا قېچىپ كەتكەن ھېلىقى كىشى بولۇپ ئىككى بارمىقى يوق قولى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقاتتى.

— ئۇنى تېز تۇتۇڭلار، ئۇ دېگەن قارا ئىت، — دەپ ۋارقىرىدىم مەن.

— ئۇ قارا ئىتمۇ ئاق ئىتمۇ كارىم يوق، ئىشقىلىپ ئۇ پۇل تۆلىمىدى، ھارى، ئۇنى تۇتۇۋال!

شۇئان ئىشىكتىكى ئىككىسى سەكرەپ تۇرۇپ ئۇنى قوغلاپ چىقىپ كەتتى.

— قارا ئىت دېگەن كىم؟ — دەپ سورىدى سىلۋىر مېنىڭدىن.

— تىرېلاۋنىي ئەپەندىم سىزگە دېڭىز قاراقچىسىنىڭ ئىشىنى دېگەن ئەمەسمىدى، ئۇ دەل شۇلارنىڭ بىرى.

ــ بـۇ ئەبـلەخ مېنىـڭ دۈكىنىمغـا كىلىشـكە پىتىنىپتـۇـدە، ــ دېـدى سـىلۋىر غەزەپ بىلەن، ــ بىر، سەن ھارىغا ياردەملىشىپ ئۇنى تۇتۇپ كەل، مورگان، قـارا ئـىت سـېنىڭ بـىلەن بىللە كەلگەنغۇ؟ بۇياققا كەل!

مورگان دېگەن ئورنىدىن تۇرۇپ بىزگە قاراپ ماڭدى.

ــ ئېيتە، ــ دېدى سىلۋىر زەردە بىلەن، ــ بايىقى قارا ئىت دېگەننىـڭ ئىسمى نـېمە؟ ئـۇ سېنىڭ بىلەن نېمە دېيىشتى؟

ــمەن ئۇنى بـۇرۇن كـۆرۈپ باقمىغـان، ئىسـمىنىمۇ بىلمەيـمەن، بايا بـىز پەقەت ئـانچىكى ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلاشتۇق، ــ دېدى مورگان جاۋابەن.

ــ ياۋاشـلىق بـىلەن ئېيـت، ــ دېـدى سـىلۋىر، ــ بايـا ئـۇ سـېنىڭ بـىلەن زادى نـېمە دېيىشتى؟ دېڭىز سەپىرى، كېمە، كاپىتان دېگەندەكلەرنىمۇ؟

ــ نېملەرنى دېيىشكىنىمىز راستىنلا يادىمدا يوق، مەن راسـتتىنلا ئـۇنى تونۇمـايمەن، ــ دېدى مورگان.

ــ يوقال، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە شـۇنداق ئـادەم بـىلەن ئارىلاشسـاڭ بـۇ يەرگە ئىككىنچـى كەلمە، ــ دېدى سىلۋىر ئۇنىڭغا.

مورگان كەتكەندىن كېيىن سىلۋىر قۇلقۇمغا يېقىن كېلىپ دېدى:

ــ مورگان دېگەن بىر قارا قورساق، ئەمما يامانلىقى يوق. قـارا ئىتقا كەلسـەك ئـۇ ئىلگـىرى بىر قارىغۇ بىلەن بۇ يەرگە كەلگەندەك قىلغان.

ــ ئۇ چوقۇم پيۇ، ــ دېدىم ۋارقىراپ. مەن پيۇنىـڭ ئىسـمىنى چىقارغـان ۋاقتىمـدا سـىلۋىر تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى.

ــ پيـۇ، تـوغرا، پيـۇ، ئـۇلار قاراشـتىنلا ياخشـى ئـادەمگە ئوخشـمايدۇ. ئەگەر قـارا ئىتنـى تۇتۇۋالىدىغان بولسام تازا بىر ئەدەپلەپ قويمىسام.

مەن بۇ سارايدا قارا ئىتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ بۇ يەردىن گۇمانلانغان ئىدىم. ئەمما ئۇنىـڭ بىـر تـالاي گەپلىرىنـى ئـاڭلاپ ھەم غەزەپلەنـگەن ھـالىتىنى كـۆرۈپ ئۇنىڭغـا بولغـان گۇمانىمدىن ۋاز كەچتىم.

بىردەمـدىن كېـيىن قـارا ئىتنـى قـوغلاپ چىقىـپ كەتكەنـلەر ھاسـىراپ ــ ھۆمـۈدىگىنىچە كىرىپ كەلدى ھەم قارا ئىتنىڭ ئادەملەر ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. سىلۋىر ئىككىسىنى بىر ھازا تىللىدى. بۇ مېنىڭ سـىلۋىرغا بولغـان ئىشـەنچىمنى يەنىمـۇ ئاشۇردى.

ــ قارا، جىم شاكىچىك، تازىمۇ پالاكەت باستى-دە، ــ دېدى ئۇ، ــ ناۋادا تىرىلاۋنىي ئەپەندىم مېنىڭ سارىيىمدا بىر دېڭىز قاراقچىسىنىڭ هاراق ئىچكەنلىكىنى بىلسە قانداق ئويلاپ قالار؟ سەن ھېلىمۇ ئۇ ۋاقىتتا ئۇنى تونۇۋالدىڭ، ئەمما مەن ئۇنى كۆز ئالدىمدىلا قاچۇرۇپ قويدۇم. جىم، سەن گەرچە بىر كىچىك بالا بولساڭمۇ قولۇڭدىن چوڭ ئادەملەردەكلا ئىش كېلىدىكەن. سەن ئىشىكتىن كىرىشىڭگىلا بىلگەنتىم. تىرىلاۋنىي ئەپەندىمنىڭ ئالدىدا مەن ئۇچۇن ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلمىساڭ بولمايدۇ.

ئارقىدىنلا ئۇ يەنە:

ــ ناۋادا مېنىڭ يەنە بىر پۇتۇم بولغان بولسا ھېلىقى قارا ئىت ھەرگىز قېچىپ كېتەلمىگەن بولاتتى. بىرلا سەكرەپ ئۇنى تۇتۇۋالغان بولاتتىم، ــ دېدى.

تۇيۇقسىز ئۇ بىر نەرسىنى يادىغا ئالغاندەك گەپ قىلىشتىن توختاپ قالدى.

ــ ھاراقنىڭ پۇلى، ــ دېدى ئۇ ۋارقىراپ، ــ ھەممىدىن قورقۇنۇچلۇقى ئۇ تېخى پۇل تۆلىمىدى، ئۇچ رومكا رۇم ھارىقى، ئاپلا، ئېسىم قۇرسۇن!

گەپ قىلىۋېتىپ كۈلۈپ كەتتى، قاتتىق كۈلۈشتىن كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى. گەرچە بۇ كۈلكىلىك ئىش بولمىسىمۇ مەنمۇ ئۇزۇمنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتىم.

مېھمانسارايغا قايتىش يولىدا پورتتىن ئۆتۈۋېتىپ ئۇ ماڭا توختىماي يول بويى ئۇچرىغان كېمىلەرنى تونۇشتۇرۇپ ماڭدى. كېمىلەرنىڭ يەلكىنى، ئارقانلىرىنىڭ سەپلىنىشى، توننازى ۋە دۆلەت تەۋەلىكى، يەنە كېمىدىكىلەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ يەنە كېمە ۋە ماتروسلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان قىزىقارلىق ئىشلارنى سۆزلىدى. مەن ئۇنىڭ ھەقىقەتەن قىزغىن ئادەملىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ئادەم زېرىكىپ قالمايتتى.

بىز مېھمانسارايغا يېتىپ كېلىپ تىرىلاۋنىي ئەپەندىم بىلەن دوختۇر لىۋېسىنىڭ بىللە پىۋا ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئۇلار سەل توختاپ كېمىگە بېرىپ تەييارلىقلارنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ماڭماقچى بولۇپ تۇرغانىدى.

سىلۋېر قاۋاقخانىدا بولغان ئىشنى ئۇلارغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. گەپ ئارىلىقىدا يەنە «جىم، ئەينى چاغدا شۇنداققۇ، ھە» دېيىتتى، مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قوياتتىم.

قارا ئىتنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىگە تىرىلاۋنىي ئەپەندىم بىلەن دوختۇر ئىككىسى ئەپسۇسلاندى. ئەمما ئۇلار سىلۋېرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. سىلۋېر بىردەم ماختاشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خوشلاشتى.

— ئېسىڭىزدە بولسۇن، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە كېمىگە يىغىلىمىز، — دېدى ترېلاۋنىي ئەپەندىم.

— ئېسىمدە، — دېدى سىلۋېر خوشلاشقاچ.

— جون سىلۋېر دېگەن بۇ كىشى قارىماققا يامان ئەمەستەك قىلىدۇ، مەن ناھايىتى رازى بولدۇم، — دېدى دوختۇر لىۋېس ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ.

— ئۇ ھەقىقەتەن قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم، — دېدى ترېلاۋنىي ئەپەندىم، — بولدى، ئەمدى بىز كېمىگە بېرىپ قاراپ باقايلى. جىم سەنمۇ بىز بىلەن بىللە بارغىن.

## ئۈچىنچى باب مىجەزى چۇس كاپىتان

‹‹گىسپانولا›› ناملىق كېمە توختىتىلغان يەر پورتتىن ناھايىتى يىراق بولۇپ، بىز كىچىك قولۋاققا ئولتۇرۇپ نۇرغۇن كېمىلەرنىڭ ئىچىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدۇق. كېمىنىڭ باش ياردەمچىسى بىر قېرى دېڭىزچى بولۇپ، ئۇنىڭ تېرىسى قوڭۇر، ھالقا سېلىۋالغان، كۆزى ئازراق ئالغاي ئىدى. ئۇ ترېلاۋنىي ئەپەندىم بىلەن خېلى كېلىشىپ قالغان ئىدى. بىراق، خەۋىرىمىزچە بۇ كېمىنىڭ كاپىتانى سىمولېت بىلەن ترېلاۋنىي ئەپەندىمنىڭ مۇناسىۋىتى ئانچە ياخشى ئەمەستەك قىلاتتى.

— ياخشىمۇسىز كاپىتان سىمولېت، ھەممە تەييارلىق پۈتتىمۇ؟ سىزنىڭ يەنە قانداق يولىيورۇقلىرىڭىز باركىن؟ مەن تېزراق يولغا چىقىشنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ترېلاۋنىي ئەپەندىم.

—ترېلاۋنىي ئەپەندىم، گېپىمگە قۇلاق سالمىسىڭىزمۇ راست گەپنى قىلاي، — دېدى كاپىتان، — مەن بۇ قېتىمقى سەپەرنى ئانچە ياقتۇرمايمەن، ماتروسلارنىمۇ ھەم ئاۋۇ كېمىنىڭ باش ياردەمچىسىنىمۇ ياقتۇرمايمەن. مېنىڭ باشقا گېپىم يوق.

ترېلاۋنىي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خاپا بولدى.

— بەلكىم سىز بۇ كېمىنى پۈتۈنلەي ياقتۇرماسلىقىڭىز، ھەتتا مەندەك كېمە ئىگىسىنىمۇ ياقتۇرماسلىقىڭىز مۇمكىن، — دېدى ئۇ.

— ئۇنداق دېمەڭ، — دېدى بىر چەتتە تۇرغان لىۋېس دوختۇر گەپكە ئارىلىشىپ، — بەلكىم كاپىتاننىڭ ئويلىغىنى باردۇ. كاپىتان، سىز نېمىشقا بۇ قېتىمقى سەپەرنى ياقتۇرمايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

ــ مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە بۇ ئادىللىق ئەمەس، ــ دېدى كاپىتان، ــ مەن كاپىتان، سىلەر ماڭا بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ مەقسىتىنى ئېيتىپ بەرمىدىڭلار، بۇمۇ مەيلى. بىراق، كېمىدىكى باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. ئۇلار ماڭا بايلىق ئىزدىگىلى بارىدىغانلىقىمىزنى دېدى. يەنە كېلىپ كېمىدىكى ماتروسلارنىڭ بىرىنىمۇ مەن تاللىمىغان.

ــ ئېھتىمال سىزگە ماتروسلارنى تاللىشىڭىزغا رۇخسەت قىلىشىمىز كېرەكتۇ، ــ دېدى دوختۇر، ــ لېكىن، مەن ترېلاۋنىي ئەپەندىمنىڭ بۇ ئىشنى سىزگە قىلغۇزمىغانلىقىنىڭ قەستەن ئەمەسلىكىگە ئىشىنىمەن. سىز يەنە نېمىشقا كېمىنىڭ باش ياردەمچىسىنى ياقتۇرمىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

ــ گەرچە مەن ئۇنىڭ ياخشى بىر دېڭىزچى ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەممۇ ئۇنى ياقتۇرمايمەن. ئۇ كېمىنىڭ باش ياردەمچىسى بولۇشقا مۇناسىپ كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ماتروسلار بىلەن كارى يوق. ئۆزى ھاراق ئىچىپلا قالماي، دائىم باشقىلار بىلەن بىللە مەيخورلۇق قىلىدۇ. باش ياردەمچى ئىنتىزامچان بولۇشى، باشقىلارغا ئۈلگە يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

ــ سىز ئۇنى ھاراقكەش دېمەكچى، شۇنداقمۇ؟ ــ دېدى ترېلاۋنىي ئەپەندىم غودۇراپ.

ــ بۇنداق دېگىنىم ئەمەس، ــ دېدى كاپىتان جاۋابەن، ــ مەن پەقەت ئۇنى ئىنتىزامچان بولسىكەن دېمەكچى.

ــ بولىدۇ، گەپنى ئەگىتمەيلى، سىزنىڭ يەنە قانداق تەلىپىڭىز بار، مەيدىقىلماي ھەممىنى دەڭ، ــ دېدى ترېلاۋنىي ئەپەندىم.

ــ بولىدۇ، ــ دېدى كاپىتان گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ سىز ئاڭلاشنى خالىغان ئىكەنسىز مەن سۆزلىمىلىك قىلماي. ئاۋۇ ماتروسلارنىڭ ھەممىسى مىلتىق بىلەن پارتلاتقۇچ دورىنى ئالدىنقى بۆلۈمچىگە قويىدى، سىلەر بولساڭلار كەينى بۆلۈمچىدە تۇرىسىلەر. بۇ ناھايىتى خەتەرلىك. سىلەر بۇ نەرسىلەرنى ئۆزۈڭلار تۇرۇۋاتقان بۆلۈمچىگە قويۇشۇڭلار لازىم. سىلەر ئەگەشتۈرۈۋالغان كىشىلەر سىلەر بىلەن تەڭ يېتىپ-قوپۇشى كېرەك. شۇنىڭدا بىر-بىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىلى بولىدۇ.

ــ يەنە بارمۇ؟ ــ دېدى ترېلاۋنىي ئەپەندىم تاقەتسىزلىك بىلەن.

ــ يەنە بىر ئىش، سىز ساقلىمايدىكەنسىلەر، ــ دېدى كاپىتان، ــ بۇ ماتروسلارنىڭ ھەممىسى سىلەردە بايلىق يوشۇرۇنغان بىر ئورۇننىڭ خەرىتىسى بارلىقىنى، خەرىتىدە بەلگە قويۇلغان يەرنىڭ بايلىق بار جاي ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئۇ ئارالنىڭ ئۆزۈنلۈق ۋە كەڭلىك گىرادۇسىغىچە بىلىدىكەن.

ــ مەن ئۇلارغا بۇ ئىشلارنى ئەزەلدىن ئېيتىپ باقمىغان، ــ دېدى تىرېلاۋنىي ئەپەندىم ھاپىلا‐شاپىلا ئۆزىنى ئاقلاپ.

ــ ئەمما ئۇلار ھەممىنى بىلىدىكەن، ــ دېدى كاپىتان.

ــ ئەمدى كىمنىڭ بۇ سىرنى پاش قىلىپ قويغانلىقىنى تەگەشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىدى، ــ دېدى دوختۇر.

ــ ئەمىسە بوپتۇ، ــ دېدى كاپىتان، ــ مەن خەرىتىنىڭ كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. سىلەرنىڭ بۇ ئىشنى سىر تۇتۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. خەرىتىنىڭ قەيەردىلىكىنى ھېچكىمگە ئېيتماڭلار. مېنىڭ بىلەن يارۇۋمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. بولمىسا مەن ئىستىپا بېرىمەن.

ــ مەن چۈشەندىم، ــ دېدى دوختۇر، ــ سىز بىزدىن مەخپىيەتلىك ساقلاشنى ئۈمىد قىلىسىز. شۇنداقلا قورال‐ياراغلارنى ئۆزىمىز تۇتۇشنى تەلەپ قىلىسىز. دېمەك سىز كېمىدىكى ماتروسلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىدىن ئەندىشە قىلىسىز، شۇنداقمۇ؟

ــ ئەپەندىم، مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس، ــ دېدى كاپىتان، ــ مەن ھېچكىم بىلەن تىركىشىپ قېلىشنى خالىمايمەن، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ كەينىدىن گەپ تېپىشىنىمۇ خالىمايمەن. مەن يارۇۋ ئەپەندىمنىڭ ياخشى ئادەملىكىگە ئىشىنىمەن. ئەمما مەن كاپىتان، كېمە ۋە بارلىق كېمىدىكى خادىملارنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىشىم كېرەك. ناۋادا سىز بىر قىسىم ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللانمىسىڭىز ماڭا ئىستىپا بەرمەكتىن باشقا ئىلاج يوق.

ــ سمولېت ئەپەندىم، ئاچچىقىڭىز كەلسىمۇ گەپنى ئۇدۇل قىلاي، سىز يولغا چىقىشتىن ئىلگىرىلا ئىستىپا بېرىشنى ئويلىشىپ قويغان ئوخشىمامسىز؟ ــ دېدى دوختۇر.

ــ ناھايىتى توغرا دېدىڭىز دوختۇر، ــ دېدى سمولېت جاۋابەن، ــ پەرىزىمچە تىرېلاۋنىي ئەپەندىم دېگەنلىرىمنى قوبۇل قىلمايدۇ، شۇڭا مەن ھەقىقەتەن ئىستىپا بېرىشقا تەييارلىنىپ بولدۇم.

ــ مەن چالۋاقاشلىرىڭىزنى يېتەرلىك ئاڭلىدىم، ــ دېدى تىرېلاۋنىي ئەپەندىم ئاچچىقلاپ، ــ دوختۇر لىۋېس بۇ يەردە بولمىغان بولسا سىزنى ئاللىقاچان يولغا سالغان بولاتتىم. بوپتۇ، دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىنى قوبۇل قىلدىم. ئەمما شۇنى دەپ قوياي، بۇنىڭلىق بىلەن مېنىڭ سىزگە بولغان قارىشىم ئۆزگەرمەيدۇ.

ــ ئۇ سىزنىڭ ھوقۇقىڭىز، ئەپەندىم، ــ دېدى كاپىتان سمولېت، ــ ھامان بىر كۈنى سىز قىلىۋاتقانلىرىمنىڭ بىر كاپىتاننىڭ مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ قالىسىز.

كاپىتان سۆزىنى تۈگىتىپ بۇرۇلۇپ كىتىپ قالدى.

ــترېلاۋنىي، ھەرنىمە بولسا سىز راۋۇرۇس ئادەمدىن ئىككىنى تىپىپسىز،

ــ دېدى دوختۇر لىۋىس، ــ ئۇلار ماۋۇ كاپىتان بىلەن ئاۋۇ جون سىلۋىر ئەپەندىم.

ــسىلۋېر ھەقىقەتەنمۇ دۇرۇس ئادەم، كاپىتانغا كەلسەك ئۇ بۇنىڭدىن كۆپ يىراق. ئۇ ئادەمنى بىزار قىلىدىغان كىشى، ئوغۇلبالىچىلىقى يوق. ھەتتا بىر دېڭىزچىغىمۇ ئوخشىمايدۇ، ــ دېدى ترېلاۋنىي ئەپەندىم جاۋاب بېرىپ.

بىز كىمە بۆلۈمچىسىدىن چىقىپ پالوبىغا كەلگەندە، كاپىتان بىلەن يارۇۋ ئەپەندىمنىڭ ماتروسلارغا باشچىلىق قىلىپ قورال-ياراغلارنى توشۇۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. كاپىتان كىمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا چوڭ تەگشەش ئىلىپ باردى: ئۇ ئەسلىدە ئاساسىي بۆلۈمچە كەينىگە جايلاشتۇرۇلغان ئالتە كارىۋاتنى كىمە قۇيرۇقىغا يۆتكىتىۋەتتى. بۇ بۆلۈمچە پەقەت پەنجىرە يېنىدىكى بىر يول بىلەنلا ئاشخانا ۋە پالوبىغا تۇتىشاتتى. بۇ يەر دەسلەپتە كاپىتان، يارۇۋ ئەپەندىم، خونتېر، جويىس، دوختۇر ۋە ترېلاۋنىي ئەپەندىمنىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن تەييارلانغان ئىدى. ئەمدى، مەن رىدارس بىلەن كۆچۈپ كىردىم. يارۇۋ ئەپەندىم بىلەن كاپىتان كىمە بۆلۈمچىسى شۇتىسىنىڭ يېنىدىكى يۇقىرى پالوبىدا ئۇخلايدىغان بولدى. ئۇ يەر خېلى كەڭ بولۇپ ئىككى سەگەنچۈك ئېسىشقا يېتىپ ئاشاتتى. يارۇۋ ئەپەندىممۇ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ناھايىتى رازى بولدى. ئۇمۇ ماتروسلاردىن سەل گۇمانلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

سىلۋېر بىلەن ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە ماتروس كىمىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەن چاغدا بىز ئالدىراشچىلىق بىلەن كارىۋات ۋە ئوق-دورىلارنى يۆتكەۋاتاتتۇق. ئۇ خوددى مايمۇندەك چاققانلىق بىلەن كىمىگە چىقتى ھەم كىمىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ سورىدى:

ــ بۇرادەرلەر، نىمە ئىش بولدى؟ بۇ نىمە قىلغىنىڭلار؟

ــ ئوق-دورا بىلەن كارىۋاتلارنى يۆتكەۋاتىمىز، ــ دېدى بىر ماتروس جاۋاب بېرىپ.

ــ تەڭرىم، بۇنداق قىلساڭلار ئەتىگەنلىك تاشقىن مەزگىلىنى قولدىن بېرىپ قويىسىلەر، ــ دېدى سىلۋېر غۇدۇراپ.

ــ مەن شۇنداق قىلىشنى بۇيرۇغان، ــ دېدى كاپىتان، ــ سەن پەسكە چۈشۈپ تاماق قىل، ماتروسلار تاماق يەيدۇ.

ــ خوپ، ئەپەندىم، ــ دېدى سىلۋېر قوشۇلۇپ، ئاندىن ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى.

ــ ئۇ ياخشى ئادەم، كاپىتان، ــ دېدى دوختۇر.

ــ بەلكىم، ــ دېدى كاپىتان سىمولېت جاۋاب بېرىپ.

كاپىتان مېنىڭ بىر زەمبىرەككە ھەيرانلارچە تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:

ــ ھەي ئىشچى، بۇياققا كەل، ئۇ نەرسىدىن يىراقراق تۇر. ئاشخانىغا بېرىپ ياردەملەش!

مەن ماڭغان چاغدا ئۇنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا دوختۇرغا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم:

ــ بۇ كېمىدە مەن ھېچكىمنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشىغا رۇخسەت قىلمايمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن تىرېلاۋنىي ئەپەندىمگە ئوخشاش ئۇنىڭدىن ئانچە رازى بولۇپ كەتمىدىم.

## تۆتىنچى باب دېڭىزغا يۈرۈش

بىز تولۇق بىر كېچە ھەپىلىشىپ ئاندىن نەرسە ـ كېرەكلەرنى قايتىدىن رەتلەپ چىقتۇق. مەن مېھمانساراي ئاچقاندىمۇ بۇنچىلىك چارچاپ كەتمىگەنىدىم. ئىككىنچى كۈنى تاڭ يورۇشىغىلا ماتروسلار پالوبىدا لەڭگەر كۆتۈرۈش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

بۇ چاغدا بىر ماتروس سىلۋېرغا ناخشا ئېيتىپ بېرىش تەكلىپىنى بەردى. سىلۋېر ھاسىسىغا تايانغىنىچە ھېلىقى ماڭا ناھايىتى تونۇش بولغان ناخشىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

ئون بەش ئەزىمەت ئۆلۈكنىڭ ساندۇقىنى تالىشار،

ھاي.... ھاي... ھاي... بىر پوتولكا رۇم ھارىقىنى تېز ئەكەل!

ھەممە ماتروس سىلۋېرغا ئەگىشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. تونۇش ناخشا بىلەن كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان كۆرۈنۈش ئۆلۈپ كەتكەن كاپىتان بىلىنى يادىمغا سالدى. ھايال بولمايلا تۆمۈر لەڭگەر تارتىپ چىقىرىلىپ كېمە بېشىغا ئېلىپ قويۇلدى. كېمە پورتتىن ئاستا ئايرىلىپ، قۇرۇقلۇق بىلەن باشقا كېمىلەردىن يىراقلىششقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ گۆھەر ئارىلىغا قاراپ ماڭغان دېڭىز سەپىرىمىز رەسمىي باشلاندى، يىغىنچاقلىغاندا، يول بويى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ماڭدۇق. بۇ كېمىنىڭ ئىقتىدارى ياخشى، ماتروسلارمۇ تېتىك بولۇپ، كاپىتانمۇ ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىپ كېتىۋاتاتتى. بىراق، مەنزىلگە يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى بىر قىسىم ئىشلار بولۇپ ئۆتتى.

ئەڭ چوڭ ئىش شۇكى، باش ياردەمچى يارۇۋ ئەپەندىم ئۆز ۋەزىپىسىگە سادىق بولمىدى. ئۇ بىرەرمۇ ماتروسنى باشقۇرالمايتتى، ماتروسلارمۇ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى. كېمە يولغا چىقىپ

ئىككى كۈن بولا-بولمايلا ئۇ ھاراق ئىچىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ھاراقنى نەدىن تاپقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. كاپىتان ئۇنى بىر نەچچە قېتىم ئەدەپلىگەن بولسىمۇ، ھەر قېتىم ئۆزىنى ئاقلاپ مەن سۇدىن باشقا نەرسە ئىچمىدىم، دەپ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇنىڭ ھاراقنى قەيەردىن تاپىدىغانلىقىنى بىلىشكە تىرىشقان بولساممۇ باشتىن-ئاخىر بۇ سىرنى يېشەلمىدىم. بەزى چاغدا بىز ئۇنىڭدىن سورىساق ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. بىر كۈنى كەچلىكى دېڭىزدا بوران چىقىپ شىددەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلگەندە ئۇ تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. ئۇنى تەرەپ-تەرەپتىن ئىزدەپمۇ كېمىدىن تاپالمىدۇق. ئۇ غايىب بولدى، ئەمما ھېچكىم بۇنىڭدىن ھەيران قالمىدى ھەم ئېچىنمىدى.

—ئۇ چوقۇم ئېھتىياتسىزلىقتىن دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەن گەپ، — دېدى كاپىتان، — بۇمۇ بوپتۇ، زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇشتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

باش ياردەمچى بولمىغاچقا كاپىتان ماتروسلاردىن بىرنى تاللاپ ئۇنىڭ ئورنىغا سەپلىمەكچى بولدى ھەم ماتروسلار باشلىقى يۆبو ئاندىرسوننى باش ياردەمچى قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەمەلىيەتتە، ئاندىرسون ئاللىقاچان قوشۇمچە باش ياردەمچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتاتتى. مۇئاۋىن ماتروسلار باشلىقى ئىسرايىل خاندىس مول تەجرىبىلىك كونا ماتروس بولۇپ، ئۇ سىلۋېرنىڭ يېقىن دوستى ئىدى.

كېمىدىكى بارلىق ماتروسلارنىڭ ھەممىسى سىلۋېرنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى، ئۇ ھەممە ئادەم بىلەن چىقىشالايتتى، ماتروسلار ئۇنى ‹‹كونا ھەمراھ›› دەپ ئاتىشاتتى.

— كونا ھەمراھىمىز ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، — دېدى ئىسرايىل ماگا، — ئۇ ياش ۋاقتىدا ئوقۇغان، قايىل قىلارلىق گەپ قىلىدۇ، قائىدە-يوسۇنلۇق كىشى. قەيسەرلىكىنى دېسەڭ، ئۇ شىر بىلەنمۇ تۇتىشالايدۇ. مەن ئىلگىرى ئۇنىڭ قۇرۇق قول تۆت ئادەم بىلەن تۇتۇشۇپ، ئۇلارنى تېرىپىرەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنمەن.

كېمىدىكى كىشىلەر سىلۋېرنى ھۆرمەتلەپلا قالماستىن، ئۇنىڭ گېپىنى بەك ئاڭلايتتى. ئۇ ئوخشىمىغان كىشىگە ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا گەپ قىلاتتى. ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلەن تولغان ئىدى. ئۇ ماڭىمۇ يامان ئەمەس مۇئامىلە قىلاتتى، ھەر قېتىم ئاشخانىدا مېنى كۆرسە ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتەتتى. سىلۋېر ئاشخانىنى كۆڭۈلدىكىدەك رەتلىغان بولۇپ، تەخسىلەرنى سۈرتۈپ پارقىرىتىپ ئېسىپ قويغان ئىدى. ئۇ يەنە بىر شاتوت ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۇنى بىر بۇلۇڭدىكى قەپەسكە سولاپ قويغانىدى. ئۇ ماڭا بۇ شاتوتنىڭ ‹‹كاپىتان فلىنت›› دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، ‹‹كاپىتان فلىنت››نىڭ بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ

چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئىپتىقانلىقىنى دەپ بەردى. ئاندىن شاتوتقا بۇرۇلۇپ سورىدى:

ــ ئامىرىقىم، سەن شۇنداق دېدىڭمۇ؟

ھىلقى شاتوت ‹‹سەككىز پىكىس، سەككىز پىكىس، سەككىز پىكىس›› دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. سىلۋېر بىر پارچە رەخت بىلەن قەپەسنى تۇسۇپ قويغاندىن كېيىن ئۇ سايراشتىن توختاپ قالدى.

ــ كىچىك جىم، بۇ قۇش ئىككى يۈز ياشقا كىردى، ــ دېدى سىلۋېر، ــ ئۇ ئافرىقىدىكى ماداغاسقارغا، ھىندىستاندىكى مالاباغا، يەنە جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى سۇرىنامغا، شىمالىي ئامېرىكىدىكى پرووۋىدېنسقا بارغان. ئۇ يەنە چۆكۈپ كەتكەن كېمىلەرنى سۈزۈپ چىققاننى كۆرگەن، ‹‹سەككىز پىكىس›› دېگەن گەپنى شۇ يەردە ئۆگىنىۋالغان.

ــ قارا، ئۇ نېمە دېگەن چىرايلىق ھە؟ ــ دېدى سىلۋېر ئۇنىڭغا كەمپۈت بەرگەچ. شاتوت ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي سەت گەپلەر بىلەن ئادەم تىللىغىلى تۇردى.

ــ ئۇ بەك كۆپ ئادەم تىللايدىغان گەپلەرنى ئاڭلىغان، شۇڭا بۇزۇلۇۋالدى، بالام، ئۇنىڭ تىللىشىغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئۇ ھەتتا باستىرنىڭ ئالدىدا تۇرسىمۇ ئېغىزى يۇمۇلمايدۇ.

سىلۋېر باستىر دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەندە ھۆرمەت بىلەن قول ئىشارىسى قىلىپ قويدى. بۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىمنى يەنىمۇ ئاشۇردى.

ھازىر ترېلاۋنىي ئەپەندىم بىلەن كاپىتان سىمولېتنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يىرىكلىشىپ كەتكەن ئىدى. ترېلاۋنىي ئەپەندىم قىلچە يوشۇرماستىن ئۇنىڭدىن بىزار بولىدىغانلىقىنى دەيتتى، كاپىتان بولسا كۆپىنچە گەپ قىلمايتتى، قىلسىمۇ بىرەر ئېغىز گەپنىمۇ ئارتۇق قىلغۇسى كەلمىگەندەك ئاددىيلا گەپ قىلاتتى. كاپىتان بۇ كېمىگە ناھايىتى ئامراق ئىدى. ئۇ:

ــبۇ كېمە ناھايىتى مۇلايىم، خوتۇنۇمدىنمۇ بەك رايىش، ــ دەيتتى. ئارقىدىن ئۇ يەنە، ــ شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا بۇ قېتىمقى سەپەرنى ياقتۇرمايمەن، بالدۇرراق ئاخىرلىشىشىنى تىلەيمەن، ــ دەپ قوشۇپ قوياتتى.

ترېلاۋنىي ئەپەندىم ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ھەر قېتىم ئاڭلىغاندا بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالاتتى-دە، پالۋىدا ئالدى-ئارقىغا توختىماي ماڭاتتى.

ــ ناۋادا سىمولېت يەنە مۇشۇنداق كەلسە-كەلمەس جۆيلۈسە، ئەمدى ئۇنىڭغا يۈز خاتىرە قىلمايمەن، ــ دېدى ئۇ بىر قېتىم.

سەپەر جەريانىدا بىز بىر نەچچە قېتىم يامان ھاۋاغا يولۇقتۇق. ئەمما «گىسپانولا» ناملىق كېمىگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمىدى. بۇ، كېمىنىڭ ھەقىقەتەن يامان ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. ئەمما ئاۋۇ ماتروسلارنىڭ ئىپادىسىگە مەن بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى قويۇۋېتىپ، كەلسە ـ كەلمەس سەۋەبلەر بىلەن ھاراق ئىچەتتى، بەزىدە تېخى پۇددىڭ يەيتتى. ترېلاۋنىي ئەپەندىم ئۇلارغىمۇ خېلى ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ئاڭلىسام بىر ماتروس تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزگەندە بىر تۇڭ ئالما ئېلىپ چىقىپ، كۆپچىلىكنىڭ يېيىشى ئۈچۈن پالۇبىغا قويۇپ قويۇپتۇ.

— بۇنداق قىلىشنىڭ ئۇلارغا قىلچە پايدىسى يوق، — دېدى كاپىتان دوختۇر لىۋېسقا، — ئۇلار يامان ئۆگىنىپ قالدۇ، تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ.

بەختكە يارىشا، شۇ بىر تۇڭ ئالما بولغاچقىلا شۇ قېتىمقى سەيقەستتىن خەۋەر تېپىپ بېشىمىزغا كېلىۋاتقان ئۆلۈم خەۋپىدىن ئامان قالدۇق.

بۇ ئىش مۇنداق بولدى:

بىز كېچە ـ كۈندۈز گۇۋھەر ئارىلىغا قاراپ كېتىۋاتاتتۇق، يەنە بىر كۈن ماڭساق ئارال كۆرۈنەتتى. بۇ چاغدا دېڭىز يۈزى تېپتىنچ بولۇپ «گىسپانولا» نامىلىق كېمە ئالدىغا قاراپ تەكشى كېتىپ باراتتى. مەنزىلگە ئاز قالغاچقا ھەممە كىشى قاتتىق ھاياجانغا چۆمگەنىدى.

قۇياش ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا مەن ئىشىمنى تۈگىتىپ ئۇخلاشقا تۇتۇندۇم. تۇيۇقسىز بىر تال ئالما يېگۈم كېلىپ پالۇبىغا چىقتىم. بۇ چاغدا كۆزىتىش خادىمى ئالدى تەرەپكە تىكىلىپ قاراۋاتاتتى. مۇئاۋىن ماتروسلار باشلىقى بىر چەتتە رولنى تۇتقىنىچە ئىسقىرتىۋاتاتتى.

مەن تۇڭنىڭ ئىچىگە ئۆمىلەپ كىرىپ، ئاندىن بىر تالمۇ ئالما قالمىغانلىقىنى بايقىدىم. تۇڭنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ، پاراخوتنىڭ يېنىك چايقىلىشىدا ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىر چاغدا، بىر كىشى «تۇڭگىدە» قىلىپ تۇڭغا يۆلىنىپ مېنى ئويغىتىۋەتتى. مەن ئەمدىلا چىقىپ كېتەي، دەپ تۇرۇۋشۇمغا ھېلىقى ئادەم گەپ قىلىشقا باشلىدى، بۇ كىشى سىلۋېر ئىدى. مەن بىر نەچچە ئېغىز گەپنى ئاڭلاپلا ئۆزۈمنىڭ قانداق ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈردۈم. ئۆزۈمنى ئاشكارىلاپ قويسام ھەرگىز بولمايتتى. مانا ئەمدىلىكتە كېمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ قۇتۇلدۇرۇشۇمنى ساقلاۋاتاتتى.

# بەشنچى باب سۈيقەست

ــ سىز ھېلىقى كېمىنىڭ كاپىتانىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى بىر ئاۋاز.

ــ مەن ئەمەس، ــ دېدى سىلۋېر، ــ ئۇنىڭ كاپىتانى فلىنت. مېنىڭ پۇتۇم ناكا بولغاچقا رولىنلا تۇتالايتتىم. بىر قېتىملىق دېڭىز ئۇرۇشىدا بومبا بىر پۇتۇمنى پارتلىتىپ ئۈزۈۋەتتى. قېرى پېۋنىڭ ئىككى كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالدى. مېنى داڭلىق بىر دوختۇر ئوپېراتسىيە قىلدى. ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى كۆپ، لاتىن يېزىقىنى پىششىق بىلىدۇ. ئەمما ئۇ كېيىن دارغا ئېسىلدى. مەن باشتا ئىنىگلاند بىلەن ئىشلىگەن، كېيىن فلىنتقا ئەگەشتىم. ئەمدى ئۆزۈم قىلماقچى بولۇۋاتىمەن. مەن ئىلگىرى فلىنتنىڭ ‹‹دېڭىز پىلى›› ناملىق كېمىسىنىڭ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن. كېمە قان بىلەن بويۇلۇپ، ئالتۇنلار كېمىنى چۆكتۈرۈۋېتەيلا دەپ قاپتۇ.

ــ فلىنت ھەقىقەتەن بوش ئەمەسكەن.

بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ مەن ئۇنىڭ كېمىدىكى ئەڭ ياش ماتروس ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم.

ــ داۋسىمۇ بولىدىغان ئادەم، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ئىشلەپ باقمىدىم. مەن ئىنىگلاند بىلەن ئىشلىگەن چاغدا 900 فوندستېرلىڭ توپلىۋالغانىدىم. كېيىنچە فلىنت بىلەن ئىشلەپ 2000 فوندستېرلىڭ توپلىدىم، ھەممىسى بانكىدا بىخەتەر ساقلاقلىق. بۇ پۇللارنىڭ ھەممىنى مەن ناھايىتى مۇشكۈللەردە توپلىغان. ئىنىگلاندنىڭ ئادەملىرى تەرەپ‑تەرەپكە تىپىراپ غايىب بولدى. فلىنتنىڭ ئادەملىرىنىڭ كۆپى ھازىر مۇشۇ كېمىدە. ئۇلار قارىماققا ناھايىتى خۇشال، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى تىلەمچىگە ئايلىنىپ چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن. قارىغۇ پېۋ بەك بىچارە، ئەمما ئۆزىنىڭ شورى. ئۇ ئىلگىرى بىر يىل ئىچىدە 1200 فوندستېرلىڭ پۇلنى بۇزۇپ چېچىپ تۈگەتىپتۇ. ئۆزىنى باي چاغلاپ قالغان چېغى. پېۋ تىلەمچىلىكمۇ قىلغان، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلغان، ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرگەن. ئاخىرى قانداق بولدى؟ ھەممىشە ئاچ قورساق يۈردى. ئاڭلىسام يېقىندا ئۆلۈپتۇ.

ــ قارىغاندا بۇ كەسىپنى قىلغانلار ئاخىرىدا يەنىلا يامان ئاقىۋەتكە قالىدىكەن، ــدېدى ياش ماتروس.

ــ ئەخمەقلەرلا شۇنداق، ــ دېدى سىلۋېر، ــ گەرچە سېنىڭ يېشىڭ كىچىك بولسىمۇ ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەنسەن. مەن بالدۇرلا كۆرۈپ يەتتىم. شۇڭا سېنى بالا دەپ قارىمايمەن.

بۇ گەپنى ئۇ ماختىمۇ قىلغان، ئەسلىدە ئۇ شۇنداق گەپلەر بىلەن مېنى ئالدىغان ئىكەن. مەن سەكرەپ چىقىپلا ئۇنىڭغا پىچاق تىقىۋەتكۈدەك بولۇپ كەتتىم. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېغىزى يەنە ئېچىلدى، مېنىڭ ئاڭلاۋاتقانلىقىمنى قىلچىلىك بايقىمىدى.

— تەۋەككۇلچىلەرنىڭ ھەممىسى ئاقنانچىلار، ئەتىسىنى ئويلىمايدىغان نېمىلەر، شۇڭا ئۇلار بۇزۇپ—چېچىپ، يەپ—ئىچىپ ئەتىسى خىيالىغا كىرىپمۇ قويمايدۇ. پۇلى بولسا ھەممىنى خەجلەپ تۈگىتىدۇ، يانچۇقى قۇرۇقدالسا يەنە دېڭىزغا چىقىدۇ. مەن ئۇلارغا ئوخشىمايمەن. پۇللىرىمنى بۆلۈپ بانكىغا قويىمەن. بىر يەردە جىق پۇل تۇرسا ئاسانلا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ساقا دېسەم مەن 55 ياشقا كىردىم. بۇ قېتىمقى ئىشنى تۈگەتسەم قولۇمنى يۇيۇۋېتىپ قىرغاقتا چىقىپ قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ياخشى پۇقرا بولىمەن. مەن كېمىگە چىقىشتىن ئاۋۋال خوتۇنۇمغا پۇللارنى برىستول بانكىسىدىن ئېلىۋېلىشنى جېكىلەپ قويدۇم. ‹‹سىپىي-گىلاس›› مېھمانسارىيىنىمۇ سېتىۋەتتۇق. خوتۇنۇم دېيىشىپ قويغان يەرگە بېرىپ مېنى ساقلايدۇ. ئۇ يەرنى ساقا دەپ بەرگۈم بار، چۈنكى ساقا ئىشىنىمەن. ئەمما، مەن باشقىلارغا دەپ باقمىغان. ساقىلا دېسەم ئانچە ياخشى بولمايدۇ، — دېدى سىلۋېر.

— ئاياللىڭىزنىڭ پۇللارنى ئېلىپ قېچىپ كېتىشىدىن قورقمامسىز؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى كىشى.

— تەۋەككۇلچىلەرنىڭ ھېچقايسىسى بىر—بىرىگە ئىشەنمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىناۋەتمۇ يوق، ئەمما مەن قورقمايمەن. كىم مېنىڭ پىلانىمنى بۇزماقچى بولىدىكەن ياكى مەن ياشايمەن ياكى ئۇ. فلىنت بىلەن ئىشلىگەن چاغدا بەزىلەر پېۋدىن قورقاتتى، بەزىلەر فلىنتتىن قورقاتتى. ئەمما، فلىنت مېنىڭدىن قورقاتتى. ئۇنىڭغا ئىشلىگەنلىكىم ئۇنىڭ شەرىپى. پو ئاتقىنىم ئەمەس، مەن رولچى بولۇپ تۇرغاندا فلىنتنىڭ قول ئاستىدىكى كونا دېڭىز قاراقچىسىمۇ مېنى كۆرسە ئېگىلىپ ھالى قالمايتتى. يىگىت، مېنىڭ بىلەن ئىشلە، سېنى زىيان تارتقۇزمايمەن.

— مەن قىلىمەن، — دېدى ھېلقى يىگىت جاۋاب بېرىپ، — گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاشتىن ئاۋۋال بۇ كەسىپنى ئازراقمۇ ياقتۇرمايتتىم. ھازىر قول تۇتۇشۇپ ۋەدىلىشەيلى، مېنى قوشۇۋېلىڭ.

— دەرۋەقە سەن بىر باتۇر ھەم ئەقىللىق يىگىتكەنسەن، — دېدى سىلۋېر سۆزلىگەچ ئۇنىڭ قولىنى قىزغىن تۇتۇپ تۇرۇپ. ئۇلارنىڭ قول تۇتۇششىدىن ياغاچ تۇڭ ئىغاڭشىپ كەتتى.

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاندىن ‹‹تەۋەككۇلچىلەر›› دېگەن گەپنىڭ دېڭىز قاراقچىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئەسلىدە سىلۋېر بايا ھېلىقى يىگىتكە ئۇلارغا قوشۇلۇشى توغرۇلۇق نەسىھەت قىلىۋاتقان ئىكەن. ئارقىدىنلا يېنىك بىر ئىسقىرتىۋېدى بىر كىشى كەلدى-دە، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— دىك بىزگە قوشۇلدىغان بولدى، — دېدى سىلۋىر.

— ئۇنىڭ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، — دېدى كەلگەن كىشى. بۇ كىشى دەل كېمىنىڭ مۇئاۋىن باش ياردەمچىسى ئىسرىل خاندىس ئىدى، — ئۇ ئەقىللىق ئادەم. مەن بۇ ئەبجەق كېمىدە يەنە قانچىلىك تۇرىدىغانلىقىمىزغىلا كۆڭۈل بۆلىمەن. سىمولېت دېگەن ئاۋۇ قېرى ئەبلەختىن جاق تويدۇم. هازىرلا ئۇنىڭ بۆلۈمچىسىگە كىرىپ چىلىغان سەي ۋە ئۈزۈم هارىقىنى تارتىۋېلىپ چىققۇم كېلىۋاتىدۇ، ياخشى نەرسىلەرنىڭ هەممىنى تارتىۋېلىپ چىققۇم كېلىپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئۆزۈڭنى بېسىۋال، خاندىس، — دېدى سىلۋىر، — مەن بىرنەرسە دېگۈچە سەن ياۋاشلىق بىلەن ماتروسلارنىڭ يېنىدا بول، ئۆز ئىشىڭنى ئوبدان قىلىپ هاراقنى ئاز ئىچ. ئېسىڭدە بولسۇن، گېپىمنى ئاڭلا.

— مەن قاچان گەپ ئاڭلىمىدىم، دېدى خاندىس ئاچچىقىنى باسالماي، — مېنىڭ قاچان هەرىكەت قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ.

— بۇنىڭدا مېنىڭ دېگىنىم هېساب، — دېدى سىلۋىر، — بوپتۇ، راست بىلگۈڭ بولسا ئېيتىپ بېرەي. بىز ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە قول سالىمىز. كاپىتان سىمولېت پىشىپ يېتىلگەن كاپىتان، ئۇ بىزگە كېمىنى هەيدەپ بېرىدۇ. ترېلاۋنىي ئەپەندىم بىلەن دوختۇرنىڭ قولىدا خەرىتە بار، مەن تېخىچە بۇ خەرىتىنى تاپالمىدىم. شۇڭا، بىز ترېلاۋنىي ئەپەندىم بىلەن دوختۇرنىڭ بايلىقلارنى تېپىپ كېمىگە ئېلىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىمىز.

— نېمىشقا بۇ كېمىنى كاپىتان سىمولېت هەيدىگۈدەك، كېمىدە يەنە بىزنىڭ دېڭىزچىلىرىمىز بارغۇ؟ — دېدى هېلىقى دىك ئىسىملىك ياش.

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، — دېدى سىلۋىر، — بىز دېگەن ئادەتتىكى ماتروسلار. كېمىنى كىممۇ نىشاندىن چەتنەپ كەتمەي توپتوغرا هەيدىيەلەيدۇ؟ سىلەر ئەزەلدىن كاللا ئىشلەتمەيسىلەر. بۇمۇ سىلەرنىڭ دائىمەغلۇب بولۇشۇڭلارنىڭ سەۋەبى. مېنىڭچە، كېمە ئېكۋاتور ئەتراپىغا كەلگەندىلا ئاندىن بىز يۈلىنىشكە توغرا هۆكۈم قىلالايمىز. بىلىمەن، هەر قېتىم سىلەرنى هاراق ئىچىشتىن چەكلىسەم خاپا بولىسىلەر. راست گەپنى قىلغاندا، بۇ بايلىقنى دېمىگەن بولسام سىلەر بىلەن دېڭىزغا چىقمىغان بولاتتىم. بايلىقلار تېپىلسىلا بىز...

— ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلماقچى؟ — دەپ سورىدى دىك.

— مانا بۇ مېنىڭ هەمراهىم بولۇشقا يارايدۇ، — دېدى سىلۋىر ئۇنى ماختاپ، — مەنمۇ بۇ ئىشنى ئويلاۋاتىمەن. ئالدى بىلەن سېنىڭدىن سوراپ باقاي، سېنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟ ئۇلارنى قۇرۇق ئارالغا تاشلاپ قويامدۇق ياكى چوشقا ئۆلتۈرگەندەك هەممىنى بوغۇزلىۋېتەمدۇق؟ قىلىنت بىلەن بىل بونىس دائىم مۇشۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى.

ــ بىـل دائىـم شـۇنداق قىلامـدۇ؟ ــ دېـدى خانـدس، ــ ئـۇ دائىـم ئـۆتنى يىلتىزىـدىن قۇرۇتۇش كېرەك، دەيتتى. ھازىر ئۇ ئۆلدى، دېگەن گېپىنى ئىسپاتلىدى.

ــ دېگىنىڭ توغرا، ــ دېدى سىلۋېر، ــ مەن مەرد ئـادەم، ئـۇلارنى ئازابلىمـايمەن. ۋاقىـت توشقاندا ئۇلارنىڭ ھەممىنى جايلىۋېتىمىز، بوغۇزلاپ تاشلايمىز.

ــ سىلۋېر ــ دېدى خاندس خۇشامەت قىلىپ، ــ سەن ھەقىقەتەن قالتىس جومۇ!

ــ شۇنداق دېسەڭمۇ بولىدۇ، ئىسرىل، ــ دېـدى سـىلۋېر، ــ شـۇ چاغـدا مەن ترېلاۋنىيىنـى تۇتۇۋېلىپ تىرىك تۇرغۇزۇپ ئۇنىڭ بېشىنى گەۋدىسىدىن تولغاپ ئۈزۈۋالىمەن.

ــ دىك! ــ دېدى ئۇ تۇيۇقسىز گېپىدىن توختاپ، ــ سەن بېرىـپ بىـر تـال ئالما ئەكەل، كانىيىم قۇرۇپ كەتتى.

بۇ گەپ مېنى قاتتىق ۋەھىمىگە سېلىۋەتتى! ئەينى چاغدا دەرھال ھەرىكەت قىلغان بولسام قېچىپ كېتەلەيتتىم. بىراق كاللام ۋە پۇت-قولۇم زىيادە قورقۇنچتىن قېتىپ كەتكەن ئىدى. مەن دىكنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بۇ چاغدا خاندس گەپ قىلدى:

ــ بولدىلا، ئۇ بۇزۇق ئالمىلارنى يېمە. سىلۋېر بىز يەنىلا ھاراق ئىچەيلى.

ــ دىك، ــ دېدى سىلۋېر، ــ ساڭا ئىشىنىمەن، سـەن بېرىـپ ھـاراق بـار يەردىـن ئـازراق ھاراق ئېلىپ كەل. مە، بۇ ئاچقۇچ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يارۇۋ ئەپەندىمنىڭ ھـارىقنى ئۇنىـڭ بەرگەنلىكىنـى بىلـدىم. بـۇ ھـاراق ئاخىرى يارۇۋنىڭ جېنىنى ئالدى.

دىـك چىقىـپ كەتكەنـدىن كېيىـن ئىسـرىل بىـلەن سـىلۋېر پەس ئـاۋازدا كۇسۇرلىششـقا باشلىدى. مەن پەقەت بىر جۈملىنىلا ئاڭلىيالىدىم:

ــ يەنە بىر نەچچە كىشىنى تارتقىلى بولمىدى، ــ دېدى ئىسرىل.

قارىغاندا كېمىدىكى بىر نەچچە كىشى ئۇلارنىڭ سېپىگە قېتىلمىغان ئىدى.

دىك ناھايىتى تېزلا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئۈچىسى مەيخورلۇق قىلىشقىلى تۇردى. بۇ چاغـدا ئاي كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپنـى يـورۇتتى. ئـاي نۇرىـدا ماچتـا ئـۇچى يـالتىرايتتى. تۇيۇقسـىز، كـۆزنىش سۇپىسىدىن تەنتەنە قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

ــ قۇرۇقلۇق، مەن قۇرۇقلۇقنى كۆردۈم.

# ئالتىنچى باب جەددىي يىغىن

مەن ئۈچ كىشىنىڭ يۈگۈرۈپ كەتكەنلىكىنى، نۇرغۇن كىشىنىڭ كېمە بۆلۈمچىسىدىن تۆكۈلۈپ يۈگۈرۈپ چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەن ئالما توڭىدىن تېزلىك بىلەن چىقىپ ئالدى يەلكەن ماچتىسىنىڭ ئاستىغا ئۆملەپ كىردىم. كەينىدىن كېمە قۇيرۇقىغا بېرىپ ئۇ يەردىن پالۇبىغا چىقتىم. پالۇبىدا تىرېلاۋنىي ئەپەندىم بىلەن دوختۇر لىۋىسنى ئۇچراتتىم. ئۇچىمىز يۈگۈرۈپ كېمە تۇمشۇقىغا قاراپ ماڭدۇق.

ئالدىمىزدا بىر كىچىك ئارال كۆرۈندى. ئارالنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە پاكار ئىككى تاغنى كۆردۇق. تاغلارنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن ئىككى مىل كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا چوققىسى بۇلۇتلارغا تاقاشقان ھەيۋەت بىر تاغ قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ئۈچ تاغنىڭ شەكلى كۈنۈسسىمان بولۇپ، يانار تاغ پارتلاشتىن شەكىللەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

مەن بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ چۈش كۆرگەندەك ھېسسىياتقا كەلدىم. چۈنكى بايىقى ۋەھىمىدىن تېخى ئەسلىمگە كېلەلمىگەن ئىدىم. ئارىدىن كاپىتان سىمولېت:

— كىم ئالدىمىزدىكى بۇ قۇرۇقلۇقنى كۆرۈپ باققان؟ — دەپ سورىدى.

— مەن كۆرگەن، ئەپەندىم. بۇ يەر دەل گۆھەر ئارىلى، — دېدى سىلۋېر، — ئەينى يىللىرى مەن بىر كېمىدە ئاشپەز بولۇپ بۇ يەردىن تاتلىق سۇ ئالغان.

— جەنۇب تەرەپتىكى ئاۋۇ كىچىك ئارالنىڭ كەينىدە لەڭگەر تاشلىغىلى بولامدۇ، — دەپ سورىدى كاپىتان گۆھەر ئارىلىنىڭ بىر تەرىپىدىكى كىچىك ئارالنى كۆرسىتىپ.

— شۇنداق، ئۇ ئىسكىلىت ئارىلى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئىلگىرى بۇ يەردە بىر دېڭىز قاراقچىسى گاھىدا كۆرۈنۈپ، گاھىدا غايىب بولارمىش. گۆھەر ئارىلىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئاۋۇ كىچىك تاغ ئالدى ماچتا تېغى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۈچ تاغ شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئالدى ماچتا تېغى، ئاساسىي ماچتا تېغى ۋە ئارقا ماچتا تېغى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاساسىي ماچتا تېغى بەزىدە سېپىي-گىلاس دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

كاپىتان سىمولېت قوينىدىن بىر پارچە خەرىتىنى چىقىرىپ سىلۋېردىن سوراپ قايتا جەزملەشتۈردى. مەن سىلۋېرنىڭ خەرىتىنى ئېلىپلا كۆزلىرىنىڭ تۇيۇقسىز چاقناپ كەتكەنلىكىنى، ئەمما دەرھاللا تىنجىپ قالغانلىقىنى بايقىدىم. ئەسلىدە بۇ بايلىق يوشۇرۇنغان ئارالنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن سىزىلغان كۆپەيتىلمە خەرىتىسى بولۇپ، كىرىست بەلگىسى ۋە ئىزاھاتلار يوق ئىكەن.

ــ دەل مۇشۇ يەر، ئەپەندىم، ــ دېدى ئۇ، ــ ھەرگىز خاتا ئەمەس، بۇ خەرىتە ناھايىتى توغرا ئىكەن. ناۋادا ئاۋۇ قولتۇققا كىرىپ ئارام ئالماقچى بولساق مۇشۇ يەردە يەلكەننى چۈشۈرەيلى. بۇ يەرنىڭ سۇ ئورنى قولتۇققا كىرىشكە ئەڭ ماس كېلىدۇ.

ــ رەھمەت ساڭا، بۇرادەر، ــ دېدى كاپىتان سىمولېت ئۇنىڭغا، ــ بىردەمدىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى سىنىڭدىن سورايمەن، ئەمدى كەتسەڭ بولىدۇ.

سىلۋېرنىڭ بۇ ئارالغا پىششىقلىقىنى قورقماي ئېيتىشى، شۇنداقلا چىراي ئىپادىسىنىڭ تەمكىنلىكى مېنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى. ئۇ ماڭا يېقىنلاشقاندا قورقۇپ قېتىپلا قالدىم. شۇنداق جەزملەشتۈرەلەيمەنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەست قىلىش پىلانىنى مېنىڭ تولۇق ئاڭلىۋالغانلىقىدىن تامامەن بىخەۋەر. ئۇ قولىنى مۈرەمگە قويغاندا جىسمىمنى ئىختىيارسىز تىترەك باستى.

ــ يىگىت، ــ دېدى ئۇ، ــ بۇ يەر ناھايىتى چىرايلىق. ساڭا ئوخشاش ياشلارغا نىسبەتەن بۇ يەر جەننەتنىڭ ئۆزى. سەن دېڭىزدا چۆمۈلەلەيسەن، دەرەخلەرگە يامىشالايسەن، ئۆچكە ئوۋلىيالايسەن. مۇبادا ئارالدا ساياھەت قىلماقچى بولساڭ ماڭا دە. مەن سېنىڭ ئېلىشىپلىشىڭ ئۈچۈن بىر ۋاق چۈشلۈق مېزىلىك غىزا تەييارلاپ بېرىمەن، ــ ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ مۈرەمگە يېنىك شاپىلاقلاپ قويغاندىن كېيىن دىڭگوسلىغىنىچە كېتىپ قالدى.

كاپىتان سىمولېت، ترېلاۋنىي ئەپەندىم ۋە دوختۇر كېمە كەينىدىكى پالۇبىدا ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. مەن گەرچە ئالدىراپ كېتىۋاتقان بولسامۇ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى قاپ بىلىدىن ئۈزۈپ دوكلات قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. چۈنكى باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىم. مەن ئامالسىز قېلىۋاتقان چاغدا دوختۇر لىۋېس مېنى چاقىرىپ قالدى. ئۇ غاڭزىسىنى كېمە بۆلۈمچىسىدە تاشلاپ قويغانلىقىنى، مېنىڭ بېرىپ ئەكېلىشىمنى ئېيتتى. مەن دوختۇرغا يېقىنلىشىپ بېرىپ ئاستا پىچىرلىدىم:

ــدوختۇر، سىزگە دېيدىغان جىددىي ئىش بار ئىدى. ئالدى بىلەن ترېلاۋنىي ئەپەندىم ۋە كاپىتاننى ئاستىنقى بۆلۈمچىگە ئاپىرىڭ، ئاندىن بىرەر سەۋەب بىلەن مېنى چاقىرىڭ.

دوختۇرنىڭ چىرايى ئازراق ئۆزگىرىپ يەنە دەرھاللا ئەسلىگە كەلدى.

ــ جىم، رەھمەت ساڭا، ــ دېدى ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا، خوددى بايا مېنىڭدىن بىر مەسىلىنى سورىغاندەك قىياپەتتە، ــ ناھايىتى توغرا جاۋاب بەردىڭ.

ئارقىدىنلا كەينىگە بۇرۇلۇپ قالغان ئىككىسى بىلەن گېپىنى داۋام قىلدى. ئۇ سۆزلىگەندە سالماق بولۇپ ئۇلارغا ئىمكان بار چاندۇرماسلىققا تىرىشتى. مەن دوختۇرنىڭ سۆزۈمنى ئۇلارغا يەتكۈزگەنلىكىنى بىلدىم. چۈنكى ئۇزاق ئۆتمەيلا كاپىتان ماتروسلار باشلىقى يۆبو ئاندىرسىنى پالۇبىغا چاقىرىشقا بۇيرۇق قىلدى.

سىمولېت ئەپەندىم ئۇلارغا مەنزىلگە يېتىپ كەلگەنلىكىمىزنى جاكارلىدى، ترېلاۋنىي ئەپەندىمنىڭ ئۇلارنىڭ ئېپادىسىدىن ناھايىتى رازى بولغانلىقىنى ئېيتتى ھەم ئۇلارغا بولغان رەھمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يەتكۈدەك ھاراق تەييارلاپ قويغانلىقىنى دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ماتروسلار خوشلۇقىدىن قىقاس-چۇقان سېلىپ كەتتى. بۇ ئالقىشلار شۇنچە قىزغىن، شۇنچە سەممىيكى، مەن بۇ كىشىلەرنىڭ بىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىغا ئىشىنەلمەيلا قالدىم.

— كاپىتان سىمولېتقا ئىھتىرام بىلدۈرەيلى! — دەپ ۋارقىرىدى سىلۋېر بىرىنچى قېتىملىق ئالقىش ساداسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن.

كىشىلەر تويپى يەنە بىر قېتىم قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى.

ئالقىش ساداسى تېخى ئۆزۈلمەيلا ئۈچ كىشى تۆۋەنكى بۆلۈمچىگە كىرىپ كەلدى. ھايال بولمايلا بىرى خىزمەتكارنىڭ چاقىرىلغانلىقىنى يەتكۈزدى.

مەن بۆلۈمچىگە كىرەگەن چاغدا ئۇلارنىڭ شىرەنى چۆرگىلەپ ئولتۇرغانلىقىنى، شىرەگە بىر بوتولكا ئىسپانىيە ئۈزۈم ھارىقى بىلەن ئازراق قۇرۇق ئۈزۈم قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم. دوختۇر يالغان چېچىنى ئېلىۋەتكەن بولۇپ، توختىماي تاماكا چېكەتتى. بۇ ئۇنىڭ جىددىيلىشۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

— كىچىك جىم، — دېدى ترېلاۋنىي ئەپەندىم، - سېنىڭ گېپىڭ بار ئەمەسمىدى، قېنى تېز ئېيتە!

مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاددىي، چۈشىنىشلىك قىلىپ سىلۋېر ئۈچ كىشىنىڭ دېيىشكەن گەپلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەردىم. سۆزلىرىمنى ئاڭلاۋېتىپ ئۇلارنىڭ كۆزى ماڭا مىقتەك تىكىلدى. گېپىم تۈگىگىچە ھېچنېمە دېمىدى.

— جىم، بۇياققا كېلىپ ئولتۇر، — دېدى دوختۇر لىۋسى.

ئۇ مېنى شىرەگە يېقىن ئولتۇرۇشقا ئىما قىلدى ھەم بىر رومكا ئۈزۈم ھارىقى قويۇپ ماڭا رەھمىتىنى بىلدۈردى. ئاخىرىدا ئۇلار ماڭا سالامەتلىك، ئامەت ۋە باتۇرلۇق تىلەپ قەدەھ كۆتۈرۈشتى.

— كاپىتان، — دېدى ترېلاۋنىي ئەپەندىم، — قارىغاندا دېگىنىڭىز توغرىكەن. مەن خاتالىشىپتىمەن. ئۆزۈمنىڭ ئوسال ئادەملىكىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئىشتا سىزنىڭكىنى ئاڭلايمەن.

— مەنمۇ كالتە پەم ئادەم، ئەپەندىم، — دېدى كاپىتان جاۋاب بېرىپ، — كاپىتان بولۇش سۈپىتىم بىلەن قول ئاستىمدىكىلەرنىڭ سۈيىقەستىنى قىلچىلىكمۇ سەزمەپتىمەن.

— ئەسلىدە بۇلارنىڭ ھەممىنى سىلۋېر پىلانلىغان ئىكەن، — دېدى دوختۇر، - قارىغاندا ئۇ راستىنلا بوش ئادەم ئەمەسكەن.

ــ ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ــ دەپ سورىدى ترېلاۋنىي ئەپەندىم.

ــ مېنىڭچە مۇنداق قىلىش كېرەك، ــ دېدى كاپىتان سىمولېت ئۆز تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ــ ئالدى بىلەن ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز، قايتمايمىز. ناۋادا قايتماقچى بولساق ئۇلار شۇئانلا توپىلاڭ كۆتۈرۈشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، بايلىقنى تېپىشتىن ئاۋۋال ئۇلار بىزگە قول تەگكۈزمەيدۇ. ئۈچىنچىدىن، بىزگە ئاسىيلىق قىلمىغانلارمۇ بار. مېنىڭچە پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ بىر ئىش قىلايلى.

ــ ھازىر بىز نەچچە ئادەملىكمىزنى ساناپ باقايلى، ــ دېدى كاپىتان، ــ رېدارس، جويىس ۋە خونتېر قاتارلىقلار ترېلاۋنىي ئەپەندىمنىڭ خىزمەتكارلىرى، چوقۇم ئىشەنچلىكقۇ دېيمەن؟

ــ مۇتلەق ئىشەنچلىك! ــ دېدى ترېلاۋنىي ئەپەندىم.

ــ بىز ئۈچىمىزنى، يەنە كىچىك جىمنى قوشساق جەمئىي يەتتە ئادەم. بىز يەنە كىمنىڭ كارغا كېلىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى، ــ دېدى كاپىتان.

ــ ترېلاۋنىي ئۆزى تاللىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك، ــ دېدى دوختۇر، ــ ئۇ كىشىلەرنى سىلۋېر تونۇمايدۇ.

ــ ھەممىسىلا ئەمەس، ــ دېدى ترېلاۋنىي ئەپەندىم جاۋاب بېرىپ، ــ خاندىسنى مەن ئۆزۈم تاللىغان ئىدىم.

ــ مەنمۇ ئىلگىرى خاندىس خېلى ئىشەنچلىك دەپ يۈرۈپتىمەن، ــ دېدى كاپىتان.

ــ بۇ كىشىلەرنى ئويلىسام كېمىنى ھازىرلا پارتلىتىۋەتكۈم كېلىۋاتىدۇ، ــ دېدى ترېلاۋنىي ئەپەندىم ئاچچىق بىلەن غۇدۇراپ.

ــ بولدى، ئەپەندىلەر، ــ دېدى كاپىتان، ــ مېنىڭ گېپىم تۈگىدى. بىز چوقۇم سوغۇققان بولۇشىمىز، ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە يۈكسەك ھوشيارلىقنى ساقلىشىمىز لازىم. ھازىر دوست-دۈشمەننى ئېنىق ئايرىماق تەس، شۇڭا مەن كۆپچىلىكنىڭ سەگەك بولۇشىنى، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ــ جىم چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى، ــ دېدى دوختۇر، ــ بىز داۋاملىق ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاج. بۇ كىشىلەر ئۇنىڭدىن گۇمانلانمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جىم بىر ئەقىللىق يىگىت.

ــ كىچىك جىم، مەن سېنىڭ قىلالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن، ــ دېدى ترېلاۋنىي ئەپەندىم ئارقىغا ئۆلاپلا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق دەككە-دۈككىگە چۈشتۈم. چۈنكى مەن ئەزەلدىن ئۆزۈمنى ئەرزىمەس ئادەم دەپ يۈرەتتىم. ئەمما، كېيىنچە تەلەي قىسمەت ئۇدۇل كېلىپ مەن بارلىق كىشىلەرنىڭ تەغدىرىنى ئۆزگەرتىدىغان مۇھىم شەخسكە ئايلىنىپ قالدىم.

ھازىرقى ئەھۋال شۇكى، پۈتكۈل كىمىدىكى 26 ئادەم ئىچىدە بىز تەرەپتە پەقەت يەتتە ئادەم بار ئىدى. يەنە كېلىپ مەن بىر كىچىك بالا، ئەكسىچە رەقىبىمىز 19 ئادەم.

# ئۈچىنچى بۆلۈم
# ئارالدىكى خەتەرلىك سەرگۈزەشتە

## بىرىنچى باب گۆھەر ئارىلىغا چىقىش

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەن مەن پالوبىغا چىققان چاغدا ئارالنىڭ تۈنۈگۈن كۆرگىنىمدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى بايقىدىم. بۇ ۋاقىتتا كېمە ئارالنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە توختىتىلغان بولۇپ، ئارالدىن يېرىم مىل ئارىلىق ساقلاپ تۇراتتى. ئارالنىڭ كۆپ قىسمى كۈلرەڭ قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىنى بىر نەچچە قۇملۇق بۆلۈپ تۇراتتى. بىر قىسىم ئېگىز ئۆسكەن قارىغايلارمۇ كۆزگە تاشلىناتتى. تاغلارنىڭ چوققىسى مۇنچاق-مۇنچاق قورام تاشلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. ئارالدىكى ئەڭ ئېگىز تاغ ئالدى ماچتا تېغى ئىكەن. سىپپىي-گىلاس دەپمۇ ئاتىلىدىغان بۇتاغنىڭ سىرتقى شەكلى ھەممىدىن ئۆزگىچە ئىدى، بۇ تاغنىڭ ھەممە تەرىپى تىك قىيا، چوققىسى تەكشى بولۇپ قارىماققا غايەت زور پېشايۋانغا ئوخشايتتى.

«گىسپانولا» ناملىق كېمە ئاستا-ئاستا ئالدىغا قاراپ ماڭدى، كېمە گەۋدىسى توختىماي چايقىلاتتى، سۇ چېقىرىش تۆشۈكلىرىنىڭ ھەممىسى سوغا تولۇق دېگۈدەك چۆككەن بولۇپ، كېمە رولى ئوڭ-سولغا ئۇرۇلۇپ تاقىراقلىغان ئاۋاز چىقىراتتى. پۈتكۈل كېمە گەۋدىسى قاتتىق سىلكىنمەكتە. مەن يەلكەن ئارقانلىرىنى مەھكەم تۇتۇۋالدىم. كۆز ئالدىمدا يەر-زېمىن پىرقىراۋاتقاندەك بىلىنمەكتە. ئىلگىرى كېمىدە بېشىم قايمايتتى. ئەمما، بۇ قېتىم كۆڭلۈم ئاينىپ چىدىيالماي ئىككى قېتىم قەي قىلدىم.

بۇ يەرگە تەستە كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئەسلى خۇشال بولۇشۇم كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، بېشىم قايغانلىقىدىن ياكى ئارالدىكى ئورمان ۋە بۆرتۈپ چىققان قورام تاشلاردىن بىئارام بولغانلىقىمدىنمۇ، ئەيتاۋۇر تولىمۇ ئۈمىدسىز ـلىنىپ كەيپىياتىم ناچار ئىدى. بۇ ئارالنى تۇنجى كۆرگەندىن باشلاپلا ماڭا ياخشى تەسىر بەرمىگەن ئىدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدۇق. شامال بولمىغاچقا بىز ئامالسىز كىچىك قولۋاقلارنى چۈشۈرۈپ قولۋاقلاغا بىر نەچچە ئادەم چىقاردۇق. ئاندىن چوڭ كېمىنى سۆرەپ

ئارىلىدىكى تۇمشۇقنى بويلاپ ئۈچ-تۆت مىل يۈردۇق ھەم تار بىر دېڭىز بوغۇزىدىن ئۆتۈپ ئىسكىلىت ئارىلىنىڭ كەينىدىكى قولتۇققا كىردۇق.

مەن بىر كىچىك كېمىگە سەكرەپ چىقىپ ياردەملەشمەكچى بولدۇم. شۇ چاغدا ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، ماتروسلار بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن يۇقىرى ئاۋازدا غودۇرايتتى. مۇئاۋىن باش ياردەمچى ئاندىرسونمۇ قولۋاقتا بولۇپ ئۇ كىشىلەرنى توسمايلا قالماستىن ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ تىللايتتى:

— ئاناڭنى، مەن بۇ ئىشتىن تويدۇم.

بۇ بىر شۇملۇقنىڭ ئالامىتى. چۈنكى ئىلگىرى ماتروسلار ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆچەپ ئىشلەۋاتاتتى. ئەپسۇس، گۆھەر ئارىلىنى كۆرۈپلا ئۇلارنىڭ ئىشلىگۈسى كەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى.

سىلۋېر رولچىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا پورتقا كىرىشكە يول كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇ، بۇ يەرنىڭ ھەممىسگە ناھايىتى پىششىق ئىكەن. بىز خەرىتىگە بەلگە قىلىنغان توختاش ئورنىغا كېلىپ لەڭگەر تاشلىدۇق. بۇ يەر ئاساسلىق ئارال ۋە ئىسكىلىت ئارىلىدىن تەخمىنەن ئۈچتىن بىر مىل يىراقلىقتا ئىدى. لەڭگەر تاشلىغان چاغدىكى ياڭراق ئاۋاز بۇ يەردىكى قۇشلارنى ئۈركۈتىۋەتتى. قۇشلار ئېگىز ئۆرلەپ ئورمان ئۈستىدە ئايلىنىپ سايراپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ھەممە نەرسە قايتا تىنچلاندى.

بۇ يەرنىڭ ئۈچ تەرىپى قۇرۇقلۇق بىلەن ئورالغان، يەر يۈزىنى قويۇق ئورمان قاپلىغان، دەل-دەرەخلەر تاكى تاشقىن كۆتۈرۈلۈش ئورنىغىچە سوزۇلغان ئىدى. دېڭىز ساھىلى ناھايىتى تەكشى بولۇپ، كىچىك ئىككى ئېقىن بۇ قولتۇققا قويۇلاتتى. بۇ يەرگە قارىماققا ئەزەلدىن ئادەم كېلىپ باقمىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەگەر قولىمىزدىكى ھېلىقى خەرىتە بولمىغىنىدا بۇ يەرگە تۈنجى تۈركۈمدە كەلگەن كىشىلەر بىزكەنمىز، دەپ قالغان قالاتتۇق. بۇ يەردە دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ قىيا تاشلارغا ئۇرۇلغان ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئارالدىن كۆكىرىپ كەتكەن يوپۇرماق ۋە چىرىگەن دەرەخ غولىنىڭ ھىدى كېلەتتى. دوختۇر خوددى بىر تال بۇزۇق تۇخۇمنى پۇرىغاندەك زېھنىنى يىغىپ پۇراپ كۆردى.

— مەن بۇ يەرگە بايلىق يوشۇرۇنغان دېسە جەزملەشتۈرەلمىسەممۇ، - دېدى دوختۇر، — ئەمما سېرىق قىزىتما كېسىلى بارلىقىغا جەزم قىلالايمەن.

ماتروسلار كېمىگە قايتىپ چىققاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىپادىسىدىن قورقۇپ يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پالۇبىغا يىغىلىپ ۋارقىرىشاتتى، ھېچكىمنى چاقىرىپ توختاتقىلى بولمايتتى، ھېچقانداق بۇيرۇققىمۇ قۇلاق سالمايتتى. قاتتىق

بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بىر قىسىم ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ ئىزىلەڭگۈلۈك قىلىپ، ئەپلەپ-سەپلەپ ئىش قىلالىتتى. ھەتتا ئەڭ ياۋاش ماتروسلارمۇ بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ بۇيرۇققا قۇلاق سالمايۋاتاتتى. بىر خىل شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان نامەلۇم كەيپىيات پۈتكۈل كېمىنى قاپلىۋالغان ئىدى.

بۇنداق ئەھۋالنى ھېس قىلغان بىزلا ئەمەس. سىلۋېرمۇ ئالدى-كەينىگە توختىماي مېڭىپ ھەر بىر كىشىگە كۆچىنىڭ بارىچە نەسىھەت قىلاتتى. ئۇ ھەممە كىشىگە كۆلۈمسىرەيتتى، بۇيرۇق چۈشۈپ قالسا دەرھال ھاسىسىنى تەقلەپ ناھايىتى رايىشلىق بىلەن «خوپ، ئەپەندىم!» دەپ جاۋاب قايتۇراتتى. ئىش بولمىغاندا ماتروسلارنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرماقچى بولغاندەك توختىماي ناخشا ئېيتاتتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، كىشىنى ھەممىدىن بەك ئارامسىزلاندۇرۇدىغىنى سىلۋېرنىڭ ھەرخىل ئادەتتىن تاشقىرى ئىپادىسى بولدى.

شۇ چاغدا بىز كاپىتان بىلەن بىللە بۆلۈمچە ئىچىدە قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى مەسلىھەتلىشىۋاتاتتۇق.

— ھازىرقى ئەھۋالنى كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى كۆردى، ئۇلار ھەرقانداق بۇيرۇققا بويسۇنمايۋاتىدۇ. — دېدى كاپىتان، — ئۇلارغا يەنە ئىش قىلدۇرماقچى بولساق، ھەممە ماتروس ئۆكتە قوپۇپ بىزگە ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن. ۋەزىيەت كونترولسىز قىلىپ ئۇلار بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. ناۋادا مۇشۇنداقلا قويۇۋەتسەك سىلۋېر ئاجىزلىقىمىزنى تۇتىۋالىدۇ. ئەمدى، سىلۋېرنىڭ ماتروسلارنى تىنچلاندۇرۇشنى ساقلىماقتىن باشقا ئىلاج يوق. قارىغاندا ئۇمۇ شۇنداق ئويدا ئوخشايدۇ. مېنىڭ تەكلىپىم، سىلۋېر ماتروسلارنىڭ ھەممىنى باشلاپ قىرغاققا چىقسۇن. شۇ چاغدا بىز بۇ كېمىنى قوغداپ تۇرالايمىز. ئۇلار قىرغاققا چىققاندىن كېيىن تۇيىلاڭ كۆتۈرسىمۇ چوڭ كېمىگە تايىنىپ تاقابىل تۇرالايمىز. ناۋادا ئۇلار ئۆزلىرىگە تايىنىپ بايلىقنى تېپىشقا ئامالسىز قالسا بىزدىن ياردەم تەلەپ قىلماي قالمايدۇ.

بىز مەسلىھەتلىشىپ بۇ قارارنى كاپىتاننىڭ ئۇقتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

— كۆپچىلىك، بۈگۈن ھەممىڭلار تىرىشىپ ناھايىتى ياخشى ئىشلىدىڭلار. شۇڭا سىلەرنى يېرىم كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىشنى قارار قىلدىم. سىلەر قىرغاققا چىقىپ ئوينىساڭلار بولىدۇ. كەچقۇرۇن مەن سالىيوت ئېتىپ كۆپچىلىكنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئۇقتۇرىمەن، — دېدى كاپىتان.

بۇ كىشىلەر گۆھەر ئارىلىغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن بايلىق تاپالايمىز، دەپ ئويلاپ خۇشال بولۇشۇپ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قىيا-چىيالىرى كىچىك ئارالدىكى تاغ

جىلغىسىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ دىگىز قۇشلىرىنى ئۈركۈتىۋەتتى. ئۈركۈپ كەتكەن قۇشلار ئاسماندا ئالا-تاغىل چىرقىرايتتى.

كاپىتان قارارىنى دەپ بولۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ قالغان ئىشلارنى سىلۋېرنىڭ قىلدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

دەرۋەقە، سىلۋېر خۇددى كاپىتانغا ئوخشاش دەرھاللا قارار چىقاردى. ئۇ ئالتە ئادەمنى كېمىدە قىلىشقا بۇيرۇپ، قالغان 12 ئادەمنى باشلاپ قىرغاققا ماڭدى.

كاللامغا تۇيۇقسىز يۈرەكلىك بىر ئوي كەلدى. بۇ خىيالنى پەقەت ساراڭ بولۇپ قالغان كىشىلا قىلاتتى. ئەمما، بۇ ئوي مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە بىزنى قۇتقۇزۇپ قالدى. چۈنكى ھېلىگەرلىكتە تۈلكىدىنمۇ قېلىشمايدىغان سىلۋېر كېمىدە ئالتە ئادەمنى قالدۇرۇپ قويدى. دېمەك، كېمىنى تامامەن ئۆز قولىمىزغا ئالالمايتتۇق. شۇڭا ئۇلارغا ئەگىشىپ قىرغاققا چىقىپ نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش خىيالىغا كەلدىم.

مەن بىر سەكرەپلا كىچىك قولۋاققا چىقتىم. مېنىڭ قولۋاققا چىققانلىقىمنى ھېچكىم سەزمىدى. پەقەت ئالدىدا قولۋاق ھەيدەۋاتقان ماتروس «جىم، بۇ سەنمۇ، بېشىڭنى پەسەرەك قىل» دەپ قويدى. سىلۋېر يەنە بىر قولۋاقتا ئىدى. ئۇ ماتروسنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سورىدى:

— كىم چىقتى؟ كىچىك جىممۇ؟

سىلۋېرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم. بۇنداق قىلىش تولىمۇ قاراملىق ئىدى.

بىز ئىككى قېيىققا ئولتۇرۇپ قىرغاققا چىقتۇق. مەن ئولتۇرغان قېيىق قىرغاققا بالدۇر يېتىپ باردى. قېيىق قىرغاققا يېتىپ بېرىشىغىلا مەن بىرلا سەكرەپ قىرغاققا چىقتىم-دە، ياندىكى چاتقاللار ئارىسىغا شۇڭغۇدۇم. بۇ چاغدا سىلۋېر چۈشكەن قېيىق يۈز يارد يىراقلىقتا كېلىۋاتاتتى. يىراقتىن ئۇنىڭ ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى.

— جىم! نېمە قىلىۋاتىسەن؟

مەن قەستەن ئاڭلىمىغان بولۇۋېلىپ ئالدىمغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ تاكى ھېرىپ ھالىم قالمىغاندا ئاندىن توختىدىم.

## ئىككىنچى باب قانلىق ۋەقەگە شاھىت بولۇش

سىلقۇپرلارنى تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزۈمنى خېلى ئازادە ھېس قىلدىم. بىر ئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن ئارالدىكى ئېكسپېدىتسىيە ساياھىتىمنى باشلىدىم.

مەن سۆگەت، قومۇش ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغان زەيكەشلىكتىن كېسىپ ئۆتۈپ تەخمىنەن بىر مىل ئۇزۇنلۇقتىكى قۇملۇقنى كۆردۈم. بۇ يەردە تۈپتۈز ئۆسكەن بىر نەچچە قارىغايدىن باشقا دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى ئەگرى-بۈگرى ئىدى. ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئىككى چوققىلىق بىر تاغ قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. تاغنىڭ بىر جۈپ چوققىسى قۇياش نۇرىدا يالت-يۇلت قىلىپ چاقنايتتى.

بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە بولۇپ ھېسابلىناتتى. يەنە كېلىپ ئۆزۈم يالغۇز ئىدىم. بۇ يەردە ئۇچار قۇش ۋە ھايۋانلاردىن بۆلەك جانلىق يوق ئىكەن. مەن مەقسەتسىز ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم، يول بويى ئىلگىرى كۆرۈپىمۇ باقمىغان گۈللەرنى كۆردۈم. يەنە بىر تال يىلاننىڭ قۇرام تاش ئۈستىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاغزىدىن «چىر-چىر» ئاۋاز چىقىرىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ شالدىراق قۇيرۇقلۇق يىلان ئىكەن، ئۇنى كۆرگەن چاغدا تېخى بىلمەيتتىم. مەن داۋاملىق ئالدىمغا قاراپ مېڭىپ چوڭ بىر چاتقاللىق ئىچىگە كىردىم. بۇ چاتقاللىق بىر قۇم دۆڭنىڭ چوققىسىدىن باشلانغان بولۇپ، تۆۋەنگە چۈشكەنسېرى دەرەخلەر شۇنچە ئېگىزئىدى. چاتقاللىق تاكى قومۇش ئۆسۈپ كەتكەن سازلىق بويىغىچە سوزۇلۇپتۇ. كۆلچەكلەرنىڭ قۇياش نۇرىنىڭ ھارارىتىدە سازلىقتىن قويۇق تۇمان كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. يىراقتىكى سىپىي-گىلاس تېغى تۇمان ئىچىدە بەئەينى ئاستا قىمىرلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

تۇيۇقسىز بىر ياۋا ئۆردەك غاقىلدىغىنىچە قومۇشلار ئىچىدىن ئۇچۇپ چىقتى، ئارقىدىنلا يەنە بىر چىقتى. ئۇزاققا قالماي پۈتۈن سازلىقنىڭ ئۈستىدە ياۋا ئۆردەك ئايلىنىپ ئۇچۇشقا باشلىدى. مەن سىلقۇپرلارنىڭ ماڭا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. دەرۋەقە، يىراقتىنلا بىر كىشىنىڭ گەپ قىلىۋاتقانلىقى -نى، ئاۋازىنىڭ بارغانسېرى چوڭلاۋاتقانلىقىنى، يېقىنلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم.

مەن ناھايىتى قورقۇپ كەتتىم-دە، يېقىن ئەتراپتىكى پاكار بىر تۈپ دۇپ دەرىخىنىڭ ئاستىغا مۆكۈندۈم ھەم قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ ئاۋازغا قۇلاق سالدىم.

بۇ سىلقۇپرنىڭ ئاۋازى بولۇپ ئۇ توختىماي كالدىرلاپ كېلىۋاتاتتى. گاھىدا باشقىلار ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قوياتتى. ئۇلار ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن سۆزلىشەتتى. ئەمما ئارىلىق خېلى بار بولغاچقا نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمىدى.

مەن ئاستا ئۇلار تۇرغان يەرگە قاراپ ئۆمىلەپ بېرىپ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدۇم. بۇ دەل مېنىڭ قىرغاققا چىققىنىمدىكى ئاساسلىق مەقسىتىم ئىدى. دەرەخلەرنى دالدا قىلىپ ئۇلارغا يېقىنلاشماقچى بولدۇم.

مەن پۈت-قولۇمنى تەك ئىشقا سېلىپ ئۇلارغا قاراپ ئاستا-ئاستا ئۆمىلىدىم. ئاخىرىدا ئۇلارغا خېلى يېقىن بېرىپ توختىدىم. مەن يۇشۇرۇنۇۋالغان دەرەخلەر ئارىسىدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراپ سازلىقنىڭ يېنىدىكى بىر ئويمانلىقتا سىلۇېر بىلەن يەنە بىر ماتروسنىڭ روبىرو تۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقان ـلىقنى كۆردۈم.

قۇياش نۇرى ئۇلارنى يورۇتتى. سىلۇېر بېشىدىكى قالپىقىنى بىر چەتكە چۆرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ ئالدىدىكى ئادەمگە قاراپ گەپ قىلىۋاتاتتى. گېپىدىن ئۇنى قايىل قىلماقچى بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ــ تام، ئاڭلاپ تۇر، ــ دېدى ئۇ، ــ مەن ساڭا ئامراق، چۈنكى سەن قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم، بولمىسا ساڭا بۇلارنى دېمىگەن بولاتتىم. ئىشلار ئاساسەن پۈتۈپ قالدى، بۇلارنى دېيىشىمدىكى مەقسەت جېنىڭنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈندۇر. ناۋادا ئاۋۇ جېنىدىن تويغان ئەبلەخلەر بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

ــ سىلۇېر، ــ دېدى يەنە بىر يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن كىشى خىرقىرىغان ھالدا، ــ مەن سېنىڭ دۇرۇس ئادەملىكىڭنى بىلىمەن، يېشىڭمۇ كىچىك ئەمەس، پۇلۇڭمۇ بار. ئاۋۇ قەلەندەر ماتروسلارغا ئوخشىمايسەن. سېنىڭ باتۇر، جاسارەتلىك ئادەملىكىڭ چىقىپلا تۇرىدۇ. سەن، مېنى ئاۋۇ لۈكچەك مۇتتەھەملەرگە ئەتائەت قىلىشنى خالامسەن، دېمەكچىمۇ؟ ياق، مېنىڭ بىر قولۇمنى كېسىۋەتسىمۇ مەن ئۆز ئىرادەمگە خىلاپ ئىشنى قىلالمايمەن...

قارىغاندا بۇ ئاقكۆڭۈل ماتروس ئۇلارغا قوشۇلۇشنى رەت قىلىۋاتاتتى.

تۇيۇقسىز، بىر چوقان-سۈرەن ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزۈۋەتتى. سازلىقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن غەزەپ بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. كەينىدىنلا ئېچىنىشلىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئېچىنىشلىق ئاۋاز تاغ قاپتىلىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ سازلىقتىكى قۇشلارنى قاتتىق ئۈركۈتۈۋەتتى. خېلىدىن كېيىنمۇ بۇ ئېچىنىشلىق ئاۋاز قۇلاق تۈۋىمدىن نېرى كەتمىدى. ئاخىرى ئەتراپ تىنجىدى.

تام ئېچىنىشلىق ئاۋازنى ئاڭلاپ تۇرالمايلا قالدى. بىراق سىلۇېر كۆزىنى مىتمۇ قىلىپ قويمىدى. ئۇ چىرايىنى ئۆزگەرتىپمۇ قويماي ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ ھەمراھىغا قارىدى.

ــ سىلۇېر! ــ دېدى ھېلىقى تام دېگەن ماتروس تاقەتسىزلىك بىلەن، ـ ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇ يەردە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ؟

ــ ئاۋۇ تەرەپتىما؟ مېنىڭچە ئاللىبۇرۇن بىر ئىش بولدىغۇ دەيمەن، ــ دەپ جاۋاب بەردى سىلۇېر كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

تام سىلۇېرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جىددىيلىشىپ كەتتى.

ــ ئاللىن؟ ئۇنىڭ روھى ئارام تاپقاي! ــ دېدى تام، ــ ئۇ دۇرۇس، ئىسمى-جىسمىغا لايىق ماتروس ئىدى. ساڭا كەلسەم، سىلۋىر، مەن سېنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپ كېلىۋاتقان ئىدىم. ئەمدى ئۇنداق بولمايدۇ. سىلەر ئاللىنى ئۆلتۈردۈڭلار، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا مېنىمۇ ئۆلتۈرۈڭلار. سىلەرگە قېتىلىپ ئۆزۈمنى بۇلغىمايمەن.

تام گېپىنى تۈگىتىپ قىرغاق تەرەپكە بۇرۇلۇپ ماڭدى. بۇ چاغدا مەن سىلۋىرنىڭ دەرەخ شېخىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ھاسىسىنى بەئەينى نەيزىگە ئوخشاش تومىنىڭ كەينىدىن ئېتىپ ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىغا دەل تەگكۈزگەنلىكىنى كۆردۈم. تام يەرگە يىقىلىپ قىمىرلىماي يېتىپ قالدى.

مەن ئۇنىڭ ئۆلگەن-ئۆلمىگەنلىكىنى بىلمىدىم. ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئۇمۇرتقىسىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. ئەپسۇس، سىلۋىر تامغا قىلچىلىكمۇ ھايات قېلىش ئىمكانىيىتى بەرمىدى. ئۇ مايمۇندەك سەكرەپ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا تامنىڭ قېشىغا باردى. ئاندىن بىر پىچاقنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئىككىنى ئۇردى. بۇلارنى كۆرۈپ قورققىنىمدىن ئايلىنىپ كەتتىم.

مەن ئېسىمنى تاپسام بۇ ئالۋاستى گويا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك شىلەپىسىنى كىيىپ ھاسىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، بىر تۇتام ئوت-چۆپ بىلەن پىچىقىدىكى قان يۇقىنى سۈرتكىلى تۇرۇپتۇ.

قۇياش بۇرۇنقىدەكلا زېمىننى قىزىتاتتى. سازلىقتىن يەنىلا تۇمان كۆتۈرۈلەتتى. مەن بىر نەچچە مىنۇت ئىلگىرىلا كۆز ئالدىمدا بىر ئادەمنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئىشەنمەيلا قالدىم.

سىلۋىر پىچىقىنى سۈرتۈپ بولۇپ يانچۇقىدىن بىر پۇشتەكنى چىقىرىپ بىر نەچچە قېتىم چالدى. پۇشتەك ئاۋازى شۇئان ئىسسىق ھاۋادا يىراقلارغا تارقالدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى چاقىرغانلىقىنى بىلدىم. ئۇلار تام بىلەن ئاللىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ناۋادا مېنىمۇ بايقاپ قالسا قىلچە ئىككىلەنمەي جايلىۋېتەتتى.

ئەمدى جېنىمنى ئېلىپ قاچمىسام بولمىدى. مەن نەپەسىمنى قىسىپ ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ئېھتىيات بىلەن ئۆمىلىدىم. خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆمىلىگەندىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ جېنىمنىڭ بارىچە يۈگۈرۈشكە باشلىدىم. ھەتتا يۆلىنىشنىمۇ پەرقلەندۈرۈشكە ئۈلگۈرمىدىم. مەن پەقەت بۇ يەردىن تېزراق كېتىشنىلا ئويلايتتىم. قانچە تېز يۈگۈرگەنسېرى مېنى شۇنچە قورقۇنچ باساتتى. ئاخىرىدا ئۆزۈمنى ئېلىشىپ قالايلا، دەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.

قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئويلايتتىم. ناۋادا كېمىگە قايتىپ بارسام ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ؟ ناۋادا قايتىپ كەتمىسەم ئۇلار مېنىڭدىن گۇمانلىنارمۇ؟ قارىغاندا مەن ئارالدا ئاچلىقتىن ئۆلمىگەندىمۇ بۇ ماتروسلارنىڭ قولىدىن قېچىپ كېتەلمەيدىغاندەك قىلاتتىم.

مۇشۇ خىياللار بىلەن يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىلىپ-بىلمەي قوش چوققىلىق تاغنىڭ باغرىغا كېلىپ قاپتىمەن. بۇ كەڭ يەردە بۈككىدە دۈب دەرىخى ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، ئارىلىقتا يەنە بىرنەچچە تۈپ قارىغايمۇ بار ئىدى. قارىماققا بىر پارچە ئورمانلىقتا ئوخشايتتى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى پەستىكى سازلىقنىڭ ھاۋاسىدىن ساپ ئىكەن.

دەل مۇشۇ يەردە مەن يەنە بىر يېڭى خەۋپكە يولۇقتۇم.

## ئۈچىنچى باب ئارالدىكى غەلىتە ئادەم

تىك ھەم تاشلىق تاغ باغرىدىن نۇرغۇن تاش پارچىلىرى سىيرىلىپ چۈشۈپ دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا تېگىپ شىلدىرلاپ كەتتى. مەن ئىختىيارسىز بۇرۇلۇپ بىر كۆلەڭگىنىڭ قارىغاي شىخىنىڭ كەينىگە ئۈچقاندەك سەكرەپ ئۆتكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ قاراشتىن قاپقارا، تۈكلۈك ئىدى. مايمۇنمۇ، ئېيىقمۇ ياكى ئادەممۇ؟ مەن قورققىنىمدىن شۇئان قەدىمىمنى توختاتتىم.

قانداق قىلىش كېرەك؟ كەينىمدە ئادەم ئۆلتۈرسە كۆزىنى مىتمۇ قىلىپ قويمايدىغان قانخورلار، ئالدىمدا مەن كۆرۈپمۇ باقمىغان مەخلۇق. مەن بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن گەرچە سىلۋېرلار قورقۇنچلۇق بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىرىنى بىلىپ قالغانلىقىمنى بىلىشى ناتايىن، بۇ نامەلۇم مەخلۇقنىڭ ماڭا نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، دېگەنلەرنى كاللامدىن ئۆتكۈزدۈم. ئاخىرى بىر قارارغا كېلىپ بىر تەرەپتىن كەينىمدىن ئېھتىيات قىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن قولۋاق توختىغان يەرگە قاراپ يۈگۈردۈم.

ھېلىقى قارا كۆلەڭگە يەنە پەيدا بولدى ھەم چوڭ بىرنى ئايلىنىپ مېنى توسىماقچى بولدى. ئۇنىڭ يۈگۈرگەندىكى ھالىتى ناھايىتى غەلىتە بولۇپ، بىلىنى ئېگىپ يەرگە چاپلىشىپ ئادەمگە ئوخشاش ئىككى پۇتلاپ يۈگۈرۈيتتى. مەن ئۇنىڭ ئادەملىكىنى جەزم قىلدىم. كاللامدا شۇئان ئىلگىرى ئاڭلىغان ئادەم يەيدىغان ياۋايىلار توغرىسىدىكى ھېكايە پەيدا بولدى. قورققىنىمدىن قۇتقۇزۇڭلار دەپ ۋارقىرىۋېتىشكە قىل قالدىم. مەن ئىختىيارسىز قولۇمنى تاپانچامغا ئۇزاتتىم ھەم قايتا غەيرەتكە كېلىپ بۇ غەلىتە مەخلۇقنى ئەدەپلەپ قويۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم-دە، ئۇنىڭغا قاراپ ئاستا ماڭدىم.

ئـۇ بىـر دەرەخ شـېخىنىڭ كەيـنىگە يوشـۇرۇنۇپ مېنـى كۆزىتىۋاتـاتتى. كېلىۋاتقـانلىقىمنى كۆرۈپ ئالدىغا بىر قەدەم ماڭدى. ئاندىن ئىككىلىنىپ يەنە ئارقىغا بىـر قەدەم چېكىنـدى. مېنـى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرغىنى ئـۇ تۇيۇقسـىز ئالـدىغا مېڭىـپ كېلىـپ يەرگە تىزلانـدى-دە، ئىككى قولىنى گىرەلەشتۈرۈپ يالۋۇرغاندەك قىياپەتتە ئالدىغا سوزدى.

ــ سەن كىم؟ ــ دېدىم مەن قەدىمىمنى توختىتىپ.

ــ بىن گوئىن، ــ دېدى ئۇ جاۋاب بېرىـپ. ئۇنىـڭ ئـاۋازى داتلىشـىپ كەتـكەن قۇلـۇپتەك غاراڭ-غۇرۇڭ ئاڭلىنـاتتى، ـــ مەن شورپېشانە بېـن گـوئىن بـولىمەن، ئـادەم بىـلەن سۆزلىشـىپ باقمىغىلى توپتوغرا ئۈچ يىل بولدى.

مەن ئـۇنى ئېنىـق كـۆردۈم، ئۇمـۇ بىـزگە ئوخشـاش ئـاق تەنلىـك بولـۇپ، تـۇرقى ئـانچە كۆرۈمسىزمۇ ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇچۇق قالغان تېرىسى قۇياش تەپتىدىن قارىيىپ كەتكەن، ھەتتـا كـالپۇكلىرىمۇ قـارا ئىـدى. ئـۇ كونـا يەلـكەن رەختـى بىـلەن سـۇ ئـۆتمەس رەختىنـىڭ پۇرۇچلىرىـدىن ئالىبۇلمـاچ تىكىلـگەن كـىيىم كىيىۋالغـان بولـۇپ، بـېلىگە مىسـتىن ئىلغـۇچ بېكىـتىلگەن كـونىراپ كەتـكەن بەلـۋاغ تاقىۋالغانـدى. بـۇ ئۇنىڭـدىكى بىردىنبىـر كېـرەككە كەلگۈدەك نەرسە ئىدى.

ــ ئۈچ يىل؟ ــ دېدىم مەن، ــ سەن ئولتۇرغان كېمە ۋەقەگە ئۇچرىغانمۇ؟

ــ ياق، دوستۇم، ــ دېدى ئۇ، ــ مەن بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇلغان.

مەن ئىلگىرى بۇنىڭ دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ قورقۇنچلۇق جازالاش ئۇسـۇلى ئىكەنلىكىنـى، جازالانغۇچىغا ئـازاراق ئـوق-دورا بېرىـپ ئانـدىن ئادەمزاتسـىز ئارالغـا تاشـلىۋېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان.

ــ ئۈچ يىل بولدى. مەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى خـام يەپ قىنىنـى ئىچىـپ كەلـدىم. تـوغرا، سەندە پىشلاق بارمۇ؟ بۇ مېنىڭ ئۈچ يىلدىن بۇيان چۈشۈمدىمۇ يېيىشنى ئارزۇلايدىغان نەرسە.

ــ ئەگەر كېمىگە قايتىپ كېتەلىسەم، ساڭا نەچچە ئون قاداق پىشلاق بېرىمەن، ـــ دېـدىم جاۋاب بېرىپ.

ــ قايتىپ كېتەلىسەم؟ بىرەرسى سېنى توسماقچىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ.

ــ شۇنداق، ئەمما سەن ئەمەس، ــ دېدىم جاۋاب بېرىپ.

ــ توغرا، ئىسمىڭ نېمە دوستۇم؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ يەنە.

ــ مېنىڭ ئىسمىم جىم، ــ دېدىم ئۇنىڭغا ئىسمىمنى ئېيتىپ.

ــ جىم، مەن تەڭرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن ئادەممەن، ــ دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

ــ شۇنداقمۇ؟ مەن ئۇنداق قارىمايمەن، ــ دېدىم ئۇنىڭغا.

ــ ئانام تەگرىگە ناھايىتى سادىق ئىدى، ــ دېدى ئۇ، ــ ئەمما مەن ئۇنداق ئەمەستىم. ئەمەلىيەتتە مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئەدەپ-ئەخلاقلىق، تەگرىگە ئېتىقاد قىلىدىغان بالا ئىدىم. خېلى كۆپ دۇئا تېكىستلىرىنى يادقا بىلەتتىم. كېيىنچە قىمارغا مەستانە بولۇپ قالدىم. بۇ پەقەت باشلىنىشى، بارا-بارا ئۆزۈمنى بىلمەيدىغان دەرىجىگە يەتتىم. ئانام مېنى ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسەن، دېگەن ئىدى، مانا ئانامنىڭ دېگىنىدەك كۆنگە قالدىم. مېنىڭ بۇنداق جاپالىق كۈننى كۆرۈشۈم پېشانەمگە پۈتۈلگەن. بۇ ئارالغا كەلگەندىن كېيىن مەن ھەممىنى چۈشەندىم. ھازىر يەنە تەگرىگە ئىشىنىشكە باشلىدىم. جىم، ئېسىڭدە بولسۇن، رۇم ھارىقىنى ھەرگىز كۆپ ئىچمە. ئەمما خاتىرە كۈنلەردە بىرەر رومكا ئىچىپ تەبرىكلەپ قويساڭ بولىدۇ. قەسەم قىلىمەن، مۇشۇ ئارالدىن كەتكىلى بولسىلا مەن قايتىدىن ئادەم بولىمەن.

ــ جىم، ساڭا دەي، ــ دېدى ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ، ــ تەگرى ماڭا قايتىدىن باغرىنى ئاچقىلى تۇردى. مەن بېيىپ كەتتىم! باي بوپ كەتتىم! ساڭا ئېيتىپ بېرەي، مېنى بىرىنچى بولۇپ تېپىۋالغىنىڭ سېنىڭ ئامىتىڭ!

ئۇ سۆزلەۋېتىپ بىر نەرسىنى يادىغا ئالغاندەك جىمىپ قالدى. ئاندىن قولۇمنى تۇتۇپ جىددىي تەرزدە دېدى:

ــ جىم، ماڭا راست گەپ قىل، ئاۋۇ كېمە فلىنتنىڭمۇ؟

مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بۇ كىشىنىڭ ئىتتىپاقدىشىمىز بولۇپ قالىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى.

ــ فلىنتنىڭ كېمىسى ئەمەس، ئۇ ئاللىقاچان ئۆلدى، ــ دېدىم مەن، ــ ئەمما كېمىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى فلىنتنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەر. بىز بولساق ئۇلارنىڭ قول سېلىش ئوبيېكتى.

ــ ئۇنداقتا بىر پۇتى يوق بىرى بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا.

ــ سەن سىلۋېرنى دېمەكچىمۇ؟

ــ سىلۋېر، ــ دېدى ئۇ، ــ توغرا، دەل شۇ!

ــ ئۇ كېمىنىڭ ئاشپىزى، ئاۋۇ ئەبلەخلەرنىڭ كاتتىبېشى، ــ دېدىم مەن جاۋاب بېرىپ.

ئۇ ئەسلىدە مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرغان ئىدى. گېپىمنى ئاڭلاپ قولۇمنى قاتتىق سىقىپ تۇرۇپ دېدى:

ــ ناۋادا سەن سىلۋېر ئەۋەتكەن ئادەم بولساڭ مەن تۈگەشكەن بولاتتىم، ھېلىمۇ ياخشى ئەمەسكەنسەن. ھازىر سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار قانداق؟

شۇنىڭ بىلەن مەن يولغا چىقىپ گۆھەر ئارىلىغا كېلىش جەريانىنى ھەم ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم. ئۇ تەپسىلىي ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى:

ــ جىم سەن ھەقىقەتەن ياخشى بالا. سىلەر ھازىر چوڭ ئاۋارىچىلىققا يولۇقتۇڭلار. ئەمما مەن سىلەرگە ياردەم قىلىشنى خالايمەن. سەن كېمە ئىگىسى ترېلاۋنىينى ناھايىتى مەرد ئادەم دېدىڭ. ناۋادا ئارالدىكى بايلىقنى ئۇنىڭغا بەرسەم، ئۇ ماڭا ئازراق بېرەرمۇ؟ مەسىلەن، مىڭ فوندستېرلىڭ دېگەندەك.

ــ بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ھەممىمىزگە بىر بۆلۈك ئايرىپ بېرىدۇ. ترېلاۋنىي ئەپەندىم مەرد كىشى.

ــ ئۇ مېنى ئېلىپ كېتىشكە قوشۇلارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ خاتىرجەم بولالمايۋاتقاندەك.

ــ بۇنىڭدا چاتاق يوق. ترېلاۋنىي ئەپەندىم كەڭ قورساق، دۇرۇس ئادەم، لەۋزىدە تۇرىدۇ. يەنە كېلىپ بىز توپىلاڭچى ماتروسلارنى مەغلۇپ قىلىشتا ساڭا ئوخشاش بىر ياردەمچىگە مۇھتاج بولىدۇ. شۇندىلا بىز كېمىنى ھەيدەپ قايتالايمىز.

ــ ئۇنداق بولسا مەن خاتىرجەم بولدۇم، ــ دېدى بىن گۇئىن، ــ ساڭا راست گەپنى قىلاي. ئەينى چاغدا فلىنت بايلىقلىرىنى يوشۇرغاندا مەن دەل ئۇنىڭ ‹‹دېڭىز پىلى›› ناملىق كېمىسىدە ئىدىم. فلىنت ئالتە ئادەمنى باشلاپ ئارالغا چىقتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ ئۆزى يالغۇز قايتىپ كەلدى. قالغان ئادەملەرنىڭ ھەممىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ قانداق قىلغانلىقىغا كەلسەك مەن ھېچنېمە بىلمەيمەن. قىسقىسى، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ ياكى روبىرو ئېلىشىپ ئالتە كىشىنىڭ ھەممىنى جايلىۋېتىپتۇ. ئۇ چاغدا بىل بونېس ئۇنىڭ باش ياردەمچىسى، سىلۋېر كېمە رولچىسى بولغان. ئۇلار فلىنتتىن بايلىقلارنى نەگە يوشۇرغانلىقىنى سورىغاندا ئۇ دېيىشنى خالىمىدى. مەن ئۈچ يىل ئاۋۋال يەنە بىر كېمە بىلەن سەپەر قىلغاندا بۇ يەردىن ئۆتتۇق. مەن كېمىدىكىلەرگە فلىنتنىڭ بۇ يەرگە بايلىق كۆمۈپ قويغانلىقىنى ئېيتتىم. ماتروسلار ئارالدا 12 كۈن ئىزدەپمۇ ھېچنېمىنى تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماڭا قاتتىق نەپرەتلىنىپ مېنى بۇ ئارالغا تاشلاپ كەتتى.

ــ ئۈچ يىلدىن بۇيان، مەن مۇشۇ ئارالدا تۇرۇۋاتىمەن. بىرەر ۋاقمۇ ئاغزىمغا تېتىغۇدەك تاماق يەپ باقمىدىم. قارا، مەن يەنە ئادەمگە ئوخشامدىم؟ ئىنسانغا ئوخشىماي قالغانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان، ــ ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ كۆزىنى چىمچىقلىتىپ مېنى مەستانىلەرچە نوقۇپ قويدى. ئارقىدىن سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ سەن قايتىپ بېرىپ كېمە ئىگىسى ترېلاۋنىي ئەپەندىمنى كۆرسەڭ چوقۇم بىن گۇئىننىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاش دۇرۇس ئادەمنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويغىن. سەن ئۇنىڭغا ئۈچ يىلدىن بۇيان، بىن گۇئىننىڭ مۇشۇ

ئارالدا تۇرغانلىقىنى، بەزىدە تىلاۋەت قىلغانلىقىنى، بەزىدە ئانىسىنى سېغىنغانلىقىنى، ئەمما كۆپ ۋاقتىنى بىر نەرسە ئىزدەش بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېيتتى. ئەڭ مۇھىمى ئۇ ھەقىقەتەن ئارالدا ئىزدىگەن نەرسىنى تاپتى، ــ ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ مېنى يەنە نوقۇپ قويدى، چىراي ئىپادىسى ناھايىتى سىرلىق ئىدى.

ــ دېگەنلىرىڭنى بەكمۇ چۈشىنىپ كەتمىدىم، ــ دېدىم مەن، ــ ماڭا دېسەڭمۇ بەرىبىر، ئۆزۈمنىڭ كېمىگە قايتىپ كېتەلەيدىغانلىقىمغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن.

ــ ھە، ــ دېدى ئۇ، ــ بۇ بىر چاتاق ئىش بولدى. بىراق غەم قىلما، مېنىڭدە ئۆزۈم ياسىغان بىر كىچىك قولۋاق بار. ئۇنى ئاۋۇ ئاق تاشنىڭ كەينىگە يوشۇرۇپ قويغان. ناۋادا راستتىنلا كېمىگە كېتەلمىسەڭ بىز قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى.

ئۇ گەپ قىلىۋاتقان چاغدا تۇيۇقسىز گۈمبۈرلىگەن توپ ئاۋازى ئاڭلىنىپ پۈتۈن ئارال زىلزىلىگە كەلدى. بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈشكە يەنە بىر-ئىككى سائەت قالغان ئىدى.

ــ ئۇلار ئۇرۇشۇپ كەتتى! ــ دېدىم مەن ۋارقىراپ، ــ ماڭا ئەگەش.

مەن دەرھال چوڭ كېمە توختىتىلغان يەرگە قاراپ يۈگۈردۈم. بىن گۇنن ماڭا ئەگىشىپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ يۈگۈرۈشى ناھايىتى تېز ئىدى.

ــ سولغا، ــ دېدى ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ، ــ سول تەرەپكە قاراپ يۈگۈرەيلى، جىم! دەرەخ ئاستىغا قاراپ يۈگۈر!

مەن جان-جەھلىم بىلەن ئالدىمغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتىم. ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرمىدىم. زەمبىرەك گۈلدۈرلەپ خېلىدىن كېيىن تۇيۇقسىز يەنە بىر پەس مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئارقىدىنلا ھەممە تىنجىپ قالدى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ئالدىمدا تۆتتىن بىر مىل يىراقلىقتىكى ئورمانلىقتا بىر ئەنگلىيە بايرىقىنىڭ لەپىلدەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

# تۆتىنچى بۆلۈم دوختۇرنىڭ بايانى

## بىرىنچى باب كېمىدىن ۋاز كېچىش

تەخمىنەن سائەت بىر يېرىم ئەتراپىدا ماتروسلار ئىككى قولۋاققا ئولتۇرۇپ قىرغاققا چىقتى. مەن، كاپىتان، ترېلاۋنىي ئەپەندىم ئۈچىمىز بۆلۈمچىدە ئولتۇرۇپ تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋاتاتتۇق. ئەگەر شۇ كۈنى دېڭىزدا شامال بولسا بىز كېمىدە قالغان ئالتە ئادەمگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن يەلكەننى كۆتۈرۈپ گۆھەر ئارىلىدىن كەتمەكچى بولدۇق. ئەمما شامال چىقمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خونتېر كېلىپ كىچىك جىمنىڭ قولۋاققا چىقىپ باشقا كىشىلەر بىلەن ئارالغا كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەن تېخىمۇ ئەندىشىگە چۈشتۈم.

بىز كىچىك جىمنىڭ ئاسىيلىق قىلىشىدىن غەم يەپ باقمىدۇق، بەلكى ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەيمىز. ئۇ بىر توپ چىلبۆرىلەر بىلەن بىللە كەتكەن بولسا ئۇنىڭ ھايات قايتىپ كېلەلەيدىغانلىقىغا بىر نېمە دېمەك تەس. بىز پالوبىغا يۈگۈرۈپ چىقتۇق. ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ كېمە تاختىيىنىڭ يېرىقلىرىدىكى قارىماي ئىسسىقتا تېشىغا تېپىپ چىقىپ، بەدبۇي پۇراق چىقىرىپ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتاتتى. ھېلىقى ئالتە ماتروس ماتروسلار بۆلۈمچىسىگە يىغىلىۋېلىپ نېمىلەرنىدۇر كۇسۇرلىشىۋاتاتتى. ئىككى قېيىق يېقىن ئارىلىقتىكى بىر كىچىك دەريانىڭ دېڭىزغا قويۇلۇش ئېغىزىدا توختاقلىق تۇراتتى. ھەر بىر قېيىقتا بىردىن ئادەم بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى.

بىز ساقلاپ تۇرۇۋېرىشكە تاقەت قىلالماي، خونتېر ئىككىمىز قىرغاققا چىقىپ تەكشۈرۈپ بېقىشنى قارار قىلدۇق. بىز كىچىك بىر قولۋاققا ئولتۇرۇپ يولغا چىققان چاغدا قولۋاقتىكىلەر بىزنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇلار نېمىلەرنىدۇ مەسلىھەتلەشكەن بولسىمۇ قېيىقتىن ئايرىلىپ سىلۋېرغا مەلۇم قىلغىلى ماڭمىدى. پەرىزىمچە، بۇ ئىككى ئەبلەخ قولۋاقتىن يېرىم قەدەممۇ ئايرىلماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغاندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار قىمىرمۇ قىلماي غىڭشىغىنىچە ناخشىسىنى ئېيتىۋەردى. قىرغاقنىڭ بىر تەرىپىدە كىچىك بىر دوقمۇش بار ئىدى. بىز قولۋاقنى دوقمۇشنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە بۇراپ پالاق ئۇردۇق. شۇنداق بولغاندا ئۇلار ئىككىسى بىزنى كۆرەلمەيتتى. مەن ئىككى دانە بەتلەنگەن تاپانچا ئېلىۋالغان ئىدىم. قولۋاقتىن سەكرەپ چۈشۈپلا ئالدىمغا قاراپ كۈچۈمنىڭ بارىچە يۈگۈردۈم.

يۈز ياردىتەك يۈگۈرگەندىن كېيىن بىز بىر ياغاچ قورولغا ئۇچرىدۇق. بۇ ياغاچ قورول خەرىتىگە بەلگە قىلىنغان بولۇپ، بۇ يەر دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ ئارام ئالىدىغان جايىدەك قىلاتتى. قورولنىڭ تۈزۈلۈشىدىن كىچىك بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە ياسالغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. دۆڭنىڭ بېشىدا سۈيى سۈپسۈزۈك بىر بۇلاق بار ئىدى. بىرسى بۇ بۇلاق سۈيىنى چۆرىدەپ ياغاچتىن پۇختا ئۆي سالغان بولۇپ، بۇ ئۆي قىرىق ئادەمنى بىمالال سىغدۇرالايتتى. ياغاچ ئۆينىڭ تۆت تېمىغا قويۇلغان ئوق ئېتىش تۆشۈكىدىن تۆت ئەتراپقا ئوت ئاچقىلى بولاتتى. ياغاچ ئۆينىڭ ئەتراپى بوش يەر بولۇپ ئېگىزلىكى ئالتە فوت كېلىدىغان قاشا ياسالغان ئىدى. قاشا ئاراشلىرى كەڭ بولۇپ سىرتتىكى كىشى قاشا كەينىگە دالدىلىنىپ ئۆيگە ھۇجۇم قىلالمايتتى. شۇڭا يېتەرلىك يېمەكلىك ۋە ئوق-دورا بولسىلا ياغاچ قورول ئىچىدىكى كىشى خېلى ئۇزاققىچە مۇداپىئەدە تۇرالايتتى.

ئادەمنى ھەممىدىن جەلپ قىلىدىغىنى بۇلاق سۈيى ئىدى. گەرچە «گىسپانولا» ناملىق كېمىدە يېتەرلىك قورال-ياراغ، ئوق-دورا، كۆپ مىقداردا يېمەكلىك ھەم ھاراق بولسىمۇ تاتلىق سۇ ناھايىتى كەمچىل ئىدى. مەن مۇشۇ ئىشلارنى ئويلاۋاتقان چېغىمدا تۇيۇقسىز بىر ئېچىنىشلىق ئاۋازنى ئاڭلىدىم ھەم بۇنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئەجەل ئاچچىقىدا ۋارقىرىغان ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىردىم. شۇئان كاللامدا «ئاپلا، تۈگىدى، جىم قەستكە ئۇچرىدى، ئەمدى بالدۇر تەييارلىق كۆرمىسەك بولمايدۇ» دېگەن خىيال چاقماق تېزلىكىدە پەيدا بولدى. مەن دەرھال خونتېرنى چاقىرىپ قىرغاققا قاراپ يۈگۈردۈم.

بىز قولۋاققا سەكرەپ چىقىپ جېنىمىزنىڭ بارىچە چوڭ كېمە تەرەپكە قاراپ پالاق ئۇردۇق. خۇنتېر ھەقىقەتەن ماھىر پالاقچى ئىكەن. بىز سۇ دولقۇنلىرىنى چاچرىتىپ ناھايىتى تېزلا چوڭ كېمىنىڭ يېنىغا يېتىپ باردۇق. مەن ئالدىراش كېمىگە چىقتىم.

كېمىدىكىلەرمۇ ھېلىقى ئاۋازنى ئاڭلىغان ئىكەن. تىرېلاۋنىي ئەپەندىمنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، بىزنى ئېكسپېدىتسىيەگە ئېلىپ چىققانلىقىدىن پۇشايمان قىلىۋاتاتتى. ھېلىقى ئالتە ماتروسنىڭ بىرى قاتتىق قورقۇپ كەتكەن بولۇپ چىرايىدا قان دىدارى كۆرۈنمەيتتى.

— ئۇ بىر يېڭى ماتروس، — دېدى كاپىتان سمولېت ماڭا، — ئۇ ئېچىنىشلىق ئاۋازنى ئاڭلاپ ئايلىنىپ كەتكىلى قىل قالدى. دوختۇر، بىز بۇ ئادەمنى يېنىمىزغا تارتىۋالايلى.

مەن كاپىتان بىلەن بىر پىلان تۈزدۇق ھەم ئىنچىكە ھالقىلىرىغىچە مەسلىھەتلەشتۇق.

بىز رىدارسنى ئۈچ-تۆت تال تولۇق ئوقلانغان مىلتىق ۋە قېلىن بىر ماتراسنى ئېلىپ بىز تۇرۇۋاتقان بۆلۈمچە بىلەن ماتروسلار بۆلۈمچىسى ئارىلىقىدىكى يولنى ساقلىشىنى ئېيتتۇق. خونتېر قولۋاقنى كېمە قۇيرۇقىغا ھەيدەپ بېرىشقا مەسئۇل بولدى. جويس بىلەن مەن پارتلاتقۇچ دورا توگى، مىلتىق، پېچىنە خالتىسى، تۇزلانغان گۆش، بىر توك بىراندى ھەم ئەڭ

قىممەتلىك نەرسە قاچىلانغان دورا ساندۇقى قاتارلىقلارنى قولمۇ-قول كىچىك قولۋاققا يۆتكەشكە مەسئۇل بولدۇق.

بۇ چاغدا ترېلاۋنىي بىلەن كاپىتان پالوبىدا ئىدى. كاپىتان ياردەمچى ماتروسلار باشلىقى خاندىسنى چاقىرىپ ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— خاندىس ئەپەندىم، ناۋادا سىلەر قىرغاققا سىگنال بېرىشكە جۈرئەت قىلساڭلار ترېلاۋنىي ئەپەندىم ئىككىمىز قىلچە ئارىسالدى بولمايلا سىلەرگە قارىتىپ ئوق چىقىرىمىز.

ئۇلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇئانلا تەشۋىشكە چۈشتى ھەم مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن پالوبىلار ئارىسىدىكى چىقىش ئېغىزىغا يۈگۈردى، ئاندىن ماتروسلار بۆلۈمچىسىگە كىرىپ كەتتى. ئېنىقكى، ئۇلار ماتروسلار بۆلۈمچىسى ئىچىدىن ئۆتۈپ كارىدور ئارقىلىپ ئايلىنىپ بىزگە ھۇجۇم قىلماقچى ئىدى. بۇ يەردە رىدارس ئالدىقاچان قورالنى بەتلەپ ئۇلارنى ساقلاۋاتاتتى. ئۇلار بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەينىگە چېكىندى-دە، ماتروسلار بۆلۈمچىسىدە قاپسىلىپ قالدى. بىر ماتروس پالوبىلار ئارىسىدىكى چىقىش ئېغىزى ئارقىلىق پالوبىغا قايتىپ چىقىشقا تەمشىلىۋىدى، كاپىتان ئۇنىڭغا تاپانچىسىنى تەڭلەپ:

— دەرھال كەينىڭگە چېكىن، ئىتتىنىڭ بالىسى! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇ قورققىنىدىن بېشىنى ئېلىپ قاچتى. ئۇلار ئالتىسى ماتروسلار بۆلۈمچىسىگە بەند بولۇپ قايتا ھەرىكەت قىلالمىدى.

بىز نەرسە-كېرەكلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قولۋاققا كۆتۈرەلمىگۈچە قاچىلىدۇق. ئاندىن كېيىن مەن جويىس بىلەن كېمىنىڭ قۇيرۇقىدىكى پەنجىرىدىن قولۋاققا يامىشىپ چىقىپ قىرغاققا قاراپ يۇرۇپ كەتتۇق.

قارشى تەرەپتىكى قولۋاقلاردىكى ئىككى كىشى بىزنىڭ قايتىدىن قىرغاققا قاراپ ماڭغانلىقىمىزنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالغاندەك قىلاتتى. بىز دوقمۇشنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتەيلا دەپ قالغاندا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى تۇيۇقسىز قولۋاقتىن سەكرەپ چۈشۈپ قورۇقلۇققا قاراپ يۈگۈرۈپ تېزلا كۆزدىن غايىب بولدى. مەن ئەسلى بېرىپ ئۇنىڭ قېيىقىنى چۆكتۈرۈۋېتىشنى ئويلىغان ئىدىم، بىراق جون سىلۋېرنىڭ يېقىن ئەتراپتا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بۇ خىيالىمدىن ۋاز كەچتىم.

بىز تېزلىكتە مېڭىپ ئالدىنقى قېتىم قىرغاققا چىققان يەردە توختىدۇق ۋە ھايال بولمايلا نەرسە-كېرەكلەرنى ياغاچ ئۆيگە توشۇشقا باشلىدۇق. بىرىنچى قېتىمدا ئۈچىمىز بىللە بېرىپ ھەممە نەرسىنى ياغاچ ئۆينىڭ ئالدىغا تاشلىدۇق. ئاندىن جويىسنى ئالتە تال مىلتىق بىلەن بۇ يەرنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، خونتېر بىلەن ئىككىمىز لازىمەتلىكلەرنى تاكى تۈگىگىچە توشۇدۇق.

ئەڭ ئاخىردا مەن خونتىرنىمۇ ياغاچ ئۆيىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ ئۆزۈم يالغۇز قولۋاققا ئولتۇرۇپ كېمىگە قاراپ پالاق ئۇردۇم.

مەن كېمىدىن يەنە بىر قىسىم نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن ئىدىم. ترېلاۋنىي كېمىنىڭ قۇيرۇقىدىكى كىچىك پەنجىرىدە مىنى ساقلاۋاتاتتى. ئىككىمىز يەنە نەرسە كېرەكلەرنى يۆتكەشكە باشلىدۇق. بۇ قېتىم ئالغان نەرسىلەر ئاساسلىق يېمەكلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرنەچچە تال سىلىق ستۇۋوللۇق مىلتىق ۋە ئەگمەچ قىلىچمۇ بار ئىدى. قالغان قورال-ياراغ ۋە ئوق-دورىلارنىڭ ھەممىنى دېڭىزغا تاشلىۋەتتۇق.

بۇ چاغدا دېڭىز دولقۇنى كەينىگە يېنىپ چوڭ كېمە لەڭگەرنى چۆرگىلەپ پىرقىراشقا باشلىدى. بىز قارشى تەرەپتىكى ئىككى قېيىق توختىتىلغان يەردىن كېلىۋاتقان ۋاراڭ-چۇرۇڭنى ئاڭلىدۇق. گەرچە بىز جويىس بىلەن خونتىرنىڭ ياغاچ ئۆينى ساقلىيالايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنسەكمۇ، ئەمما بۇ ئاۋازلار بىزنى كېمىدىن دەرھال ئايرىلىشقا ئاگاھلاندۇرۇۋاتاتتى.

رىدىراس كارىدوردىن قايتىپ كېلىپسەكرەپ قولۋاققا چىقتى. كەينىدىن بىز قولۋاقنى كېمىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ھەيدەپ كاپىتان سمولېتنى ئالغىلى باردۇق.

كاپىتان بۇ چاغدا بۆلۈمچىدىكى ماتروسلارغا ۋارقىراۋاتقان بولۇپ، ئۇ گرايغا (ھېلىقى ئېچىنىشلىق ئاۋازنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن ماتروس) بىز بىلەن بىللە كېمىدىن كېتىشكە دەۋەت قىلىۋاتقان ئىدى.

— ھەي، ئابراھام گراي، ئاڭلىدىڭمۇ؟ مەن سېنىڭ ياخشى ئادەملىكىڭنى بىلىمەن، ھازىر ساڭا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق پۇرسەت بېرىمەن، ئوتتۇز سېكۇنت ئىچىدە پالوبىغا چىق.

كەينىگە ئۇلىنىپلا ماتروسلار بۆلۈمچىسىدىن مۇشت-پەشۋالارنىڭ ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى، ئاندىن يۈزى پىچاق بىلەن يارىلانغان گراي پالوبىغا سەكرەپ چىقىپ كاپىتاننىڭ ئالدىغا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەلدى:

— كاپىتان، مەن سىز بىلەن كېتىمەن، — دېدى ئۇ كەسكىن ئاۋازدا.

كاپىتان بىلەن گراي قولۋاققا سەكرەپ چىقتى-دە، بىز قىرغاققا قاراپ تېزلىكتە يۈرۈپ كەتتۇق. گەرچە كېمىدىن ئايرىلغان بولساقمۇ تېخى قىرغاققا بىخەتەر يېتىپ بارمىغان ئىدۇق.

## ئىككىنچى باب خەتەرلىك يۈرۈش

بىز كېمىدىن ئامان-ئېسەن ئايرىلغاندىن كېيىن قولۋاقنى ھەيدەپ ھەممە يەر خەۋپ ئاستىدا قالغان سەپەرگە قەدەم قويدۇق.

ئالدى بىلەن بۇ قولۋاقنىڭ يۆكى ئارتىپ كەتكەن ئىدى. بەش ئادەمدىن سىرت ملتىق دورىسى، تۇزلانغان گۆش، بولكا خالتىسى قاتارلىقلارنىڭ ئېغىرلىقى قولۋاقنىڭ قۇيرۇق قىسمىنى سۇ يۈزى بىلەن تەڭ دېگۈدەك قىلىپ قويىدى. بىر نەچچە قېتىم قولۋاققا سۇمۇ كىرىپ كەتتى. بىرەر يۈز يارد ماڭمايلا ئىشتىنىم بىلەن چاپىنىم تامامەن دېگۈدەك ھۆل بولۇپ كەتتى. كاپىتاننىڭ قوماندانلىقىدا ئادەم ۋە نەرسە كىرەكلەرنىڭ ئورنى بىر قېتىم تەڭشەلدى. قولۋاقنىڭ تەڭپۇڭلۇقىمۇ مۇقىملاشتى. شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن پالاق ئۇرمىساق بولمايتتى.

بۇلاردىن باشقا، ھازىر دەل دولقۇن كەينىگە يېنىۋاتقان چاغ بولغاچقا دېڭىزنىڭ جىددىي ئېقىنى نورمىدىن ئارتۇق يۆك قاچىلانغان قولۋاققا خېلى ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلىۋاتاتتى. قولۋاق كىچىككىنە دولقۇنغا ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. تېخىمۇ يامان بولغىنى بىز دولقۇن زەربىسىدە يۆلىنىشتىن چەتنەپ، ھېلىقى دوقمۇشنىڭ كەينىدىكى ئەڭ ياخشى توختاش ئورنىدىن يىراقلاپ كەتتۇق. ناۋادا جىددىي ئېقىننى بويلاپ يۈرسەك ئىككى قېتىق توختىتىلغان يەرگە بېرىپ قالاتتۇق. بۇ يەردە ھەر ۋاقىت دېڭىز قاراقچىسى پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

— قولۋاقنى قۇرۇقلۇققا توغرىلاشقا ئامال بولمايۋاتىدۇ، — دېدىم مەن كاپىتانغا. مەن رول تۇتۇشقا مەسئۇل بولغان ئىدىم، كاپىتان بىلەن رىدارسىنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى يېتەرلىك بولغاچقا پالاق ئۇرۇشقا مەسئۇل بولغان ئىدى، — جىددىي ئېقىن توختىماي قولۋاقنى سىرتقا ئىتتىرىۋاتىدۇ، سىلەر يەنىمۇ كۈچەڭلار.

— يەنە كۈچىسەك قولۋاق دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كېتىدۇ! — دېدى كاپىتان، — جىددىي ئېقىن پەسەيگىچە بەرداشلىق بېرىڭ.

مەن يەنە سىناپ بېقىپ جىددىي ئېقىننىڭ بىزنى غەرب تەرەپكە قارىتىپ ئىتتىرىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. شۇڭا قولۋاق بېشىنى شەرق تەرەپكە بۇراشقا توغرا كېلىۋاتاتتى.

— ناۋادا مۇشۇنداقلا بولسا بۇ ئۆمرىمىزدە قىرغاققا چىقالمايمىز، — دېدىم مەن.

خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن مەن ناۋادا قولۋاقنىڭ بېشىنى شەرققە توغرىلىساق ئىككى قولۋاق توختىتىلغان يەردىن يىراقلىشىدىغانلىقىم ـ بىزنى ھېس قىلدىم. لېكىن، بۇنداق قىلساق قولۋاق گەۋدىسى بىلەن بىز ماڭماقچى بولغان يۆلىنىش ئوتتۇرىلىقىدا تىك بۇلۇڭ شەكىللىنەتتى ـ دە، قىرغاققا يېقىنلىشالمايتتۇق.

— بىز قېيىقنى جىددىي ئېقىنغا قارشى يۆلىنىشتە ئېھتىيات بىلەن ھەيدىشىمىز كېرەك، — دەپ جېكىلىدى كاپىتان بىزگە، — ناۋادا قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان يەرنى قولدىن بېرىپ قويساق

ئېقىن بىزنى سۆرەپ ئېلىپ كېتىدۇ، كۆپچىلىك سەۋرچان بولايلى، ئېقىن پەسەيگەندىن كېيىن دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ قۇرۇقلۇققا چىقىمىز.

— ئېقىن پەسەيدى، ئەپەندىم، — دېدى گىراي، ئۇ قولۋاق بېشىدا ئولتۇرغان ئىدى، — ئەمدى سىز رولنى ئازراق ئۇرسىڭىز بولىدۇ.

— رەھمەت، بۇرادەر، — دېدىم مەن. ھازىر بىز گىراينى ئۆز ئادىمىمىز دەپ قارايتتۇق.

تۇيۇقسىز كاپىتان ۋارقىرىدى:

— توپ!

ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزگىرىپ كەتكەندەك ئاڭلاندى.

— مەن بۇ مەسىلىنى ئاللىقاچان ئويلىغان، — دېدىم مەن، — ئۇلار ھەرگىز زەمبىرەكنى سۆرەپ قىرغاققا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ئېلىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ ئورماندىن كېسىپ ئۆتمىكى ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس.

— كەينىڭىزگە قاراڭ، دوختۇر، — دېدى كاپىتان.

بېشىمنى بۇراپ كېمىدىكى بەش كىشىنىڭ زەمبىرەكنى چۆرىدەپ ئالدىراش يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇلار زەمبىرەكنىڭ نەملىكتىن ساقلاش قېپىنى يىرتىۋاتاتتى. دېڭىز يۈرۈشىدە زەمبىرەكنى چوقۇم سۇ ئۆتمەس رەخت بىلەن ئوراپ قويۇش زۆرۈر ئىدى. بۇ چاغدا ئاندىن توپ ئوقى بىلەن مىلتىق دورىسىنىڭ كېمىدە قالغانلىقىنى يادىمغا ئالدىم. ئەسلىدە ئۇلار كېمىدىكى زەمبىرەك بىلەن بىزگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقان ئىكەن. مەن كۈچۈمنىڭ بارىچە رولنى قىرغاققا قارىتىپ بۇرۇدۇم. ھېلىقى جىددىي ئېقىندىن قۇتۇلغان بولساقمۇ قىرغاققا يەنە خېلى ئارىلىق بار ئىدى. قېيىق بەئەينى ھەرىكەتچان قارىغا ئېتىش نىشانىدەك دېڭىزدا لەيلىمەكتە. مەن ئىسرايىل خاندىسنىڭ بىر دانە توپ ئوقىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ پالۇبىغا توڭگىدە تاشلىغانلىقىنى كۆردۈم.

— خاندىس دېگەن قىلىنىنىڭ توپچىسى، — دېدى گىراي گېلىنى قىرىپ.

— كىمنىڭ قارىغا ئېتىشى ياخشى؟ — دەپ سورىدى كاپىتان.

— ئەلۋەتتە ترېلاۋنىي ئەپەندىمنىڭ، — دېدىم مەن.

— ترېلاۋنىي ئەپەندىم، سىز ئوق چىقىرىپ ئاۋۇ ئەبلەخلەرنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتسىڭىز قانداق؟ ئەڭ ئالدى بىلەن ئاۋۇ خاندىس دېگەن نىمىنى جىمىقتۇرۇڭ، — دېدى كاپىتان، ئاندىن جېكىلەپ قوشۇپ قويدى، — ئوق چىقارغاندا دىققەت قىلىڭ، قولۋاقنى كۆمتۈرۈۋېتىشتىن ئېھتىيات قىلىڭ.

تىرىلاۋنىي مىلتىقنى قولىغا ئېلىشىغا بىر پالاق ئۇرۇشتىن توختاپ قولۋاقنى ئىمكان بار مۇقىملاشتۇرۇشقا تىرىشتۇق. تىرىلاۋنىي ئەپەندىم خاندىسنى نىشانلاپ ئوق ئۈزدى. ئەپسۇس، خاندىس شۇ چاغدا پەسكە ئېگىشىۋىدى، ئوق ئۇنىڭ بېشىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ يەنە بىر ئادەمگە تەگدى. ئۇ ئادەم ئېچىنىشلىق ۋارقىراپ يىقىلدى. بۇ، كېمە ۋە قىرغاقتىكى باشقا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويدى. مەن نۇرغۇن دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ ئورمانلىقتىن يۈگۈرۈپ چىققانلىقىنى ھەم قولۋاققا ئولتۇرۇپ بىزگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

— ئۇلار بىزگە قاراپ كەلدى، — دەپ ۋارقىرىدىم مەن.

— تېز ماڭايلى، — دېدى كاپىتان، — ئەمدى قولۋاقنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشى بىلەن كارىمىز بولمىسۇن. ناۋادا دەرھال قىرغاققا چىقىۋالمىساق تۈگىشىمىز.

— پەقەت بىرلا قولۋاق كەلدى، — دېدىم مەن، — قارىغاندا قالغانلار قىرغاقتا قىلىپ بىرنى ئىككى تەرەپتىن قىستىماقچى.

— تەمتىرىمەڭ، ئۇلار تېخى بىر پەس يۈگۈرۈشى كېرەك، — دېدى كاپىتان، — ماتروسلار قىرغاققا چىققاندىن كېيىن ئانچە كارغا كەلمەيدۇ. مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم ئۇلار ئەمەس، كېمىدىكى زەمبىرەك. تىرىلاۋنىي ئەپەندىم، قاراڭ، ئۇلار ئوت يېقىشقا تەييارلاندى. بىز بەك يېقىن تۇرۇپ قالدۇق. ئۇلار قارىغا ئالمىسىمۇ بىزگە تەگكۈزەلەيدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، سىز ئۇلارنىڭ ئوت ياققانلىقىنى كۆرگەن ھامان ماڭا مەلۇم قىلىڭ.

بىز بار كۈچىمىز بىلەن قىرغاققا قاراپ ماڭدۇق. يەنە 30-40 قېتىم پالاق ئۇرساقلا قىرغاققا بېرىۋالاتتۇق. ھېلىقى تۇمشۇق بىزنى ۋاقتىنچە قولۋاقتىكى دۈشمەنلەردىن ئايرىۋەتتى. ئەمما بىز كېمىدىكى زەمبىرەكتىن ئىبارەت تېخىمۇ چوڭ خەۋپكە دۇچ كېلىۋاتاتتۇق.

— دۈشمەن ئوت ياقتى، — دەپ مەلۇم قىلدى تىرىلاۋنىي.

— پالاقنى يىغىڭلار، — دېدى كاپىتان بۇيرۇق قىلىپ.

كاپىتان گېپىنى تۈگىتىپ رىدارس بىلەن كەينىگە بىرلا كۈچەپ ئۆڭدىسىغا ياتتى-دە، قولۋاق قۇيرۇقنى سۇغا تولۇق دېگۈدەك چۆكتۈردى. بۇ ۋاقىتتا، توپ ئوقى بىزگە قاراپ ۋىشىلداپ ئۇچۇپ كەلدى. بۇ دەل جىم ئاڭلىغان بىرىنچى قېتىملىق توپ ئاۋازى ئىدى. ھېچقايسىمىز توپ ئوقنىڭ قەيەرگە چۈشكەنلىكىنى كۆرمىدۇق. شۇنىسى ئۇ پەيدا قىلغان شامال ۋە بىزنىڭ تەۋرىنىشىمىز قولۋاقنى ئاخىرى چۆكتۈرۈۋەتتى.

كاپىتان ئىككىمىز دەل ۋاقتىدا قولۋاقتىن سەكرەپ چۈشۈۋالدۇق، قالغانلار سۇغا باشچىلاپ موللاق ئاتتى.

تەلىيىمىزگە بىر قىرغاقتا خىلى يېقىن بولۇپ سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئارانلا ئۈچ فوت كېلەتتى. شۇڭا بىزگە ھېچ ئىش بولمىدى. ئەمما قولۋاقتىكى نەرسىلەر سۇغا چۆكۈپ كەتتى. تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى بەش تال مىلتىق ئىچىدە پەقەت كاپىتان ئىككىمىزنىڭلا ئىشلەيتتى. سۇغا چۈشكەن ۋاقتىمدا مەن قورالنى ئىختىيارسىز بېشىمدىن ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان، كاپىتان بولسا مۈرىسىگە ئارتىپ ئۈچىنى ئاسمانغا قارىتىۋالغان بولغاچقا ھۆل بولۇپ كەتمىگەن ئىدى.

بۇ چاغدا، ئورمانلىقتىن ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ بارغانسىرى يېقىنلاشقا باشلىدى. بىز دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ چېكىنىش يولىمىزنى ئۈزۈپ تاشلاش خەۋپىگە دۇچ كېلىپلا قالماي، يەنە جويىس بىلەن خونتېر قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ-يوق، دېگەن مەسىلىگە دۇچ كەلدۇق.

خونتېرنىڭ باتۇر ئادەملىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئەمما جويىسقا بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى. ئۇ بىر خىزمەتكار بولۇپ، كىر يۇيۇپ، تاماق قىلىسىلا بولاتتى، ئۇرۇشۇشقا بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى. مۇشۇلار يادىمىزدىن كەچكەندە كىچىمىزنىڭ يېتىشىچە قىرغاققا قاراپ يۈگۈردۇق. قولۋاق ھەم ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدۇق.

## ئۈچىنچى باب قانلىق ئېلىشىش

بىز قىرغاققا چىقىپلا ياغاچ قورۇلغا قاراپ ئۈچقاندەك يۈگۈردۇق ھەم ئەڭ يۇقىرى تېزلىكتە بىزنى قورولدىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئورمانلىقتىن كېسىپ ئۆتتۇشكە باشلىدۇق. ئۇزاققا قالمايلا دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ يۈگۈرگەن ئاياق تىۋىشىنى ھەم دەرەخ شاخلىرىنىڭ شالدىرلىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدۇق.

مەن سەل تۇرۇپ بىر مەيدان كەسكىن جەڭنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ مىلتىقىمغا قاراپ قويدۇم.

ــ كاپىتان، ــ دېدىم مەن، ــ ترېلاۋنىي ئەپەندىم ماھىر مەرگەن، قورالىڭىزنى ئۇنىڭغا بېرىڭ، ئۇنىڭ قورالى كاردىن چىقىپتۇ.

كاپىتان دەرھال ترېلاۋنىي ئەپەندىم بىلەن قورالنى ئالماشتۇردى. ترېلاۋنىي كۆرۈنۈشتە ناھايىتى تەمكىن بولۇپ، ھازىرمۇ بۇ قىياپىتىنى بۇزمىغان ئىدى. ئۇ قەدىمىنى توختىتىپ قولىدىكى قورالنى تەكشۈردى. بۇ چاغدا مەن گرايىنىڭ قولىدا قورال يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئەگىمەچ قىلىچنى ئۇنىڭغا سۇندۇم. ئۇ قولىغا تۈكۈرۈپ ئەگمەچ قىلىچنى ھاۋادا غۇيۇلدىتىپ شىلتىپ،

ھەممىمىزنى خۇشال قىلىۋەتتى. قارىغاندا بۇ يېڭى ھەمراھ بىزگە ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغاندەك قىلاتتى.

بىز قىرىق نەچچە قەدەم يۈگۈرگەندىن كېيىن ئورمانلىقنىڭ گىرۋىكىگە يېتىپ كەلدۇق ھەم جەنۇب تەرەپتىكى قاشانىڭ ئوتتۇرىدىن ياغاچ ئۆيگە يېقىنلاشتۇق. بىز بىلەن تەڭلا ماتروسلار باشلىقى يوبو ئاندىرسون يەتتە قاراقچىنى باشلاپ ياغاچ ئۆينىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن باستۇرۇپ كەلدى.

ئۇلار بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى كۆرۈپ كەينىگە چېكىنمەكچى بولغاندەك داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. بىز ئۇلارنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرغان چېغىدا ئوق چىقاردۇق. ئۆينى ساقلاۋاتقان خونتېر بىلەن جويسمۇ تەپكىنى قايرىدى. بىر پەس قالايمىقان ئوق چىقىرىشتىن كېيىن بىر قاراقچى يىقىلدى. قالغانلار ئورمانلىققا قاراپ بېشىنى ئېلىپ قاچتى.

بىز غەلىبە شادلىقىغا چۆمگەن چاغدا بىر پاي ئوق قولاق تۈۋىمىدىن ۋاشىلداپ ئۆتۈپ كەتتى، ئارقىدىن مەن بىچارە تام رىدارسىنىڭ يەرگە يىقىلغانلىقىنى كۆردۈم. ترېلاۋنىي ئەپەندىم ئىككىمىز دەرھال قايتۇرما زەربە بەردۇق. لېكىن، ئوقنىڭ نەدىن چىققانلىقىنى بىلمىگەچكە خېلى كۆپ ئوقنى بىكارلا ئىسراپ قىلدۇق. ملتىقلىرىمىزنى قايتا ئوقلىغاندىن كېيىن بۇرۇلۇپ رىدارسىنىڭ يېنىغا كەلدۇق.

كاپىتان بىلەن گىراي ئۇنىڭ يارىسىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى. مەن بىر قاراپلا ئەھۋالىنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلدىم.

مېنىڭچە، قاراقچىلار قاقشاتقۇچ زەربە يېگەچكە قايتا ھۇجۇمغا ئۆتمەيتتى. بىز بىچارە رىدارسنى كۆتۈرۈپ ياغاچ ئۆيگە ئېلىپ كىردۇق. ئۇ توختىماي ئىڭرايتتى، يارىسىدىن توختىماي قان ئاقاتتى.

بىز خەتەرگە يولۇققاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇ بىرەر قېتىممۇ ۋايساپ باقمىغان، قورقۇپمۇ باقمىغان، ھەتتا بىرەر ئېغىز ئارتۇق گەپمۇ قىلىپ باقمىغان ئىدى. مانا ئەمدى بىز ياغاچ ئۆيدە ئۇنىڭ جان ئۈزۈشىنى ساقلىماقتىمىز. ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا بىرئازمۇ ۋايسىمىدى. ئۇ ئارىمىزدىكى يېشى ئەڭ چوڭ ئادەم بولۇپ، مېنىڭدىن يىگىرمە نەچچە ياش چوڭ. ئۇ بىزگە سەممىمىي سادىقلىق بىلەن ھەمراھ بولۇپ ئەمدى جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرماقتا.

ترېلاۋنىي ئەپەندىم ئۇنىڭ يېنىغا يۈكۈنۈپ قوللىرىنى سۆيگىنىچە بەئەينى كىچىك باللاردەك ياش تۆكۈپ يىغلاپ كەتتى.

ـــ مەن بولالمىغۇدەكمەن، شۇنداقمۇ دوختۇر؟ ـــ دەپ سورىدى رىدارس.

ــ تام، ــ دېدىم مەن، ــ سىز ئۆيگە قايتىدىغان بولۇۋاتىسىز، قەدىرلىكىم.

ــ تام، ــ دېدىترېلاۋنىي يىغلاپ تۇرۇپ، ــ مېنى كەچۈر، سېنى ئېلىپ كەلمىسەم بوپتىكەن.

ــ ئۇنداق دېمەڭ، ئەپەندىم! ناۋادا سىز راستىنلا مېنىڭ كەچۈرۈشۈمنى ئارزۇ قىلسىڭىز، ئۇنداقتا مەن سىزنى كەچۈردۇم، ئامىن!

قىسقا سۈكۈتتىن كېيىن رىدارس بىرەرىمىزنىڭ ئۆزى ئۈچۈن تىلاۋەت قىلىپ قويۇشىمىزنى ئۆتۈندى.

ــ بۇ قائىدە، ئەپەندىم، ــ دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا. ئۇزاققا قالمايلا ئۇ تىنىقىدىن قالدى.

بۇ چاغدا كاپىتان يېنىدىن بىر پاتمان نەرسىنى چىقاردى. بۇ نەرسىلەر ئىككى ئەنگلىيە بايرىقى، بىر «ئىنجىل»، بىر باغلام ئارغامچا، قەلەم، سىياھ، دېڭىزدا يۈرۈش خاتىرىسى، يەنە بىرنەچچە قاداق تاماكا ئىدى. خونتېرنىڭ ياردىمىدە ئۇ بىرتال شەمشاد ياغىچى تېپىپ كېلىپ بايراق خادىسى قىلىپ ئۆينىڭ بىر بۇرجىكىگە مەھكەم تاڭدى. ئارقىدىنلا يەنە ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە ئۆمىلەپ چىقىپ دۆلەت بايرىقىنى بايراق خادىسىغا تېڭىپ بايراق چىقاردى.

ئۇ ياغاچ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ باشقا ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالغاندەك نەرسە-كېرەكلەرنى تەكشۈرگىلى تۇردى. ئەمەلىيەتتە ئۇ قازا قىلغان رىدارسقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈۋاتاتتى. ئۇ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن بىر ئەنگلىيە بايرىقىنى ئېلىپ رىدارسنىڭ ئۈستىگە ئېھتىرام بىلەن يېپىپ قويدى.

ــ قايغۇرماڭ، ترېلاۋنىي ئەپەندىم،ــ دېدى كاپىتان، ــ ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىۋېتىپ قۇربان بولدى، ــ ئاندىن ماڭا بۇرۇلۇپ سورىدى، ــ دوختۇر لىۋېس، ترېلاۋنىي ئەپەندىم ئىككىڭلار ئېيتقان ياردەمچى كېمە قاچان كېلىدۇ؟

مەن ئۇنىڭغا بۇنىڭ نەچچە ئايدىن كېيىنكى ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ناۋادا بىز سەككىزىنچى ئاينىڭ ئاخىرىمۇ قايتىپ بارالمىساق ئاندىن بىلاند كېلىپ بىزنى ئىزدەيتتى. بىز ئۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە كېلىشىپ قويغان ئىدۇق، شۇڭا بالدۇرمۇ كەلمەيتتى ھەم كەلمەيمۇ قالمايتتى.

ــ ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ ناھايىتى يىراقتىكى ئىش، ــ دېدىم مەن.

ــ ھەم، ــ دېدى كاپىتان بېشىنى چايقاپ، ــ ھازىر ئەھۋالىمىز بەك چاتاق بولۇۋاتىدۇ. بىز تويتوغرا بىر قولۋاق تەمىناتتىن قۇرۇق قالدۇق. ئوق-دورا يېتىشمەيدۇ، يېمەكلىكمۇ كەمچىل.

دەل مۇشۇ چاغدا گۈلدۈرلىگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدۇق. بىر پاي زەمبىرەك ئوقى ياغاچ ئۆينىڭ ئۈستىدىن ۋىشىلداپ ئۆتۈپ بىزدىن ناھايىتى يىراقتىكى ئورمانلىقتا پارتلىدى.

ــ ئېتىشە، ئېتىش، ئىشقىلىپ جىق ئوق قالمىدى، ــ دېدى كاپىتان.

ئارقىغا ئۇلىنىپلا ئىككىنچى پاي زەمبىرەك ئوقى ئۇچۇپ كەلدى. بۇ قېتىم زەمبىرەك خېلى توغرا ئېتىلغان بولۇپ ئوق قاشا ئىچىگە چۈشۈپ چاڭ-توزان كۆتۈرۈلدى، ئەمما زىيان سالالمىدى.

ترېلاۋنىي ئەپەندىم دۆلەت بايرىقى كېمىدىكىلەرگە نىشان بولۇپ بەردى، شۇڭا ئۇنى چۈشۈرۈۋېتەيلى دېدى، بىراق كاپىتان بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. شۇ كۈنى كەچلىكى توپ ئوقى ئارقا- ئارقىدىن ئېتىلىۋەردى. ئەمما ئۇلارنىڭ قارىغا ئېلىش تېخنىكىسى بەكمۇ ناچار بولۇپ، بىرەرسىمۇ ياغاچ ئۆيگە تەگمىدى.

ــ ئەمەلىيەتتە بۇ ياخشى ئىش، ــ دېدى كاپىتان، ــ بۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كېمىگە بېرىۋالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئورمانلىقتا چوقۇم دۈشمەن قالمىدى. ھازىر تاشقىن چېكىنىدى، كىم مەن بىلەن بېرىپ قولۋاقتىكى نەرسە-كېرەكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ؟

گىراي بىلەن خونتېر دەرھال ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار تولۇق قوراللىنىپ ئاستا ياغاچ ئۆيدىن چىقىپ ئانچە ئۇزاق بولمايلا قورۇق قول قايتىپ كېلىشتى. چۈنكى ئۇلار تۆت-بەش قاراقچىنىڭ بىزگە كېرەكلىك نەرسە-كېرەكلەرنى ئالدىراش سۆرەپ كېتىۋاتقانلىقىنى، سىلۋېرنىڭ كېمىدە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىكەن. ھەر بىر قاراقچىنىڭ قولىدا بىردىن مىلتىق بار بولۇپ، ئەسلى ئۇلار بىرىستولدىن كېمىگە چىققان چاغدا ئوغرىلىقچە كۆپ مىقداردىكى ئوق-دورا بىلەن قۇرال-ياراق ئېلىۋالغان ئىدى.

كاپىتان قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دېڭىز يۈرۈش خاتىرىسىنى يېزىشقا باشلىدى:

كېمىدىكى ئۆز ۋەزىپىسىگە سادىق كىشىلەر تۆۋەندىكىلەر:

كاپىتان ئالېكساندىر سىمولېت، كېمە دوختۇرى داۋىي لىۋېس، كېمە ئىگىسى جون ترېلاۋنىي، كېمە ئىگىسىنىڭ خىزمەتكارى جون خونتېر ھەم رىچارد جويىس (بۇ كىشى دېڭىزچى ئەمەس). بىزدە ئەڭ كۆپ بولغاندا ئون كۈنگە يەتكۈدەك يېمەكلىك بار. بۈگۈن گۆھەر ئارىلىغا چىقتۇق ھەم ئارالدا دۆلەت بايرىقى چىقاردۇق. كېمە ئىگىسىنىڭ خىزمەتكارى رىدارس بەختكە قارىشى قازا قىلدى. ئۆگەنگۈچى ماتروس جىم خاۋكىنسنى...

مەن بىچارە كىچىك جىمنىڭ ئامانلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ تۇرغان چاغدا تۇيۇقسىز يىراقتىن توۋلىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدىم.

ــ بىرسى بىزنى چاقىرىۋاتىدۇ! ــ دېدى قاراۋۇللۇقتا تۇرۇۋاتقان خونتېر.

ــ هەي خونتېر، بۇ سىزمۇ؟ دوختۇر! كاپىتان!

بۇ تونۇش ئاۋاز توختىماي چاقىراتتى.

مەن تېزلىك بىلەن ئىشىك ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ جىمىنىڭ قاشادىن ئارتىلىپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ يارىلانمىغاندەك قىلاتتى.

# بەشىنچى بۆلۈم
# ياغاچ قورولنى ساقلاش

## بىرىنچى باب ياغاچ قورولنى مۇھاپىزەت قىلىش

بىن گوئىن دۆلەت بايرىقىنى كۆرگەندىن كېيىن مېڭىشتىن توختاپ، بىلىكىمنى تارتىپ مېنى ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلدى.

— قارا، دوستلىرىڭ چوقۇم شۇ يەردە، — دېدى ئۇ.

— قانداق بىلدىڭ؟ ئېھتىمال ئۇلار دېڭىز قاراقچىلىرى بولۇشى مۇمكىن، — دېدىم مەن.

— ئۇلا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئۇ، — ناۋادا سىلۋېرلار بولسا دۆلەت بايرىقى چىقارماي بەلكى ئىسكىلىت بايرىقىنى چىقىرىدۇ. ئۇلار بايا تۇتۇشۇپ قالدى، پەرىزىمچە ھەمراھلىرىڭ ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىرغاقتا چىقىپ ئاۋۇ ياغاچ ئۆيگە كىرىۋاپتۇ. بۇ ئۆينى فلىنت ئۆزى بىر قوللۇق ياسىغان، ناھايىتى پۇختا. فلىنتنىڭ ھەم قەيسەر ھەم ھېيلىگەر، شۇنداقلا ھېچنىمىدىن قورقمايدىغانلىقىغا قول قويىمەن. سىلۋېر ئۇنىڭ قولىغا سۇمۇ قويۇپ بېرەلمەيدۇ.

— دېگىنىڭ ناھايىتى توغرا، — دېدىم مەن، — مەن بېرىپ ھەمراھلىرىمنى تېپىپ ئۇلارغا ياردەملىشىمەن، ماڭايلى.

— ئالدىرىما، دوستۇم، — دېدى بېن گوئىن، — مەن ئەخمەقلىق قىلمايمەن. گەرچە سەن ياخشى بالا بولساڭمۇ يەنىلا بالا. ھېچكىم مېنى ئۇ يەرگە ئالداپ ئېلىپ بارىمەن دەپ ئويلىمىسۇن. مەن كىمە ئىگىسنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ھەم ئۇنىڭ لەۋزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاندىن سىلەر بىلەن ماڭىمەن. سەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن كېمە ئىگىسىگە مېنىڭ ئېھتىرامىمنى يەتكۈزۈپ قويغىن.

ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ مېنى يەنە نوقۇپ قويدى.

— مېنى قانداق ئىزدەشنى بىلەمسەن؟ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولساڭلار بۇگۈن مېنى ئۇچراتقان يەرگە بېرىڭلار. ئېسىڭدە بولسۇن، كۆرۈشكەندە بىرلا ئادەم كېلىشى كېرەك ھەم قولىغا پۇتۇنلەي ئاق رەڭلىك نەرسە ئېلىۋېلىشى كېرەك، سەن چۈشەندىڭمۇ؟

ــ بولىدۇ، ئېسىمدە تۇتىمەن، ــ دېدىم مەن، ــ سەن بىزنى بىر قىسىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىمەكچى، يەنە كېمە ئىگىسى ياكى دوختۇر لىۋىس بىلەن كۆرۈشمەكچى، سېنى ئىزدىمەكچى بولساق بۇگۈن سېنى ئۇچراتقان يەرگە بېرىپ ئىزدەيمىز، شۇنداقمۇ؟ ــ دېدىم مەن ھەم ئۆرۈلۈپ مېڭىشقا تەمشەلدىم.

ــ ئالدىرىما، بىز تېخى ۋاقتنى دېيىشىۋالمىدۇق، ــ دېدى ئۇ، ــ ئېسىڭدە بولسۇن، ــ كۆرۈشىدىغان ۋاقىت سائەت 12 دىن چۈشتىن كېيىن سائەت ئۇچكىچە بولىدۇ.

ــ بولىدۇ، مەن ئۇنتۇپ قالمايمەن، ئەمدى كەتسەم بولامدۇ؟ ــ دېدىم مەن.

ئەمدى كەتمەكچى بولۇپ تۇرۇۋشۇمغا ئۇ قولۇمنى تارتىپ تۇرۇپ دېدى:

ــ ھەممىنى يادىڭدا تۇتتۇڭمۇ؟ ئۇنتۇپ قالما، ھەممىنى ئېنىق ئېيت. يەنە سىلۋېرنى كۆرۈپ قالساڭ ئۇ سېنى قانداقلا مەجبۇرلىشىدىن قەتئىينەزەر مېنى سېتىۋەتسەڭ بولمايدۇ. ناۋادا ئاۋۇ دېڭىز قاراقچىلىرى ئارالدا ماكانلىشىدىغان بولسا مەن ئۇلارنىڭ بېشىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ يانچىۋېتىمەن...

تۇيۇقسىز گۈلدۈرلىگەن بىر ئاۋاز ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويدى. بىر پاي زەمبىرەك ئوقى بىزدىن يۈز ياردمۇ كەلمەيدىغان يەرگە چۈشۈپ پارتلىدى. قورققىنىمىزدىن تەرەپ-تەرەپكە قاراپ قاچتۇق.

توپ ئوقلىرى توپتوغرا بىر سائەتكىچە ئورمانلىق ئىچىگە چۈشۈپ تۇردى. مەن بىر تەرەپتىن ئىلگىرىلەپ، بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنى دالدىغا ئالاتتىم. زەمبىرەك ئوقى توختىماي ياغاچ قورول تەرەپكە ئېتىلغاچقا ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇ يەرگە بارغىلى بولمايتتى. مەن شەرققەقاراپ ئايلىنىپ تۇرۇپ ئۇن-تىنسىز قىرغاق تەرەپتىكى ئورمانلىققا يېتىپ كەلدىم. قۇياش ئەمدىلا ئولتۇرۇۋشىغا دېڭىز تاشقىنى ئاستا چېكىنىپ كەڭ كەتكەن قۇملۇق ساھىل كۆرۈندى. ھاۋامۇ بارغانسېرى مۇزلاپ توڭۇشقا باشلىدىم.

مەن «گىسپانولا»نىڭ يەنىلا ئۆز جايىدا تۇرغانلىقىنى، پەقەت ماچتىسىغا بىر ئىسكىلىت بايرىقىنىڭ ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم. تۇيۇقسىز ئوت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ بىر پاي توپ ئوقى ۋىشىلدىغىنىچە ياغاچ قورول تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەلدى. بۇ بۈگۈنكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ھۇجۇم ئىدى. مەن ئورمانلىققا يوشۇرۇنۇپ دېڭىز قاراقچىلىرىنى كۆزىتىۋاتاتتىم. قورولدىن ئانچە يىراق بولمىغان قىرغاق بويىدا بىر نەچچە كىشى پالتا بىلەن قولۋاقنى چېپىۋاتاتتى. دەريا ئېغىزىغا يېقىن يەردە ئۇلار ئورمانلىق ئىچىگە گۈلخان ياقتى. چوڭ كېمە بىلەن قىرغاق ئوتتۇرلىقىدا بىر قولۋاق توختىماي بېرىپ-كېلىپ يۈرەتتى. ھەممە ئادەم قىيا-چىيا قىلىشىۋاتقان بولۇپ، خېلى كۆپ رۇم ھارىقى ئىچكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

مەن ياغاچ قورالغا قايتىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. بۇ چاغدا يىگانە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر قىيا تاشنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ پاكار ئورمانلار ئىچىدە ناھايىتى ئېگىز ھەم ئاپئاق كۆرۈنەتتى. مېنىڭچە بۇ چوققۇم بىر گوئىن دېگەن ھېلىقى ئاق تاش شۇ، ئۇنىڭ كىچىك قېيىقى مۇشۇ تاشنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان. دېمەك، لازىم بولغاندا شۇ يەردىن قولغۇاقنى تاپسام بولاتتى.

مەن ئورمانلىقنىڭ گىرۋىكىنى بويلاپ كەينىمگە قاراپ تاكى ياغاچ قورۇلنىڭ كەينىگىچە كەلدىم ھەم قىينالمايلا ھەمراھلىرىمنى تاپتىم.

مەن كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىمنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بۇ ئۆينى ئىنچىكە كۆزىتىشكە باشلىدىم. ئۆي قۇرۇق قارىغاي ياغىچىنى مىخلاپ ياسالغان بولۇپ، ئۆينىڭ تورۇسى، تۆت تېمى ھەم پولى ئوخشاشلا قارىغاي ياغىچىدىن ئىدى. ئىشىك ئالدىدا دالان بولۇپ، دالان ئاستىدىن بۇلاق سۈيى ئېقىپ ئۆتۈپ تۆمۈردىن ياسالغان بىر كىچىك كۆلچەككە قۇيۇلاتتى. بۇ ئۆينىڭ تورۇس-تاملىرىدىن باشقا ھېچنىمىسى يوق ئىدى. پەقەت بىر بۇلۇڭدىكى تاش تاختىنىڭ ئۈستىگە تۆمۈر سېۋەت قويۇلۇپ ئاددىي ئوچاق قىلىنغانىدى.

ياغاچ ئۆي جايلاشقان كىچىك تاغنىڭ باغرىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ياغاچ ئۆينى ياساش ئۈچۈن كېسىۋېتىلگەنىدى. ياغاچ كۆتەكلىرىدىن كېسىلگەن دەرەخلەرنىڭ ناھايىتى يوغان ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. دەرەخلەر كېسىۋېتىلگەندىن كېيىن يامغۇر سۈيى كۆپ مىقداردىكى سېغىز تۇپىنى ئېقىتىپ كەتكەن، بىر قىسمىنى قۇم بېسىپ كەتكەن ئىدى.

كېچىنىڭ سوغۇق شامىلى ياغاچ ئۆينىڭ ھەممە يېرىدىن ھۇشقۇرتاتتى. قۇملارنى ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كىرەتتى. ئېغىز-بۇرنىمىزغا قۇم كىرىپ، يېمەكلىكلەرمۇ قۇم بولۇپ كەتتى. تۈرخۇننىڭ لايىھەلىنىشى ياخشى بولمىغاچقا ئىسنىڭ ئاز بىر قىسمى سىرتقا چىقىپ كۆپ قىسمى ئۆي ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئاغزىمىزغا ئىس كىرىپ قېقىلىپ كەتتۇق، كۆزلىرىمىزدىن ياش قۇيۇلدى.

گرايىنىڭ يۈزى بىنت بىلەن تېڭىلغان بولۇپ ئۇ قېچىپ چىققۇچە بىر پىچاق يېگەن ئىدى. قازا قىلغان توم رىدارس تام تۈۋىدە تۈپتۈز ياتاتتى. ئۈستىگە ئەنگلىيە بايرىقى يېپىلغان ئىدى.

كاپىتان ھەممە كىشىنى ئالدىغا يىغىپ بىزنى نۆۋەتلىشىپ قاراۋۇللۇق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. دوختۇر، گراي ۋە مەن بىر گۇرۇپپا بولدۇق، ترېلاۋنىي ئەپەندىم، خونتېر يەنە جويىس بىر گۇرۇپپا بولدى. گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەندىن كېيىن ئۇ يەنە ئىككى ئادەمنى ئوتۇن كېسىپ كېلىشكە، ئىككى كىشىنى رىدارسنى دەپنە قىلىدىغان گۆر كولاشقا ئەۋەتتى. دوختۇر

تاماق تەييارلاشقا مەسئۇل بولدى. بىز ئىشىك ئالدىدا قاراۋۇللۇقتا تۇردۇق، كاپىتان توختىماي بىزگە ئىلھام بېرەتتى، قەيەر ئالدىراش بولسا شۇ يەرگە بېرىپ قارىشاتتى.

دوختۇر بىردەم-بىردەم سىرتقا چىقىپ ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنەتتى. ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئىس-تۈتەكتىن كۆزىنىمۇ ئاچالماي قالغانىدى. ئۇ ھەر قېتىم سىرتقا چىققان چاغدا مەن بىلەن پاراڭلىشاتتى.

ــ سىمولېت ماڭا قارىغاندا قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەمكەن، جىم، بۇ كۆڭلۈمدىكى گەپ، ــ دېدى دوختۇر ماڭا.

بىر قېتىمئۇ بىزن گوئىن توغرۇلۇق توختىلىپ ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى سورىدى.

ــ مەنمۇ بىلمەيمەن، قارىماققا ئۇ ئانچە نورمال ئەمەستەك قىلىدۇ، ئەپەندىم، ــ دېدىم مەن جاۋاب بېرىپ.

ــ بۇ دەل مەن ئەنسىرەيدىغان ئىش، ــ دېدى دوختۇر، ــ ئۇ ئۆزى يالغۇز بۇ ئادەمزاتسىز ئارالدا ئۈچ يىل تۇرۇپ يەنە نورمال ئادەمگە ئوخشامدۇ؟ مېنىڭچە مۇمكىن ئەمەس. توغرا، سەن ئۇنى پىشلاق يېگۈسى باركەن دېگەنمىتىڭ؟

ــ شۇنداق، ئۇ ئۆزىنىڭ پىشلاق يېگۈسى بارلىقىنى ئېيتقان، ــ دېدىم مەن.

ـــ گەرچە مەن تاماكا چەكمىسەممۇ بىر ناسۋال قۇتىسى ئېلىپ كەلگەنىدىم. نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلەمسەن؟ چۈنكى مەن قورساققا ئامراق ئادەم، ناسۋال قۇتىسىنىڭ ئىچىگە بىر پارچە ئىتالىيە پىشلىقى سېلىنغان. بېن گوئىن ياخشى كۆرسە ئۇنىڭغا بېرەي! ــ دېدى دوختۇر.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن بىز رىدارسىنى قۇملۇق يەرگە دەپنە قىلدۇق ھەم شىلەپىمىزنى ئېلىۋېتىپ قەبرە ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈردۇق.

ئوتتۇن خېلى جۇغلانغان بولسىمۇ كاپىتان يەنىلا بىشىنى چايقاپ تۇرۇپ ئەتە داۋاملىق تېخىمۇ كۆپرەك تەييارلاپ كېلىشنى ئېيتتى.

بىز ئازاراق سۈرلەنگەن گۆش بىلەن كەچلىك غىزالانغاندىن كېيىن ھەر بىرىمىز بىر رومكىدىن براندى ھارىقى ئىچتۇق. كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۈچ باشلامچى بىر يەرگە كېلىپ كېيىنكى قەدەمدە نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى مەسلىھەتلەشتى.

دېڭىز قاراقچىلىرى بىزنى بىرنەرسە قىلالمىسىمۇ ئەمما يېمەكلىك يېتىشمەيتتى. ئۇزاققا بارمايلا ھەممىمىز ئاچلىقتىن ئۆلەتتۇق. شۇڭا ئەڭ چوڭ ۋەزىپە قاراقچىلارنى يوقىتىش ياكى ئۇلارنى قوغلىۋېتىش ئىدى. ئۇلارنىڭ ئادەم سانى 19 دىن ئازلاپ 15 كە چۈشتى، ئىككىسى

يارىلانــدى، ئــاز دېگەنــدە بــىرى ئېغىــر يارىلانــدى. ئۇنىڭــدىن باشــقا ئىككــى يــاردەمچى بىــزگە قاراشماقتا، ئۇ بولسىمۇ ھاۋارايى بىلەن رۇم ھارىقى ئىدى.

رۇم ھارىقىغا كەلسەك، ئاۋۇ بىر توپ قاراقچى كاپىتان بىلىغا ئوخشاش رۇم ھارىقىــدىن بىــر كۈنمۇ ئايرىلالمايتتى. گەرچە تۈن يېرىمى بولسىمۇ بىز يەنىلا ئۇلارنىــڭ قىيــا-چىيــالىرىنى ئــاڭلاپ تۇردۇق. ئۇلار ھاراقنى كۆپ ئىچىۋالغاچقا بىزگە ھۇجۇم قىلالمايتتى.

ھاۋارايىغا كەلسەك، دوختۇر بۇنداق سوغۇق ھاۋادا سازلىقنى تۇرالغــۇ قىلىسا ئــۇلاردا دوختــۇر بولمىغانلىقتىن بىر ھەپتىگە قالمايلا يېرىم ئادىمى كېسەل بولۇپ يېقىلىدۇ، بىز پەقەت بەرداشلىق بېرەلىسەكلا ئۇلار ئۇزاققا قالماي كېمىنى ھەيدەپ كېتىپ قالىدۇ، دېدى.

كاپىتان سمولېت بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قايغۇرغان ھالدا:

— بۇ ئۆمرۈمدە ۋاز كەچكەن بىرىنچى كېمە، — دېدى.

ئۇ كۈنى مەن بەك چارچاپ كەتكەچكە يېتىپلا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتىم.

ئىككىنچى كۈنى باشقىلار بالــدۇرلا ئورنىــدىن تــۇرۇپ ئەتىگەنلىــك تامــاق يەپ بولغانــدىن كېيىن يوغان بىر باغلام ئوتۇن كۆتۈرۈپ كېلىشتى. مەن شۇچاغدىلا ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كەتتىم.

— ئاق بايراق!

مەن بىرىنىــڭ ۋارقىرىغىنىنــى ئاڭلىــدىم. ئارقىــدىنلا ‹‹ســىلۋېركەن›› دەپ تــوۋلىغىنىنى ئاڭلاندى. دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلاپ تامدىكى ئوق ئېتىش تۆشۈكىگە يېقىن كېلىپ سىرتقا قارىدىم.

## ئىككىنچى باب سۆلھ قىلىش

ياغاچ قورولىنىڭ سىرتىدا ئىككى ئادەم تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئاق رەختنــى پۇلاڭلىــتاتتى، يەنە بىرى سىلۋېرنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئۇ جايىدا قىمىرلىماي تۇراتتى.

تاڭ يورۇشقا باشلىدى. كۆپكۆك ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلــۇت كــۆرۈنمەيتتى. قۇيــاش نــۇرى دەرەخلەر ئۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ نۇرىنى ئەتراپقا سىخىيلىق بىــلەن چاچماقتــا. ســىلۋېر بىــلەن ئۇنىڭ ھەمراھى دەرەخ ئاستىدا تۇراتتى، ئەتىگەنلىك تۇمان ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەيتتى.

ــ كۆپچىلىك ئېھتىيات قىلىڭلار، ــ دېدى كاپىتان، ــ بۇ ئۇلارنىڭ سۈيىقەستى، ــ ئارقىدىن ئۇ سىلۋېرلارغا يۈزلىنىپ ۋارقىرىدى، ــ سىلەرنىمە قىلماقچى؟ ئالدىغا مېڭىشقا رۇخسەت يوق، بولمىسا ئوق چىقىرىمەن.

ــ بىز ئاق بايراق كۆتۈردۇق، ــ دېدى سىلۋېر.

كاپىتان بىردەم كۆزەتكەندىن كېيىن بىزگە دېدى:

ــ لىۋېس، ئادەملەر بىلەن ئوق ئېتىش تۆشۈكىنى ساقلاڭ. سىز شىمال تەرەپنى، جىم شەرق تەرەپنى، گىراي غەرب تەرەپنى ساقلىسۇن. قالغانلار ئوق-دورىلارنى تەق قىلىپ تۇرۇڭلار. كۆپچىلىك پەخەس بولۇڭلار، ئالدىراپ ھەرىكەت قىلماڭلار.

ئاندىن ئۇ ھىلقى ئىككى كىشىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

ــ سىلەر ئاق بايراق كۆتۈرۈۋېلىپ زادى نېمە قىلماقچى؟

ــ كاپىتان سىلۋېر سىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى، ئەپەندىم، ــ دېدى ھېلىقى بايراق كۆتۈرگەن.

ــ كاپىتان سىلۋېر دېگەن كىم؟ مەن تونۇمايمەن، ــ دېدى كاپىتان.

ــ مەن، ئەپەندىم، ــ سىلۋېر ئاخىرى ئېغىز ئاچتى، ــ سىلەر كېمىنى تاشلاپ قاچقاندىن كېيىن بۇ بىچارە باللار مېنى كاپىتان قىلىپ سايلاپ قويدى. مەن سىلەر بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى، بىز كېتىشتىن بۇرۇن ئۇق چىقارماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ــ سىلۋېر، ــ دېدى كاپىتان سىموليېت، ــ سېنىڭ بىلەن سۆزلىشىدىغان ئىش يوق، نېمىلا گېپىڭ بولسا كىرىپ ئېيت، نېمە شۇملۇق ئويلاۋاتقىنىڭلارنى كىم بىلىدۇ.

ــ بولىدۇ، بۇ گېپىڭدىن مەن خاتىرجەم بولدۇم، سېنىڭ دۇرۇس ئادەملىكىڭنى بىلەتتىم، ــ دېدى سىلۋېر ۋارقىراپ.

مەن سىلۋېرنىڭ ياغاچ ئۆيگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بايراق كۆتۈرۈۋالغان كىشى ئۇنى توسىماقچى بولغانىدى، سىلۋېر ئۇنىڭ ئارتۇقچە ئەندىشە قىلغانلىقىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئارقىدىن ئۇ ياغاچ قاشانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئالدى بىلەن ھاسىسىنى، ئاندىن يەنە بىر پۇتىنى ئاتلاپ قاشانىڭ ئىچىگە كىردى.

سىلۋېر كاپىتاننىڭ ئالدىغا كېلىپ توغرا قىياپەت بىلەن سالام قىلدى، ئاندىن بىز بىلەن بىر-بىرلەپ سالاملاشتى.

ــ ياخشىمۇ سەن كاپىتان، ۋوي، جىممۇ بۇيەردە ئىكەنغۇ، دوختۇر سىزگە ئېھتىرامىمنى بىلدۈرىمەن.

ــ گېپىڭ بولسا تېز ئېيت، ــ دېدى كاپىتان.

ــ سىرت بۇنچە سوغۇق، بىز يەنىلا ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى، كاپىتان، ــ دېدى سىلۋېر.

ــ سەن ئاشۇ كىشىلەرنى باشلاپ تۇيۇقسىز كۆتۈرمىگەن بولساڭ داۋاملىق كېمىنىڭ ئاشخانىسىدا تۇرغان بولاتتىڭ. ئۆيگە كىرىشىڭ بىهاجەت. مېنىڭ شەرتىم ئاددىي، ياكى داۋاملىق ئاشپەز بول، بىز ئۆتكەن ئىشنى سۈرۈشتە قىلمايمىز ياكى ئادەملىرىڭنى باشلاپ داۋاملىق كاپىتان سىلۋېر بولۇپ دارغا ئېسىلىشنى كۈت.

ــ ئۇنداق بولسا مەن كىرمەيمەن، ــ دېدى سىلۋېر سۆزلىگەچ ياغاچ ئۆينىڭ سىرتىدىكى قۇمدا ئولتۇرۇپ، ــ ئەمىسە گېپىمنى ئاڭلا، ئاخشام سىلەر ناھايىتى ئوبدان قىلدىڭلار، بۇنىڭغا قايىلمەن. قول ئاستىمدىكىلەر تەمتىرەپ نېمە قىلارىنى بىلمەيلا قالدى. بۇ مېنىڭ بۇ يەرگە سۆھبەتكە كېلىشىمنىڭ سەۋەبى. ئەمما، ئېسىڭدە بولسۇن، كاپىتان، ھەرگىز ئىككىنچى قېتىملىق بولمايدۇ. بۇندىن كېيىن مەن قاراۋۇللۇقنى كۈچەيتىمەن ھەم ئۇلارنىڭ قالايمىقان ھاراق ئىچىشىگە يول قويمايمەن. بەلكىم سىلەر بىزنى ھاراقكەش دەپ ئويلىشىڭلار مۇمكىن. ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، مەن ئەينى چاغدا مەست ئەمەس، پەقەت چارچاپ كەتكەن ئىدىم. ناۋادا سەل بالدۇر ئويغانغان بولسام سىلەرنى نەق مەيداندىلا تۇتىۋالغان بولاتتىم. چۈنكى سىلەر ئۆرۈپ يارىلاندۇرغان ئادەمنىڭ قىشقا بارغان چېغىمدا ئۇ تېخى تىنىقتىن قالمىغانىدى.

ــ ئوۋ، شۇنداقمۇ؟ ــ دېدى كاپىتان سىمولېت. گەرچە ئۇ سىلۋېرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەن بولسىمۇ قىلچە ھودۇقۇپ كەتمىدى.

ئەمما مەن بىرئاز چۈشەنگەندەك قىلدىم ھەم بېن گۇننىنىڭ گېپىنى ئەسكە ئالدىم. ئۇ ماڭا مۇۋاپىق پەيتنى تېپىپ دېڭىز قاراقچىلىرىغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. تۈنۈگۈن كەچ ئۇ چوقۇم دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ مەستلىكىدىن پايدىلىنىپ بىر ئادىمىنى ئۆرۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا بىزنىڭ بىر دۈشمىنىمىز ئازىيىپ پەقەت 14 قاراقچى قالغان بولىدۇ.

سىلۋېر گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ گەپنى ئۇچۇق ئېيتسام، بىز ئارالدىكى بايلىقنى ئېرىشىشنى ئويلايمىز، سىلەر ھايات قايتىپ كېتىشنى ئارزۇلايسىلەر. قولۇڭلاردا بايلىق يۇشۇرۇنغان خەرىتە بار، شۇنداقمۇ؟

ــ ئېھتىمال شۇنداق خەرىتە بولۇشى مۇمكىن، ــ دېدى كاپىتان.

ــ چوقۇم بار، مەن بىلىمەن. بۇنداق قاتتىقلىق قىلما، بۇ سىلەرگە پايدىسىز. ماڭا پەقەت شۇ خەرىتە لازىم، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشنى خالىمايمەن.

— سەن بۇ نىيىتىڭدىن يان، بىز ھەرگىز سىنىڭ سۆزۈڭگە ئىشەنمەيمىز، — دېدى كاپىتان.

— بۇنداق ئالدىراپ بىرنېمە دېمە، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلا، — دېدى سىلۋېر داۋاملىق، — مېنىڭ تەلىپىم ناھايىتى ئاددىي، سىلەر خەزىنىنى ماڭا بېرىسىلەر، ئادەملىرىمگە زىيانكەشلىك قىلمايسىلەر. ناۋادا قوشۇلساڭلار بايلىقلارنى تاپقاندىن كېيىن مەن سىلەرنى بىللە ئېلىپ كېمىگە چىقىپ بۇ ئارالدىن كېتىمىز. مەن بۇنىڭغا ۋىجدانىم بىلەن كاپالەت بېرىمەن، سىلەرنى بىخەتەر يەرگە ئاپىرىپ قىرغاققا چىقىرىپ قويىمەن. سىلەر بىز بىلەن بىللە كېتىشنى خالىمىساڭلار بىز كەتكۈچە سىلەرگە يېتەرلىك ئوزۇق-تۈلۈك قالدۇرۇپ كېتىمىز، ئاندىن سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلارنى بىزگە ئۇچرىغان بىرىنچى كېمىگە يەتكۈزۈپ، بۇ يەرگە كېلىپ سىلەرنى ئېلىپ كېتىشنى ئېيتىمىز، — ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ ئاۋازىنى كۆتۈردى، — بۇ پەقەت كاپىتانغىلا ئېيتىلغان گەپ ئەمەس، ئۆيدىكى ھەممە ئادەمگە دېيىلگەن گەپ.

— گېپىڭ تۈگىدىمۇ؟ — دېدى كاپىتان

— تۈگىدى، — دېدى سىلۋېر، — ناۋادا سىلەر رەت قىلساڭلار، كېلەر قېتىملىق سۆھبىتىمىز مىلتىقتىن باشلىنىدۇ.

— گېپىڭ تۈگىگەن بولسا مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلا. سىلەر قورال تاشلاپ تەسلىم بولساڭلار مەن سىلەرنى بىخەتەر ئەنگلىيەگە ئاپىرىپ ئادىل سوتلىنىشىڭلارغا كاپالەتلىك قىلىشقا قەسەم قىلىمەن. ئۇنداق قىلمىساڭلار ھەممىڭلارنى دوزاققا ئۇزىتىپ قويىمەن. سىلەر بايلىقلارنى تاپالمايسىلەر ھەم بىزنىمۇ مەغلۇب قىلالمايسىلەر. سىلەردىن بەش ئادەم بىر كرايىنى توسۇپ قالالمىدى. يەنە شۇنى ئېيتىپ قوياي، بۇ مېنىڭ سېنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئاگاھلاندۇرۇشۇم. كېلەركى قېتىم سېنى ئۇچرىتىپ قالسام، مىلتىق بىلەن ئۇمۇرتقاڭنى ئۇزۇپ تاشلايمەن. كۆزۈمدىن يوقال، قانچە يىراققا كەتسەڭ شۇنچە ياخشى!

— خەپ، — دېدى سىلۋېر زەردە بىلەن، — ئەمسە ساقلاپ تۇرۇڭلار، بىر سائەتكە قالمايلا مەن ياغاچ ئۆيىنى ئۆتمە-تۆشۈك قىلىۋېتىمەن.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ يەنە بىر پەس ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى. ئەمما بىر پۇتى كەم بولغاچقا تۇرالمىدى.

— مېنى يۆلەپ قوي، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ كاپىتانغا قاراپ.

— كەچۈر، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، — دېدى كاپىتان.

— كىم مېنى يۆلەپ قويىدۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى سىلۋېر.

ھېچقايسىمىز ئۇنى يۆلەپ قويمىدۇق. ئۇ ئامالسىز قۇمدا تىركىشىپ يۈرۈپ ئىشىك ياغىچىنى تۇتۇۋالدى. ئاخىرى ئىشىك تۇۋىدە ھاسىسىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى.

ـــ قېنى كىم ئاخىرغىچە كۈلەلەيدىكىن! بىر سائەتكە قالماي ياشىغىنىڭغا پۇشايمان قىلىشىسەن.

ئۇ بىر پەس تىللىغاندىن كېيىن خىلى مۈشكۈلدە كېتىپ قالدى. بۇ قېتىم ئۇ بىر نەچچە رەت يىقىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئاق بايراقچىنىڭ ياردىمىدە قاشادىن ئۆتتى. ئىككىسى ئورمانلار ئىچىدە غايىب بولۇشتى.

## ئۈچىنچى باب دۈشمەننى چېكىندۈرۈش

سىلۋېر كەتكەندىن كېيىن كاپىتان بۇرۇلۇپ ئۆيگە كىردى. ئۇ گرايدىن باشقا كىشىلەرنىڭ ئۆز ئورنىدا يوقلۇقىنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:

ـــ ھەممىڭلار ئۆز ئورنۇڭلارغا كېلىڭلار!

مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭ بۇنچىلىك ئاچچىقلانغانلىقىنى كۆرمىگەن ئىدىم. بىز ئۆز ئورنىمىزغا بارغاندىن كېيىن كاپىتان:

ـــ گراي، مەن سېنىڭ نامىڭنى دېڭىز قاتناش خاتىرىسىگە يېزىپ قويىمەن. سەن ھەقىقىي ماتروسلارغا ئوخشاش ئۆز ۋەزىپەڭگە سادىق ئىكەنسەن. تىرېلاۋنىي ئەپەندىم، مەن تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندىم. دوختۇر، سىز ئىلگىرى ئەسكەر بولغانغۇ دەيمەن؟ ـــ دېدى.

يۈزلىرىمىز قىزىرىپ قۇلاقلىرىمىز قىمىرلاشقا باشلىدى. كاپىتان بىزگە جىمجىت قارىۋەتكەندىن كېيىن دېدى:

ـــ ھەممىڭلار بىلىسىلەر، مەن بايا سىلۋېرنىڭ دەككىسىنى بېرىپ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردۈم. ئۇنىڭ دېگىنى توغرا، بىر سائەتكە قالماي ئۇ بىزگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بىزنىڭ ئادىمىمىز ئاز، ئىنتىزام بولمىسا ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا قانداق تاقابىل تۇرىمىز؟ ھازىر بىز بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرەيلى!

ئارقىدىنلا ئۇ ھەممىمىزنىڭ ئىپادىسىگە رازى بولغانغا قەدەر بىرقۇر قاراپ چىقتى.

ئۆينىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپى ناھايىتى تار بولۇپ ئىككىلا ئېتىش تۆشۈكى بار ئىدى. دالان بار جەنۇب تەرەپتىمۇ ئىككى ئېتىش تۆشۈكى، شىمالدا بولسا بەش ئېتىش تۆشۈكى بار. جەمئىي يەتتە ئادەم 20 تال مىلتىق بىلەن قوراللانغان. بىز ئوتۇنلارنى تۆت دۆۋە قىلىپ، ھەر

بىرىنى بىر شىرە ئورنىدا ئىشلەتتۇق. ھەر بىر شىرەگە ئازراق ئوق-دورا بىلەن تۆت تال ئوقلانغان مىلتىق تەقلەندى. بىر نەچچە ئەگمەچ قىلىچ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ــ كۆزىمىزگە ئىس كىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئوتنى ئۆچۈرۈڭلار، ــ دېدى كاپىتان.

ترېلاۋنىي ئەپەندىم تۆمۈر سېۋەتنى ئېلىپ چىقىپ ئوتنى قۇم بىلەن كۆمۈۋەتتى.

ــ كىچىك جىم، سەن تېخى ئەتىگەنلىك تاماق يېمىدىڭغۇ دېيمەن؟ ئازراق نەرسە ئېلىپ ئۆز ئورنۇڭغا بېرىپ يە، ــ دېدى كاپىتان، ــ تېزرەك بول، ئۇلار ھازىرلا يېتىپ كېلىشىدۇ. ئۇ چاغدا بىر نەرسە يېيىشكە ۋاقىت چىقمايدۇ. خونتېر، ھەربىر ئادەمگە بىر رومكا براندى كەلتۈر.

بىز ھاراق ئىچىۋاتقان چاغدا كاپىتان مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇردى.

ــ دوختۇر جەنۇب تەرەپنى مۇداپىئە قىلىپ سىرتقا ئوق ئۈزۈڭ. خونتېر شەرق تەرەپكە مەسئۇل. جويىس غەرب تەرەپتە تۇرسۇن. ترېلاۋنىي ئەپەندىمنىڭ مىلتىق ئېتىش ماھارىتى ھەممىدىن ياخشى، سىز گراي بىلەن شىمال تەرەپتە مۇھاپىزەتتە تۇرۇڭ. ئۇ يەردە بەش ئېتىش تۆشۈكى بار. ناۋادا ئۇلار شۇ تەرەپتىن باستۇرۇپ كېلىپ ئېتىش تۆشۈكىدىن بىزگە ئوق ئاتسا چاتاق بولىدۇ. جىم ئىككىمىزنىڭ ماھارىتى تايىنلىق، سىلەرگە ئوق قاچىلاپ ھەمدەم بولىمىز.

بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى، ھېچقانداق شەپە يوق. بۇ چاغدا قۇياش كۆتۈرۈلۈپ ناھايىتى تېزلا تۇمانلارنى تارقىتىۋەتتى. قۇم قىزىشقا باشلىدى. ھەر بىرىمىز ئۆز ئورۇنلىرىمىزدا تۇرۇپ دىمىق ھاۋادا ئارامسىزلىنىشقا باشلىدۇق.

تۇيۇقسىز جويىس سوراپ قالدى:

ــ ناۋادا مەن دۈشمەننى كۆرسەم ئوق چىقارسام بولامدۇ؟

ــ ئەلۋەتتە بولىدۇ! ــ دېدى كاپىتان ۋارقىراپ.

بىز جويىسنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىمىزنى دىڭ تۇتۇپ، كۆزلىرىمىزنى يوغان ئېچىپ، قورالنى مەھكەم سىقىملاپ ھوشيار تۇرۇشقا باشلىدۇق. كاپىتان ئېغىزنى چىڭ يۇمۇپ گەجگىسىنى قاشلىغىنىچە ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى.

يەنە بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن تۇيۇقسىز جويىس ئوق چىقاردى. ئۇنىڭ مىلتىق ئاۋازى پەسەيمەيلا ياغاچ ئۆينىڭ تۆت تەرىپىدىن ئوقلار ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. بىر نەچچە پاي ئوق ياغاچ تامغا تەگدى. ئىس-تۈتەك تارقىغاندىن كېيىن ھەممە بۇرۇنقىدەك جىمجىتلىققا چۆمدى.

ــ تەگكۈزدۈڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدى كاپىتان.

ـــ تەگمىدىغۇ دەيمەن، ـــ دېدى جويىس جاۋاب بېرىپ، ـــ مەن دۈشمەننىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرمىدىم.

ـ جىم، تېز جويىسنىڭ مىلتىقىغا ئوق قاچىلا. ھازىر ھەممىڭلار دۈشمەننىڭ سىلەر تەرەپكە قانچە قېتىم مىلتىق ئاتقانلىقىنى مەلۇم قىلىڭلار، ـ دېدى كاپىتان.

لىۋېس دوختۇر ئۆزى تەرەپكە، يەنى جەنۇپتىن ئۈچ قېتىم مىلتىق ئېتىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا شەرق، غەرب ئىككى تەرەپتە بىر قېتىملا ئېتىلغان ئىدى. ترېلاۋنىي ئەپەندىم بىلەن گراي مەسئۇل بولغان تەرەپتىن دۈشمەنلەر سەككىز-توققۇز قېتىم مىلتىق ئېتىلىپتۇ. قارىغاندا دۈشمەننىڭ ئاساسلىق ھۇجۇمى شىمال تەرەپتە بولۇپ، قالغانلىرى قۇرۇق ھەيۋە قىلىش ئىدى.

كاپىتان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئۆزگەرتمىدى. چۈنكى ھەممىلا تەرەپنى ساقلاش زۆرۈر ئىدى. ئۇ چۈشەندۈرۈپ، ناۋادا دۈشمەنلەر بىر تەرەپتىكى ئېتىش تۆشۈكىنى ئىگىلىۋالسىلا ئۆي ئىچىگە قارىتىپ ئوق ئاتىدىغانلىقىنى، ئۇ چاغدا يوشۇرۇنغۇدەك جاي چىقمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى.

تۇيۇقسىز چۇقان-سۈرەن ئاۋازىغا ئەگىشىپ بىر نەچچە دېڭىز قاراقچىسى شىمال تەرەپتىكى ئورمانلىقتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ياغاچ ئۆيگە قاراپ يۈگۈرلۈپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا قالغان ئۈچ تەرەپتىكى دۈشمەنمۇ ئوت ئاچتى. بىر پاي ئوق ئۆيگە ئۇچۇپ كىرىپ دوختۇرنىڭ قولىدىكى مىلتىق پايىنىكىگە تېگىپ پارە-پارە قىلىۋەتتى.

دېڭىز قاراقچىلىرى قاشادىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ياغاچ ئۆيگە باستۇرۇپ كەلدى. ترېلاۋنىي ئەپەندىم بىلەن گراي توختىماي ئوق ئۈزۈپ ئۈچ دۈشمەننى يىقتتى. ئۇلارنىڭ بىرى قاشا ئىچىگە يىقىلدى، ئىككىسى قاشا سىرتىغا يىقىلدى. قاشا سىرتىغا يىقىلغانلارنىڭ ئىچىدە بىرى يارىلانمىغان بولۇپ، قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن يىقىلغانىدى. ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۆمىلەپ قوپۇپ ئۆزىنى ئورمانلىق ئىچىگە ئاتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە تۆت ئادەم قاشا ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى. ئورمانلىقنىڭ دالدىسىدا يەنە يەتتە-سەككىز دۈشمەن ئۆيىنى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتىۋاتاتتى.

ھېلىقى تۆت ئادەم ۋارقىرىغان پېتى يۈگۈرەيتتى، ئورمانلىقتىكىلەرمۇ قوشۇلۇپ ۋارقىرايتتى. گەرچە ئۆيدىكىلەر توختىماي ئوق ئېتىۋاتقان بولسىمۇ بەك جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن بىرىگىمۇ تەگكۈزەلمىدى. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە قاراقچىلار ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى. مەن ئېتىش تۆشۈكىدىن ماتروسلار باشلىقى يوبو ئاندىرسوننى كۆرۈپ قالدىم، ئۇ باشلامچىلىق قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ــ ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي بوغۇزلاپ تاشلايلى، ــ دەپ ۋارقىرايتتى يوبو ئاندىرسون.

بىر قاراقچى خونتېرنىڭ مىلتىقىنى تۇتۇۋېلىپ قولىدىن تارتىۋالدى ھەم بىرلا ئۇرۇپ ئۇنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. يەنە بىر دېڭىز قاراقچىسى ئىشىكتە پەيدا بولدى-دە، قىلىچىنى كۆتۈرۈپ دوختۇرنى چاپماقچى بولۇپ يۈگۈردى.

ئۆي ئىچى پورۇخ ئىسى بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، قىيا-چىيا، مىلتىق ئاۋازى ۋە نالە ئاۋازلىرى بىر ئالغان ئىدى. دۈشمەن باستۇرۇپ كەلگەچكە ئۆيگە مۆكۈنۈۋېلىپ قارشىلىشىشقا ئامالسىز قىلىۋاتاتتۇق.

ــ ئېتىلىپ چىقىپ ئۇلار بىلەن ئېلىشايلى ــ دەپ ۋارقىرىدى كاپىتان.

مەن ئوتتۇن ئارىسىدىن بىر ئەگمەچ قىلىچنى ئېلىپ يۈگۈرۈپ چىقتىم. بىرى كەينىمگە ئەگەشتى. ئالدىمدا دوختۇر بايىقى دېڭىز قاراقچىسى بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. ئۇ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ھېلىقى قاراقچىنىڭ قورالىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتى-دە، ئۇنى بىر قىلىچ بىلەنلا چېپىپ تاشلىدى.

كاپىتان بىزنى ئايلىنىپ ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق قىلدى. مەن دەرھال قىلىچنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرگىنىمچە ئۆينىڭ بۇلۇڭىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئاندىرسون بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. ئۇ قىلىچنى كۆتۈرۈپ ھۆركىرىگىنىچە ماڭا قاراپ باستۇرۇپ كەلدى. مەن ھاپىلا-شاپىلا بىر چەتكە سەكرەپ ئۆتمەكچى بولدۇم. ئەمما يۇمشاق قۇمدا مۇقىم تۇرالماي يەرگە يىقىلدىم.

شۇ چاغدا كەينىمدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان گراي ئاندىرسوننىڭ قورۇق قىلىچ ئۇرغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئالدىغا ئۆتۈپ بىر قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى. يەنە بىر دېڭىز قاراقچىسى ئۆيگە قارىتىپ مىلتىق ئېتىۋاتقاندا ئوق تېگىپ يەرگە يىقىلدى-دە، ئاچچىق جان تالىشىپ ئاخىرى جىمىقتى. قاشادىن ئۆتكەن قاراقچىلاردىن پەقەت بەرسىلا ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ بۇرۇلۇپلا قاچتى. ھېچكىم ئۇنىڭغا ئوق چىقارمىدى.

بىز ياغاچ ئۆيدىن ئېتىلىپ چىققان چاغدا باشقا دېڭىز قاراقچىلىرىمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ ھەمراھلىرىغا ياردەم قىلماقچى بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىزىل بۆك كىيگەن بىرى ئەمدىلا بىر پۇتى بىلەن قاشادىن ئاتلىشىغا ئۆيدىكىلەر ئاتقان ئوق تېگىپ يارىلاندى، شۇنىڭ بىلەن قالغانلىرىمۇ پىتىراپ چېكىندى.

دوختۇر، گراي ھەم مەن ئالدىراپ-تېنەپ ئۆي ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىردۇق. قېچىپ كەتكەن دېڭىز قاراقچىلىرى قورال ئالغىلى كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا بىز قايتىدىن جەڭگە تەييارلىق كۆردۇق.

ئۆي ئىچىدىكى ئىس-تۈتەك تارقاپ كەتكەندىن كېيىن بىز خونتېرنىڭ ئوق تېگىپ ئېتىش تۆشۈكىنىڭ يېنىدا ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى، جويىسنىڭ بېشىغا ئوق تېگىپ جايىدا يېتىپ قالغانلىقىنى كۆردۇق. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ترېلاۋنىي ئەپەندىم يارىلانغان كاپىتاننى يۆلەپ تۇراتتى.

ــ ئۇلار قاچتىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى كاپىتان.

ــ ھەممىسى قېچىپ كەتتى، ــ دەپ جاۋاب بەردى دوختۇر، ـ بىراق بەش ئادەم ھەرقانچە قىلىپمۇ قېچىپ كېتەلمەيدۇ.

بۇ قېتىمقى جەڭدە بىزدىن ئۆلگەن-يارىلانغانلار ئۈچ ئادەم، قاراقچىلاردىن ئۆلگەنلەر بەش ئادەم ئىدى. ئەمدى بىز تۆت ئادەم توققۇز دۈشمەنگە تاقابىل تۇراتتۇق (ئەمەلىيەتتە سەككىز. چۈنكى ترېلاۋنىي ئەپەندىم ئېتىۋەتكەن پالۋىدىكى دۈشمەن شۇ كۈنى ئۆلگەن ئىدى. بىز بۇ ئىشنى كېيىن بىلدۇق). ئەھۋال ئىلگىرىكىدىن كۆپ ياخشىلاندى، دەسلەپتە بىز يەتتە ئادەم 19 دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغانىدۇق

# ئالتىنچى بۆلۈم كېمىنى قايتا قولغا ئېلىش

## بىرىنچى باب گوئىنىنىڭ قولۋقى

دېڭىز قاراقچىلىرى قايتا كەلمىدى، مىلتىق ئاۋازلىرىمۇ توختىدى. بىز يارىدارلارنى تەپسىلىي تەكشۈردۇق. گەرچە تالا خەتەرلىك بولسىمۇ ئۆيىنىڭ ئىشىدا تاماق قىلىشقا تۇتۇش قىلدۇق. مەن سىرتتا تۇرۇپ ئۆيىنىڭ ئىچىدىن ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان نالە-پەريادلارنى ئاڭلاپ قالاتتىم.

بۇ قېتىمقى جەڭدە ئىككى تەرەپتىن سەككىز ئادەم يارىلانغان ھەم ئۆلگەن ئىدى. بىز تەرەپتىن جويس قازا قىلدى، خونتېر بىلەن كاپىتان يارىدار بولدى. خونتېرنىڭ يارىسى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، بىز ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساقمۇ ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرەلمىدۇق. خونتېرنىڭ قوۋۇرغا سۆڭىكى ئۈزۈلگەن، يەرگە يىقىلغاندىن كېيىن يەنە باش سۆڭىكى يارىلانغان ئىكەن. ئۇ ئاخىرى كېچىدە جان ئۈزدى.

كاپىتاننىڭ يارىسى ئېغىر بولسىمۇ مەسىلە چوڭ ئەمەس ئىدى. ئۇ يوبو ئاندىرسوندىن بىر پاي ئوق يېگەن بولۇپ، ئوق ئۇنىڭ ئۆپكىسىنى يارىلاندۇرغان بولسىمۇ ئەھۋالى خېلى ياخشى ئىدى. ئۇنىڭ پاچىقىغىمۇ بىر پاي ئوق تەگكەن بولۇپ، پەقەت يۇمشاق توقۇلمىلارلا زەخىملەنگەن ئىكەن. دوختۇر كاپىتاننى بىرەر قۇر تەكشۈرۈپ «بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن ياخشى بولۇپ كېتىدۇ»، دېدى. ئەمما كاپىتان ماڭالمايتتى، قاتتىقراق ھەرىكەتمۇ قىلالمايتتى، ھەتتا ئۈزۈنراق گەپ قىلسىمۇ بولمايتتى.

قالايمىقانچىلىقتا مېنىڭ بارمىقىم يارىلاندى. دوختۇر لېۋىس بىر چاپلىما چاپلاپ قويدى ھەم مەسىلىنىڭ چوڭ ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن تىرېلاۋنىي ئەپەندىم بىلەن دوختۇر كاپىتاننىڭ يېنىغا بېرىپ كېيىنكى قەدەمدە قانداق قىلىشنى مەسلىھەتلەشتى. ھايال بولمايلا دوختۇر شلەپىسى بىلەن تاپانچىسىنى ئېلىپ، ئەگرى قىلىچنى يېنىغا ئېسىپ شىمال تەرەپتىكى قاشادىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ ناھايىتى تېزلا ئورمانلىقتا غايىپ بولدى.

گراي ئىككىمىز ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىدىن خەۋەرسىز قالدۇق. دوختۇرنىڭ ھەرىكىتى گراينى قاتتىق ھەيران قالدۇردى. ئۇ دوختۇرنىڭ نېمە قىلغىلى

چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى، بۇنداق قىلىش قارامىلىق قىلغانلىق دەپ قارايتتى. مېنىڭچە ئۇ چوقۇم بىر گۇئىننى ئىزدەپ ماڭدى. ئىشتىن كېيىن پەرىزىمنىڭ توغرىلىقىنى بىلدىم.

ئۆيدە تۇرۇۋېرىپ بۇرۇقتۇرمىچىلىقتىن جېنىمىز چىقايلا دەپ قالدى. قاشا ئىچىدىكى قۇم قۇياش نۇرىدا ۋاللىداپ قىزىپ كېتىۋاتاتتى. دوختۇرنىڭ سىرتقا چىقىپ دەرەخ ئاستىدا سايىدىۋالىدىغانلىقىنى ئويلاپ ھەۋىسىم كەلدى. ئۆينىڭ ئەتراپى ھەممىلا يەر قان بولۇپ بىرنەچچە جەسەت يەردە ياتاتتى. بۇ مەنزىرە ھەم ئادەمنى بىئارام قىلاتتى، ھەم ۋەھىمىگە سالاتتى.

مەن ئۆي ئىچىدىكى قان داغلىرىنى تازىلاش ھەم قاچا-قۇچىلارنى رەتلەش بىلەن بولدۇم. ھەممىلا يەر جەسەت ۋە قان بىلەن تولغان بۇنداق يەردىن بارغانسېرى بىزار بولۇشقا باشلىدىم. ئاخىرى دوختۇرغا ئوخشاش سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. باشقىلار دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چاپىنىمنىڭ يانچۇقىغا قورۇق بولكا قاچىلاپ ئىككى دانە تاپانچا، بىر تۇڭ مىلتىق دورىسى ۋە ئازراق ئوق ئېلىپ تولۇق قوراللانغاندىن كېيىن يولغا چىقىشقا تەييارلاندىم.

مەن ھېلىقى ئاق تاشنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر گۇئىن ئېيتقان قولۋاقنىڭ شۇ يەردە بار-يوقلۇقىنى بىلىپ باقماقچى بولدۇم. كاپىتاننىڭ سىرتقا چىقىشىمغا رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە ئۇلار دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غىپلا قىلىپ سىرتقا ماڭماقچى بولدۇم.

ئاخىرى پۇرسەت كەلدى. تىرېلاۋنىي ئەپەندىم بىلەن گراي ئىككىسى كاپىتاننىڭ تېڭىقىنى ئوڭشاۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقتىم ھەم قاشادىن ئۆتۈپ ئورمانلىق ئىچىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم.

بۇ مېنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئەخمىقانە ئىش قىلىشىم، شۇنداقلا ئەڭ چوڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشىم ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۆيدە پەقەت ئىككىلا ئادەم قالغان بولۇپ ئۇلار يارىلانغان كاپىتاننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا بولمايتتى. بەختكە يارىشا بۇ قېتىم باللارچە قىلغان ھەرىكىتىم كۆپچىلىكنى يەنە بىر قېتىم قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.

مەن كىچىك ئارالنىڭ شەرق تەرىپىگە قاراپ يۈگۈردۈم. كېمىدىكىلەرنىڭ بايقاپ قالماسلىقى ئۈچۈن دوقمۇشنىڭ دېڭىزغا يۈزلەنگەن تەرىپىدىن ماڭدىم. بۇ چاغدا ۋاقىت چۈشتىن ئۆتكەن بولۇپ، ھاۋا يەنىلا شۇنداق ئىسسىق ئىدى. مەن ئورماننى كېسىپ ئۆتۈپ كەڭ يەرگە كەلدىم. يېنىك قەدەم بىلەن دېڭىز قىرغىقىغا قاراپ ماڭدىم ھەم قويۇق ئورماننىڭ دالدىسىدا دوقمۇشنىڭ يان باغرىغا ئېھتىيات بىلەن ياماشتىم.

مەن كەينىمنى دېڭىزغا قىلىپ ئالدىمدىكى كېمىگە يۈزلەندىم. دېڭىز يۈزى ناھايىتى تىپتىنچ بولۇپ ‹‹گىسپانولا›› ناملىق كېمە ئەينەكتەك دېڭىز يۈزىدە توختاقلىق تۇراتتى.

ماچىتسىدىكى دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ قارا بايرىقى كۆزگە ئوچۇق كۆرۈنەتتى. ‹‹گىسپانولا››نىڭ يېنىدا يەنە بىر كىچىك قولۋاق توختىتىلغان بولۇپ، سىلۋېر كېمىنىڭ قۇيرۇقىدا تۇراتتى. يەنە ئىككى ئادەم كېمە بېقىنىدا يانچە تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى قىزىل رەڭلىك پۇسما كىيىۋالغان بولۇپ، بۇ دەل چۈشتىن بۇرۇن قاشادىن ئۆتۈپ بىزگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان ئادەم ئىدى. ئارىلىق بەك يىراق بولغاچقا ئۇلارنىڭ نېمە توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. تۇيۇقسىز، كېمىدىن ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرگىدەك بىر غەيرىي ئاۋاز چىقتى. بىراق، مەن ناھايىتى تېزلا بۇ ئاۋازنىڭ ‹‹كاپىتان فلىنت››نىڭ شاتۇت قۇشى ئىكەنلىكىنى يادىمغا ئالدىم.

بىردەمدىن كېيىن قېيىق كېمىدىن يىراقلاپ قىرغاققا قاراپ ماڭدى. ھېلقى قىزىل بۆكلۈك كىشى ھەمراھلىرى بىلەن كېمە بۆلۈمچىسىگە كىرىپ كەتتى.

قۇياش تاغ كەينىگە مۆكتى. ئۇزاققا قالمايلا تۇمان كۆتۈرۈلۈپ كۈن بارغانسېرى قارايغىلى تۇردى. مەن يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ ئالغا ئىلگىرىلىگەچكە خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن ئاندىن ھېلىقى ئاق رەڭلىك قىيا تاشنىڭ يېنىغا باردىم. قىيا تاشنىڭ دەل ئۇدۇلىدىكى قويۇق ئورمانلىق چىم ئۆسۈپ كەتكەن كىچىك بىر ئازگالنى يوشۇرۇپ تۇراتتى. ئازگالنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆچكە تېرىسىدىن ياسالغان بىر چېدىر بار ئىدى.

مەن ئازگالغا يۈگۈرۈپ چۈشۈپ چېدىرنىڭ بۇرجىكىنى قايرىپ كىچىك قولۋاقنى كۆردۈم. بۇ ناھايىتى ئاددىي، تولىمۇ قوپال ياسالغان قولۋاق ئىدى. قولۋاق گەۋدىسى تۆكلىرى ئىچىگە قاراپ تۇرىدىغان ئۆچكە تېرىسى بىلەن قاپلانغان، بىر جۈپ پالاق سەپلەنگەن ئىدى. قولۋاق ناھايىتى كىچىك بولۇپ مەنمۇ ئىچىدە ئولتۇرسام قىسىلىپ قالاتتىم. ئەمما بۇنى يەنە ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى يېنىك، يۆتكەشكە ئەپلىك ئىدى.

قولۋاقنى تاپقاندىن كېيىن كاللامدا تۇيۇقسىز قاپ يۈرەكلىك بىلەن قىلىنغان بىر خىيال پەيدا بولدى. مەن قولۋاقنى ھەيدەپ بېرىپ تۇن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ‹‹گىسپانولا››نىڭ ئارقىنىنى كېسىپ ئۈزۈۋەتمەكچى بولدۇم. شۇنداق بولغاندا كېمە دېڭىز تاشقىنىدا لەيلەپ كېلىپ تېيىز سۇدا توختاپ قالاتتى. دېڭىز قاراقچىلىرى چۈشتىن بۇرۇنقى ھۇجۇمدا بۇرنىغا يېگەندىن كېيىن، كېمىنى ھەيدەپ قېچىپ كەتمەكچى بولغان بولۇشى ئېھتىمال. ناۋادا مەن ئۇلارنىڭ قېچىشىنى توسۇپ قالالىسام بەك ياخشى بولاتتى.

مەن بىرھەر قۇر كۆزەتكەندىن كېيىن چوڭ كېمىنىڭ يېنىدا قېيىق يوقلۇقىنى بايقىدىم. دېمەك، چوڭ خەتەرمۇ يوقتەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر تۇمان مەزگىلى بولغاچقا، ھاۋامۇ بارغانسېرى قارىيىشقا باشلىدى. بۇ دەل پىلانىمنى ئورۇنلايدىغان ياخشى پۇرسەت ئىدى.

مەن قاراڭغۇ چۈشۈشنى ساقلىغاچ ئولتۇرۇپ يانچۇقۇمدىن قۇرۇق بولكىنى چىقىرىپ تويغۇدەك يېيىشكە باشلىدىم.

ئۇزاققا قالمايلا ئەتراپقا قاراڭغۇلۇق يېيىلدى. يىراقتىن ئىككى يەردە يورۇقلۇق كۆرۈنەتتى، بىر يەردە دېڭىز قاراقچىلىرى قىرغاقتا ئوتنى ئايلىنىپ هاراق ئىچىپ يايراۋاتاتتى، يەنە بىرى كېمىدە بولۇپ، نۇر كېمىنىڭ بۆلۈمچىسىدىن چىقىۋاتاتتى.

بىردەمدىن كېيىن مەن ئۆزۈمنى دەڭسىۋېلىپ كىچىك قولۋاقنى كۆتۈرۈپ قىرغاققا قاراپ ماڭدىم. دېڭىز سۈيىنى بىر نەچچە قېتىم كەچكەندىن كېيىن قولۋاقنى ئاستا سۇغا قويدۇم.

## ئىككىنچى باب ئارقاننى كېسىش

قولۋاق يېنىك، باشقۇرۇشقا ئەپلىك بولۇپ ماڭا نىسبەتەن پۈتۈنلەي بىخەتەر هېسابلىناتتى. ئەمما ئۇنىڭ بىر كەمچىلىكى بولۇپ دېڭىزدا يۈرگەندە هەمىشە بىر تەرەپكە قىيپاش ماڭاتتى. قانداقلا پالاق ئۇرغان تەقدىردىمۇ ئوخشاشلا شامال يۆلىنىشى تەرەپكە قاراپ ئېغىپ كېتەتتى، بەزىدە توختىماي چۆرگىلەيتتى. مەن بۇ قولۋاقنىڭ ئەهۋالىنى بىلمىگەچكە كونترول قىلالماي قالدىم. ئۇ توختىماي چۆرگىلەپ كېمە تەرەپكە سۈرۈلمەيۋاتاتتى. دېڭىز دولقۇنىنىڭ ياردىمى بولمىغىنىدا مەن بۇ ئۆمرۈمدە قولۋاقنى كېمىنىڭ يېنىغا هەيدەپ ئاپىرالمايدىغاندەك قىلاتتىم. بەختكە يارىشا دېڭىز دولقۇنى قولۋاقنى سىلكىتىپ تويتوغرا «گىسپانولا»نىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى.

مەن كېمىگە يېقىنلىششقا باشلىدىم. قولۋاق ئارقانغا يېقىنلاشقان چاغدا قولۇمنى سوزۇپ ئۇنى تۇتۇۋالدىم. لەڭگەر ئارقىنى چىڭ تارتىشىپ تۇراتتى. ئەمدى بىر نەچچە پىچاق ئۇرسىلا ئارقان كېسىلىپ كېمىنى مۇقىم تۇتۇپ تۇرىدىغان نەرسە قالمايتتى-دە، دولقۇن ئۇرۇپ ئېلىپ كېتەتتى. مەن پىچاقنى چىقىرىپ كېسىشكە تەمشىلىپ تۇيۇقسىز بىر ئىش يادىمغا كېلىپ تۇرۇپ قالدىم. ناۋادا ئارقان هازىر كېسىۋېتىلسە خەتەرلىك بولۇپ ئۈزۈلگەن چاغدىكى ئېلاستىك كۈچى هەم چوڭ كېمىنىڭ قاتتىق سىلكىنىشى مېنىڭ قولۋىقىمنى تامامەن چۆكتۈرۈۋېتەلەيتتى. مەن بۇلارنى ئويلاپ نىيىتىمدىن ياندىم.

ئارىسالدى بولۇپ تۇرغان چاغدا بىر پەس دېڭىز شامىلى چىقىپ «گىسپانولا»نى تەۋرىتىۋەتتى. قولۇمدىكى ئارقاننىڭ بوشاپ قالغانلىقىنى بايقىدىم. مەن ئىچ-ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ دەرهال پىچىقىمنى چىقىرىپ ئارقاننى بىر قات-بىر قاتتىن كېسىشكە باشلىدىم. ئارقان

كىيسىلىپ كېتىشكە يەنە ئىككى قات قالغاندا قايتىدىن چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن يەنە توختاپ دېڭىز شاملى چىققاندا قالغان ئىككى قات ئارغامچىنى كېسىشكە مەجبۇر بولدۇم.

ئارقاننى كېسىۋاتقان چاغدا كېمە بۆلۈمچىسىدە كىملەرنىڭدۇر يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇ چاغدا ئارقان بىلەن بولۇپ كەتكەچكە ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىغان ئىدىم. مانا ئەمدى قولۇم بوشاپ ئىچكىرىدىكى گەپكە قۇلىقىمنى دىڭ تۇتتۇم.

بىر ئاۋاز مۇئاۋىن باش يارىدەمچى ئىسرىل خاندىس، يەنى فلىنتنىڭ توپچىسى بولغان كىشىنىڭ ئاۋازى بولۇپ، ئۇ بىر دېڭىز قاراقچىسى بىلەن جېدەللىشىۋاتاتتى. ئىككىسىلا مەست بولۇپ جېدەل-ماجرا ئەۋجىگە چىقىشقا باشلىدى. مەن ئوغرىلىقچە ئاڭلاۋاتقان چاغدا بىرى دېرىزىدىن نەرسە تاشلىدى. قارىماققا ھاراق بوتولكىسىدەك قىلاتتى. ئۇلار بىر-بىرىگە يول قويمايتتى، بىر-بىرىنى تىللىشاتتى. مەن ئۇلارنى ئۇرۇشۇپ قالىدىغان بولدى، دەپ ئويلاۋاتقان چاغدا ۋاراڭ-چۇرۇڭ تۇيۇقسىز توختاپ قالدى.

قىرغاقتىكى گۈلخان لاۋۇلداپ كۆيمەكتە. بىر توپ ئادەم گۈلخان يېنىدا كونا بىر ماتروسلار ناخشىسىنى ئېيتىشىۋاتاتتى. مەن بۇ ناخشىنى ئاڭلىغان، ئۇنىڭ ئىككى مىسراسى مۇنداق:

*يەتمىش بەش ئادەم كېمە بىلەن يىراققا يۈرۈپ،*
*ئاخىرى يۇرتىغا بىرسىلا قايتتى قالغىنى ئۆلۈپ.*

ئاۋۇ بىر توپ مەغلۇب بولغان ماتروسلارنى سۆيپەتلەشكە مېنىڭچە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق سۆز بولمىسا كېرەك.

شۇ چاغدا يەنە بىر قېتىم دېڭىز شاملى كۆتۈرۈلدى. مەن قولۇمدىكى ئارقاننىڭ بوشىغانلىقىنى ھېس قىلدىم-دە، ئەڭ ئاخىرقى ئىككى تال قېتىنىمۇ كېسىپ تاشلىدىم.

ئارقان ئۈزۈلگەندىن كېيىن «گىسپانولا» دېڭىز دولقۇنىنىڭ تەسىرىدە ئاستا ئايلىنىپ، كېمە بېشى قولۋاقنى چۆكتۈرىۋېتىشكە قىل قالدى. مەن سوقۇلۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن جېنىمنىڭ بارىچە پالاق ئۇردۇم. ئەمما قولۋاق ماڭا بويسۇنمايدىغاندەك قىلاتتى. ئامالسىز كېمىنىڭ قۇيرۇق قىسمىغا قارىتىپ پالاق ئۇردۇم. بۇ چاغدا قولۇم تۇيۇقسىز كېمىدىن ساڭگىلاپ قالغان بىر ئارغامچىغا تەگدى. مەن ئارغامچىنى مەھكەم تۇتۇپ يۇقىرىغا قاراپ يامىشىشقا باشلىدىم. ئارغامچىنىڭ يۇقىرى تەرىپى دەل كېمە بۆلۈمچىسىگە ئۇدۇل كېلەتتى. مەن يۇقىرىغا چىقىپ دېرىزىدىن ئىچىگە قارىدىم. بۆلۈمچە ئىچىدە خاندىس بىلەن ئۇنىڭ رەقىبى بىر-بىرىنىڭ

گېلىنى سىقىپ قارشى تەرەپنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتاتتى. مەن شۇلارنىلا كۆرەلىدىم. چۈنكى قوللىرىم بەرداشلىق بېرەلمەي سۇغا چۈشۈپ كەتكىلى قىل قالدىم. سۇغا چۈشۈپ كېتەي دېگەندە قولۇۋاقا سەكرەپ چۈشۈۋالدىم.

بۇ چاغدا قىرغاقتىن تونۇش ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. دېڭىز قاراقچىلىرى يەنە ناخشا ئېيتقىلى تۇردى:

*ئون بەش ئەزىمەت ئۆلۈكنىڭ ساندۇقىنى تالىشار،*

*هاي.... هاي... هاي... بىر بوتولكا رۇم هارىقىنى تېز ئەكەل!*
*قالغانلىرنى هاراق ۋە ئالۋاستى جېنىدىن ئايرىدى،*
*هاي.... هاي... هاي... بىر بوتولكا رۇم هارىقىنى تېز ئەكەل!*

بۇ چاغدا تۇيۇقسىز جىددىي دېڭىز تاشقىنى كۆتۈرۈلۈپ چوڭ كېمە توختىماي تەۋرىنىشكە باشلىدى. ئەمما، قولۇۋاق يەنىلا كېمىدىن يىراقلاپ كېتەلمىدى. مەن كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قاراپ قورققىنىمدىن روهىم چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى. هېلىقى گۆلخان كەينىمدىلا تۇراتتى، ئەسلى دېڭىز تاشقىنى چوڭ كېمە بىلەن قولۇقىمنى قوشۇپ دېڭىز قىرغىقىغا ئېلىپ كەلگەن ئىكەن.

ئارقىدىنلا مەن چوڭ كېمىدىن كېلىۋاتقان قىيا-چىيالارنى هەم تاپۇر-تۇپۇر يۈگۈرگەن ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلىدىم. مېنىڭچە هېلىقى ئىككى ئەبلەخ ئېسىنى تېپىپ ئۇرۇشتىن توختىغان ئىدى.

دېڭىز قاراقچىلىرى مېنى بايقىدىمۇ-يوق بىلمەيمەن، قاچان چوڭ بىر دولقۇننىڭ مېنى دۈم كۆمتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنىمۇ ئۇقمايمەن. مەن قولۇۋاق ئىچىدە يېتىپ تەغدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۈتتۈم. مەن ئۆلۈمدىن قورۇقمايمەن، ئەمما بۇنداق تەنها هالاكەتنىڭ كېلىشىنى ساقلاش ئۆلمەكتىنمۇ تەس بىلىنمەكتە.

مەن مۇشۇنداق بىرنەچچە سائەت ياتتىم. تاشقىن سۈيى مېنى دېڭىزدا لەيلىتەتتى، بۇژغۇنلار كىيىملىرىمنى هۆل قىلىۋەتتى. مەن بارغانسېرى هاردۇق يېتىۋاتقانلىقىنى هېس قىلىشقا باشلىدىم. ئاخىرى ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. توختىماي تەۋرىنىۋاتقان قولۇۋاق ئىچىدە چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە يۇرتۇمغا قايتىپ بېرىپ ئادمىرال بېنبوۋ مېھمانسارىيىنى كۆرۈپتىمەن.

## ئۈچىنچى باب چوڭ كېمىگە چىقىش

مەن ئويغانغان چاغدا تاڭ ئاتقان ئىدى. دېڭىز تاشقىنى مېنى گۆھەر ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە ئاپىرىپ قويغان ئىكەن. ئالىقاچان كۆن چىققان بولسىمۇ سىپىي-گىلاس تېخى توسۇۋاپتۇ.

ئالدى تەرىپىم ئارقان قىياسى بىلەن كەينى ماچتا تېخى ئىدى. قىرغاقتىن تەخمىنەن تۆتتىن بىر مىل يىراقلىقتا تۇراتتىم. قېيىقنى ھەيدەپ بېرىپ قىرغاققا چىقماقچى بولساممۇ، دېڭىز دولقۇنلىرى مېنى توسۇپ تۇرۇۋاتاتتى. قىرغاققا چىققان تەقدىردىمۇ تىك قىيالاردىن ئۆملەپ ئۆتۈشكە كۈزۈم يەتمەيتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن قىرغاقتا يەنە 50ـ60 غايەت زور غەلىتە مەخلۇقنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قىيا تاش ئۈستىدە يېتىۋالغان، بەزىلىرى دېڭىزغا سەكرەۋاتقان بولۇپ، دېڭىز قىرغىقى ئۇلارنىڭ ئالىتاغىل چىقىراشلىرى بىلەن تولغان ئىدى. مەن كېيىنچە ئاندىن بۇ ھايۋانلارنىڭ دېڭىز شىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئادەمگە زىيان يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى بىلدىم. ئەمما ئەينى چاغدا ئۇلار مېنى بەك قورقۇتۇۋەتتى.

مەن ئارقان قىياسىنىڭ شىمال تەرىپىدە ئۇزۇن ھەم تار قۇملۇق ساھىلنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم. بۇ خەرىتىدە بەلگە قويۇلغان قاربىغايلىق قىيا ئىدى. ئىلگىرى سىلۋېرنىڭ گۆھەر ئارىلىنىڭ غەرب تەرەپتىكى دېڭىز قىرغىقىدا شىمالغا قاراپ ئاقىدىغان بىر دېڭىز ئېقىنىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقانلىقى يادىمغا كەلدى. ھالبۇكى، مەن دەل شۇ ئېقىندا تۇرۇۋاتاتتىم. مەن جىسمانىي كۈچۈمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تەكشىرەك بولغان قارغايلىق قىياغا قاراپ سىلجىماقچى بولدۇم.

بۇ چاغدا دېڭىز تاشقىنى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. دېڭىز دولقۇنلىرى رېتىملىق تەۋرىنەتتى، كىچىك قولۋاق دولقۇنغا ئەگىشىپ بەزىدە يۇقىرى ئۆرلىسە، بەزىدە تۆۋەنلەپ يېنىك سىلكىنەتتى. قولۋاق ئىچىدە ياتقان چاغدا دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ ھەمىشە باش ئۈستۈمدە ئىكەنلىكىنى، ئاندىن كىچىك قولۋاقنىڭ يېنىك سەكرەپ دولقۇن باغرىغا سىيرىلىپ كىرگەنلىكىنى كۆرەتتىم.

مەن ئولتۇرۇپ قولۋاقنى ھەيدىمەكچى بولدۇم. شۇنىسى ئەمدىلا قىمىرلىشىمغا قولۋاق تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ ئوڭ-سولغا ئىرغاڭلاشقا باشلىدى. كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ بېشىم قېيىپ

كەتتى. قورققىنىمدىن ھاپىلا-شاپىلا يېتىۋالدىم. قولۋاق يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ دولقۇنلار ئىچىدە يېنىك لەيلەشكە باشلىدى.

ئەھۋالدىن قارىغاندا مەن مۇشۇنداق ياۋاشلىق بىلەن ياتسام بولىدىغان ئوخشايدۇ. بولمىسا قولۋاق دەرھال تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتاتتى. ئەپسۇس، بۇنداق يېتىۋەرسەم قىرغاققا قاچان يېتىپ بارىمەن؟

مەن ئاستا ئۆزۈمنى تۇختىتىۋالغاندىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاندىم. ئىنچىكە كۆزىتىپ ھەر بىر دولقۇننىڭ دولقۇن ئۇچى بىلەن دولقۇن باغرى بارلىقىنى، قولۋاق دولقۇنغا ئەگىشىپ بىردە كۆتۈرۈلۈپ بىردە پەسلەيدىغانلىقىنى، مىدىرلاپلا قويسام تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقىنى بايقىدىم.

ــ ئەسلى مۇنداقكەنتە، ــ دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، ــ مەن يېتىۋېلىپ پالاقنى قولۋاقنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ قىرغاققا قاراپ ھەيدىسەم بولىدىكەنغۇ.

مەن بىردەم ياتقاندىن كېيىن پالاقنى قولۋاقنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ قىرغاققا قاراپ ھەيدەپ سىناپ باقتىم ھەم بۇنىڭ بەلگىلىك ئۈنۈمى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن جەينىكىمگە تايىنىپ يېرىم ئۆرە بولۇپ پات-پات پالاق ئۇرۇپ تۇردۇم. قولۋاق ئاستا-ئاستا قىرغاققا قاراپ سىلجىشقا باشلىدى.

بۇ كۈچ سەرپ قىلىدىغان ھەم ناھايىتى ئاستا ئىش بولسىمۇ ئۈنۈملۈك ئىدى. مەن قىرغاققا يېقىنلىششقا باشلىدىم. باش ئۈستۈمدە قۇياش نۇرى ئوتتەك چاقنىماقتا. يۈزۈمدىكى تۇزلۇق دېڭىز سۈيى قۇرىغاندىن كېيىن قالدۇرغان ماددىلار مېنى بىئارام قىلماقتا. ئىسسىقتىن گېلىم قۇرۇپ كەتتى. قۇرۇقلۇققا كۆز يەتسىمۇ قول يەتمەيۋاتاتتى. تاشقى قولۇقىمنى ئاستا-ئاستا قارىغايلىق قىياغا قاراپ ئىتتىرىشكە باشلىدى.

قارىغايلىق قىياغا ئاز قالغاندا مەن ئەسلىدىكى پىلانىمدىن ۋاز كەچتىم. چۈنكى ئالدىمدا يېرىم مىل كەلمەيدىغان يەردە «گىسپانولا» ناملىق كېمە يەلكىنىنى چىقىرىپ مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق يەلكەنلىرى قاردەك ئاق بولۇپ، قۇياش نۇرىدا كۈمۈشتەك پارقىرايتتى.

كېمە دەسلەپ غەربكە قاراپ ماڭدى. مەن دېڭىز قاراقچىلىرى ئەسلى توختىغان يەرگە قايتىپ بارسا كېرەك دەپ ئويلىغان ئىدىم. لېكىن، بىردەمدىن كېيىن ماڭا قاراپ كېلىشكە باشلىدى. دەماللىققا نېمە قىلارىمنى بىلمەي قېتىپلا قالدىم.

ئەمما ئۇ تۈيۈقسىز يۆلىنىشنى ئۆزگەرتىپ باشقا ياققا قاراپ ماڭدى. بىردەمدىن كېيىن توختاپ قالدى. چوڭ كېمە مۇشۇنداق بىردەم ئوڭغا بىردەم سولغا بۇرۇلاتتى، قايسى يۆلىنىشكە قاراپ ماڭىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

مەن تۈيۈقسىز بىر ئىشنى چۈشەندىم. ھازىر بۇ كېمىنى ھەيدەيدىغان ئادەم يوق. كېمىدىكىلەر ياكى غەرق مەست بولۇپ ياتىدۇ ۋە ياكى كېمىدىن ئايرىلىپ قىرغاققا چىقىپ كەتتى. شۇئان كاللامدا يەنە بىر قاپ يۈرەكلەرچە خىيال پەيدا بولدى: ناۋادا مەن «گىسپانولا»غا چىقسام ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىپ كاپىتان سىمولېتقا تاپشۇرۇپ بېرەلىشىم مۇمكىن.

تاشقىن سۈيى قولۋاق بىلەن «گىسپانولا»نى لەيلىتىپ جەنۇبقا سۈرمەكتە. «گىسپانولا»نىڭ گەۋدىسى چوڭ، ھەيدەيدىغان ئادەم بولمىغاچقا يۆتكىلىشىدە ھېچقانداق قانۇنىيەت يوق ئىدى. ئۇ بىردەم ئالدىغا سىلجىسا، بىردەم توختاپ قالاتتى، تۈرۈپ چۆرگىلەيتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قولۋاقنى ھەيدىسەم ئۇنىڭغا ناھايىتى تېز يېتىشىۋالىدىغانلىقىمغا ئىشەندىم. شۇلارنى ئويلاپ غەيرىتىم بىردىنلا ھەسسىلەپ ئاشتى.

مەن ئاستا ئولتۇرۇپ پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ ئېھتىيات بىلەن «گىسپانولا»غا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم.

مەن تېزلا «گىسپانولا»غا يېقىنلىشىپ پالوبىدا بىرمۇ ئادەم يوقلۇقىنى كۆردۈم. دېڭىز قاراقچىلىرى كېمىنى تاشلاپ قىرغاققا چىقىپ كەتتىمۇ ياكى پالوبا ئاستىدىكى بۆلۈمچىلەردە ئۇخلاۋاتامدۇ، بىلگىلى بولمايتتى. ناۋادا ھەممىسى ئۇخلاۋاتقان بولسا مەن ئۇلارنى ئىچكە سولاپ قويۇپ كېمىنى كونترول قىلالىشىم مۇمكىن ئىدى.

مۇشۇلارنى ئويلاۋاتقان چاغدا ئەھۋال ماڭا پايدىسىز تەرەپكە قاراپ ئۆزگەردى. دېڭىز يۈزىدە تۈيۈقسىز شامال چىقىپ «گىسپانولا»نىڭ يەلكەنلىرى كۆپتى-دە، ئۇدۇل جەنۇب تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇنداق بولغاندا كېمە مېنىڭدىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كېتەتتى. مەن بۇ قولۋىقىم بىلەن ئۇنىڭغا ھەرگىز يېتىشىپ بارالمايتتىم.

مەن ئۈمىدنى ئۈزۈپ ئۇنى قوغلاشتىن ۋاز كەچمەكچى بولۇۋاتقاندا تۈيۈقسىز دېڭىز شامىلى توختاپ قالدى. «گىسپانولا» يەنە جايىدا ئايلىنىشقا باشلىدى. مەن قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ ئۇنىڭغا قاراپ پالاق ئۇردۇم.

«گىسپانولا»غا بىرىنچى قېتىم يۈز يارد قالغاندا شامال قايتىدىن چىقىشقا باشلىدى. كېمىمۇ داۋاملىق ئالدىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى. مەن تازا تىت-تىت بولۇپ تۇرغان چاغدا كېمە ئاستا ئايلىنىپ مەن تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ئۇ بارغانسېرى يېقىنلاشقىلى تۇردى. قولۋاق ئىچىدىن كېمىگە نەزەر سالغاندا ئۇ ناھايىتى ھەيۋەت كۆرۈنەتتى.

بۇ چاغدا مەن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى ‹‹گىسپانولا››نىڭ بېشى مېنى سىرىقتۇرۇۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئۇنىڭ گەۋدىسى دېڭىز شامىلىنىڭ تەسىرىدە توختىماي ئىغاڭلايتتى. مەن قولۋاقتا تىك تۇرسامۇ كېمە خېلى ئېگىز بولغاچقا ئۇستىگە چىقماق تەس بولۇۋاتاتتى.

ئاخىرى پۇرسەت كەلدى. چوڭ كېمە بىر دولقۇندىن ئۆتكەندىن كېيىن كېمە بېشى تۆۋەنگە ئېگىلدى، كېمىدىكى يانتۇ ماچتا دەل باش ئۇستۈمگە توغرا كەلدى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە بىر دولقۇن مېنىڭ قولۋىقىمنى دولقۇن ئۇچىغىچە كۆتۈردى. مەن بىرلا سەكرەپ قولۇم بىلەن ئۇچ بولۇڭ يەلكەننى تۇتۇۋېلىپ پۇتۇمنى يەلكەن ئارقانلىرىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ چوڭ كېمىگە چىقتىم. تېڭىرقاپ تۇرغان چېغىمدا تۇيۇقسىز سوقۇلۇش ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەسلى چوڭ كېمە قولۋاقنى سوقۇپ چۆكتۈرۈۋەتكەن ئىكەن. ئەمدى مېنىڭ كېمىدە قالماقتىن باشقا چارەم يوق ئىدى.

## تۆتىنچى باب دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ بايرىقىنى چۈشۈرۈش

مەن ئۇچ بولۇڭ يەلكەننى تۇتۇپ كېمىگە چىقماقچى بولغان چاغدا يەنە شامال چىقىپ ھەممە يەلكەن كۆپتى-دە، كېمىنىڭ گەۋدىسى سىلكىندى. بۇ سىلكىنىش مېنى دېڭىزغا قاڭقىتىپ تاشلىۋېتىشكە قىل قالدى. مەن ھاپىلا ــ شاپىلا يانتۇ ماچتىنى بويلاپ ئالدىغا ئەچچىنى يامىشىپ بىرلا ئۆرۈلۈپ پالۋىغا چۈشتۈم.

كېمىدە بىرمۇ ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. پالۋا قالايمىقان ئاياغ ئىزى بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار كېمىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن پالۋىنى بىرەر قېتىممۇ يۇيۇپ باقمىغانىكەن.

مەن ئالدىمغا ماڭاي دەپ تۇرغاندا پالۋىدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئىككى دېڭىز قاراقچىسىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ بىر ئىسرىل خاندىس بولۇپ، ئۇ ئىككى پۇتىنى تۆپتۈز سوزۇپ، قوللىرىنى پالۋىغا تاشلاپ، بېشى ساڭگىلىغان قىياپەتتە كېمە بېقىنىغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. يۈزلىرى تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. يەنە بىرى قىزىل پوسما كىيگەن، ھىڭگاڭ چىش، مايماق ئېغىز بولۇپ، ئىككى قولىنى يېيىپ پالۋىدا ئۇڭدىسىغا ياتاتتى. بۇ دەل تۈنۈگۈن كەچ خاندىس بىلەن ئۇرۇشقان ھېلىقى خۇمپەر ئىدى.

كىمە تۈپۈقسىز مەست ئادەمدەك ئوڭ ــ سولغا ئىرغاڭلاشقا باشلىدى. قىزىل بوّكلۈك ئەبلەخ كىمنىڭ ئىرغاڭلىشىغا ئەگىشىپ تەۋرىنەتتى. ئادەمنى تەشۋىشكە سالىدىغىنى شۇكى، ئۇنىڭ تۇرقى ھەم چىراي ئىپادىسى كىمىنىڭ تەۋرىنىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرمەيتتى. خاندىسمۇ جىنى چىقىپ كەتكەنئادەمدەك ئاستا ــ ئاستا پەسكە سىيرىلدى.

شۇ چاغدا مەن بۇ ئىككىسىنىڭ يىنىدىكى پالۋىدا نۇرغۇن قان دېغىنى بايقىدىم. ئېھتىمال، ئۇلار ھاراق ئىچىپ مەست بولغاندىن كېيىن بىر ــ بىرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان، ئاخىرىدا ئىككىسىلا تەڭ تۆكەشكەن بولسا كېرەك. مەن شۇ خىياللار بىلەن تۇرغىنىمدا خاندىس تۇيۇقسىز يانغا ئۆرۈلۈپ ئىگراپ كەتتى. بۇ ئىگراشتىن ئۇنىڭ قىينىلىۋاتقانلىقىنى، ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

مەن ئۇلارغا قاراپ مىڭىپ ئاساسىي ماچتا ئالدىدا توختاپ قالدىم.

ــ ئۆز ئايىغىم بىلەن قاپقانغا چۈشۈپتىمەن ـ دە، خاندىس ئەپەندىم، ــ دېدىم مەن مەسخىرە تەلەپپۇزدا.

ئۇ ئاران دېگۈدەك كۆزىنى شىپىلدىتىپ ئىپادىسىز قىياپەتتە قىينىلىپ تۇرۇپ دېدى:

ــ براندى!

ئەسلى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلسام بولاتتى. براق ئالما توگىنىڭ يىنىدا ئوغرىلىقچە ئاڭلىغان گەپ ــ سۆزلەر يادىمدىن كىچىپ ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتىم قايتىدىن كۆچىيىپ كەتتى.

ئەمدى ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ئازاراق نەرسە يەپ بەدەن قۇۋۋىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالمىسام بولمايتتى. مەن پالۇبىلار ئارىسىدىكى شوتىدىن كىمە بۆلۈمچىسىگە كىرىپ ناھايىتى ۋەيرانە بىر مەنزىرىنى كۆردۈم. قۇلۇپ سېلىنغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى قومۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، بۇ ھېلىقى خەرىتىنى تېپىش ئۈچۈن قىلىنغان قوپال ھەرىكەت ئىدى. ئىلگىرى قاردەك ئاق تاملار پاسكىنا قول ئىزلىرى بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. ئۆيىنىڭ ھەممىلا يېرىدە قۇرۇق بوتولكا دومىلاپ تۇراتتى. شىرە ئۈستىدە بىر چىراپ غۇۋا يېنىق تۇراتتى.

مەن ساقلاش ئۆيىگە كىرىپ بۇ يەردىكى ھاراق تۈگىلىرىنىڭ قۇرۇغدىلىپ قالغانلىقىنى، قورۇق بوتولكىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپلۈكىنى كۆردۈم. ئۇلار كېمىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ھاراق ئىچىشنى توختاتمىغاندەك قىلاتتى.

مەن يېرىم كۈن ھايال بولغاندىن كېيىن ئازراق براندى قالغان بوتولكىدىن بىرنى تاپتىم ھەم ئۇنى خاندىسقا بەرمەكچى بولدۇم. قانداقلا بولمىسۇن ئۇ سەكراتتا تۇرۇۋاتاتتى. ئارقىدىن يەنە ئازراق قۇرۇتۇلغان بولكا، بىر نەچچە پارچە بالقات، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە پىشلاپ تاپتىم. مەن بۇ

نەرسىلەرنى پالوبىغا ئېلىپ چىقىپ خاندىسنىڭ قولى يەتمەيدىغان يەرگە قويدۇم. تاتلىق سۇ باكىنىڭ يېنىغا كېلىپ قانغۇدەك سۇ ئىچتىم. ئاخىرىدا ھېلىقى بىراندىنى خاندىسقا ئۇزاتتىم. ئۇ بوتۇلكىنى ئېلىپ بىرلا كۆتۈرۈپ يېرىمىنى ئىچىۋەتتى.

ــ ئۇھ، ــ دېدى ئۇ، ــ ئەمدى خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم.

مەن بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ نەرسە يېگەچ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

ــ ياراڭ ئېغىرمۇ؟

ــ شور پېشانىكەنمەن، ــ دېدى خاندىس قىزىل بۆلۈكنى كۆرسىتىپ، ــ ئەمما ئۇ ئۆلدى. ھوي، سەن كېمىگە نېمە قىلغىلى چىقتىڭ؟

ــ مەن بۇ كېمىنى ئۆتكۈزۈۋالغىلى چىقتىم، خاندىس ئەپەندىم، مەن ھازىر كاپىتان، ــ دېدىم جاۋاب بېرىپ.

ئۇ ماڭا مەنىستىمەسلىك بىلەن قاراپ قويۇپ ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ چىرايىغا بارا-بارا قان يۈگۈردى، بىراق ئەھۋالى يەنىلا خاراب ئىدى.

ــ ئەمدى، ــ دېدىم مەن، ــ كېمىگە دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ بەلگىسىنى ئېسىشقا بولمايدۇ، خاندىس ئەپەندىم. مەن ئۇنى ئېلىۋېتىمەن.

مەن بايراق يېپى ئالدىغا كېلىپ قارا رەڭلىك دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ بايرىقىنى چۈشۈرۈپ دېڭىزغا تاشلىۋەتتىم.

خاندىس بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە مۇغەمبەرلىك يىغىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى.

ــ كاپىتان جىم، بىز سودىلاشساق قانداق؟ ــ دېدى ئۇ ئاخىرى ئېغىز ئېچىپ.

ــ بولىدۇ، قېنى دە، ــ دېدىم مەن جاۋاب بېرىپ. ئاندىن ئۆز ئورنۇمغا قايتىپ كېلىپ غىزالىنىشقا باشلىدىم.

ــ بۇ ئەبلەخنىڭ ئىسمى ئوبرايىن، ــ دېدى خاندىس ئۆلگەن دېڭىز قاراقچىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ــ ئۇ ئېرلاندىيەلىك. بىز ئەسلى كېمىنى ھەيدەپ ئەكەتمەكچى بولغان، ئەمما ئۇ ئۆلدى. كېمىنى ھەيدەيدىغان ئادەم قالمىدى. ئەگەر سەن ماڭا ئازراق يەيدىغان نەرسە بېرىپ يارامنى تېڭىپ قويساڭ ساڭا كېمىنى قانداق ھەيدەشنى ئۆگىتىپ قويىمەن. مەن دەپ بەرمىسەم كېمىنى ھەيدىيەلمەيسەن.

ــ مەن كېمىنى ھەيدەپ شىمال تەرەپتىكى قولتۇققا بارىمەن، ئىلگىرى توختىغان يەرگە بېرىشقا بولمايدۇ، ــ دېدىم مەن.

ــ بولىدۇ، مەن ئەخمەق ئەمەس، نېمە ئويلاۋاتقىنىڭنى ئوبدان بىلىمەن. مېنىڭ بۇ ھالىمدا قەيەرگىلا بارسام ئوخشاش. نەگە بارغۇڭ كەلسە بېرىۋەر.

ئۇنىڭ گەپلىرى ئورۇنلۇق بولغاچقا تەلەپپۇزىگە قوشۇلدۇم. ھايال بولماي مەن «گىسپانولا»نى ھەيدەپ يولغا چىقتىم. مەن تاشقى كۆتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى شىمال تەرەپتىكى قولتۇققا يېتىۋېلىشنى، ئاندىن تاشقى مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ تېيىز سۇدا توختاپ تاشقىن يانغاندىن كېيىن قىرغاققا چىقىشنى ئويلايتتىم.

مەن رولنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن بۆلۈمچىگە كىرىپ يېپەك قولياغلىق تېپىپ خانىدىنىڭ يوتىسىدىكى تېخىچە قان ئېقىۋاتقان يارىنى تاڭدىم. ئاندىن ئۇنىڭغا يېگۈدەك نەرسە بەردىم. ئۇ خېلى ئەسلىگە كېلىپ قالغاندەك قىلاتتى. قەددىنى روسلاپ ئولتۇردى، گەپ-سۆزلىرىمۇ ئېنىق قىلىشقا، ئاۋازىمۇ بارغانسېرى يۇقىرىلاشقا باشلىدى.

دېڭىز شامىلى يېنىك پۈۋلەيتتى. ئارالدىكى مەنزىرىلەر كۆز ئالدىمىزدىن بىر-بىرلەپ ئۆتمەكتە. بىز ناھايىتى تېزلا قۇملۇق قىرغاقتىن ئۆتۈپ كەتتۇق، ئارقىدىن يەنە ئارالنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى بىر تاغدىن ئايلىنىپ ئۆتتۇق.

مەن ئىشلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋاتقانلىقىدىن قانائەتلەندىم. سۈپسۈزۈك ئاسمان ھەم ئارالدىكى چىرايلىق مەنزىرە كىشىگە ئارامبەخش ھۇزۇر بېرەتتى. ھازىر مەندە يېتەرلىك يېمەكلىك ۋە سۇ بار. كېمىمۇ ئۆز ئىلكىمدە. بۇ مېنىڭ روھىي ئازابلىرىمنى خېلى يەڭگىللەتتى. بىراق بىر ئىش مېنى ئارامسىزلاندۇراتتى: خاندىس ھەمىشە مەسخىرىلىك نەزىرى بىلەن ماڭا سەپسالاتتى. نەگىلا بارماي ماڭا مىختەك تىكىلەتتى. چىرايىدىن ئادەمنىڭ ئارامىنى بۇزىدىغان بىر خىل سوغۇق تەبەسسۇم كەتمەيتتى.

## بەشىنچى باب ھايات-ماماتلىق جەڭ

تەلىيىمىز ئوڭ كېلىپ دېڭىزدا غەرب شامىلى چىقىشقا باشلىدى. ئەمدى بىز ئارالنىڭ شەرقىي شىمال ئۇچىدىن قىينالمايلا شىمالىي قولتۇققا كىرەلەيتتۇق. شۇنىسى، مەن ئارقانى كېسۋەتكەچكە دېڭىز تاشقىنى كۆتۈرۈلۈپ ئەۋجىگە چىققاندا كېمىنى قىرغاققا ئىتتىرىپ تېيىز سۇدا توختىتىپ قويۇۋشنى ساقلاشقا توغرا كەلدى. خاندىس ماڭا يول كۆرسىتىپ، كېمە بېشىنى قانداق قىلغاندا شامال ئۆرۈلىدىغان تەرەپكە قارىتىپ توختىتىشنى ئۆگەتتى. مەن بىر نەچچە

قېتىم تىرىشقاندىن كېيىن ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم. ئاندىن بىز بىر نەرسە يېيىشكە باشلىدۇق.

ــ كاپىتان جىم، ــ دېدى خاندىس چىرايىدىن مۇغەمبەرلىك كۈلكىسى ياغدۇرۇپ، ــ دوستۇم ئوبراينىنىڭ جەستى تېخىچە كېمىدە تۇرۇپتۇ. سەن ئۇنى دېڭىزغا تاشلىۋەت.

ــ ئۇنى كۆتۈرەلمەيمەن، ئۇنداق قىلغۇمۇ يوق، ــ دېدىم مەن.

ــ «گىسپانولا» چۈشەنگىلى بولمايدىغان كېمە، ــ دېدى ئۇ كۆزىنى چىمچىقلىتىپ قويۇپ، ــ بۇنىڭغا چىققان ئادەم ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ قېچىپ كېتىدۇ. ئوبراينىنى دېسەم ئۇ مۇشۇ كېمىدە ئۆلدى. مەن ساۋاتسىز. سەن بولساڭ ئوقۇغان ئادەم، ماڭا ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئەرۋاھى بار-يوقلۇقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟

ــ ئادەم ئۆلىدۇ، ئەمما روھى هايات، بۇ قائىدىنى بىلىشىڭ كېرەك، ــ دېدىم مەن جاۋاب بېرىپ، ــ ئوبراين هازىر يەنە بىر دۇنيادا تۇرۇپ بىزنى كۆزىتىۋاتىدۇ.

ــ بۇ گەپچە ئادەم ئۆلتۈرۈش پۇتۇنلەي ۋاقىت ئىسراپ قىلىشكەندە، ــ دېدى ئۇ، ــ بىراق، مەن روھنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئانچە مۇهىم دەپ قارىمايمەن. سېنىڭدىن بىر ئىشنى ئۆتۈنەي. بۆلۈمچىگە كىرىپ ماڭا بىر بوتولكا ئۈزۈم هارىقى ئەكىلىپ بەر، ئۆلگۈر بىراندىنىڭ گىرادۇسى بەك يۇقىرى ئىكەن، مەن يارىلانغاچقا يەنە ئىچەلمەيمەن.

ئۇنىڭ گەپلىرى تاققا-تۇققا بولۇپ، چىرايىمۇ باشقىچە ئىدى. يەنە كېلىپ بىراندىنى تاشلاپ ئۈزۈم هارىقى ئىچمەكچى بولغانلىقى گۇمانىمنى قوزغاپ قويدى. ئۇ مېنى پالوبىدىن كەتكۈزۈۋېتىپ ئۆزى بىر ئىش قىلماقچى بولغاندەك قىلىۋاتاتتى. نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى ئۇققىلى بولمايتتى. مەن يالغاندىن پالوبىدىن كەتكەن بولۇۋېلىپ پالوبا شۇتىسىدىن چۈشۈپ قەستەن يۇقىرى ئاۋاز چىقاردىم. ئاندىن ئايىغىمنى سېلىۋېتىپ كارىدوردىن غىپپىدە ئۆتۈپ ئالدى پالوبىنىڭ شوتىسىغا يامىشىپ خاندىس ئولتۇرغان يەرگە قارىدىم.

قاراپلا ئۇنىڭ پۇت-قولىنى تەڭ ئىشقا سېلىپ پالوبىدا تەستە ئۆمىلەۋاتقانلىقىنى، گېلىدىن خىرقىراق ئاۋاز چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئېھتىمال يارىسى ئاغرىۋاتسا كېرەك. بىردەمدىلا ئۇ كېمە بېقىندىكى سۇ چىقىرىۋېتىش تۆشىكى يېنىغا يېتىپ كەلدى-دە، ئارغامچىلار ئارىسىدىن ئۇزۇن ساپلىق بىر كىچىك پىچاقنى تاپتى. پىچاق قان يوقى ئىدى. ئۇ بىرنى تىنىۋالغاندىن كېيىن بارمىقى بىلەن پىچاق بىسىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى سىناپ باقتى. ئاندىن پىچاقنى قوينىغا سېلىپ ئەسلىدىكى جايىغا ئۆمىلەپ كېلىۋالدى.

ئەسلىدە خانىدس مېنى پالوبىدىن كەتكۈزۈۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقمىدىن پايدىلىنىپ پىچاق بىلەن مېنى بىر تەرەپ قىلماقچى بولغان ئىكەن. مېنى ئۆلتۈرگەنىدىن كېيىن كېمىنى ھەيدەپ ئەسلى جايىغا قايتماقچىمۇ ياكى زەمبىرەك ئېتىپ ھەمراھلىرىنى چاقىرىپ قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلامدۇ، ھېچنېمە بىلمەيتتىم. بۇ چاغدا كېمە تېخى قىرغاقتا يېقىنلاشمىغان بولۇپ، بىز ئۇنى شامالدىن دالدىلانغىلى بولىدىغان بىخەتەر تېيىز سۇدا توختىتىۋېلىشىنى ئويلىشىۋاتاتتۇق. كېمە بىخەتەر توختاشتىن ئاۋۋال خاندىسنىڭ قول سالمايدىغانلىقى ماڭا ئايان. مەن قانىداق قىلىشنى ئويلىغاچ بۆلۈمچىگە كىرىپ بىر بوتولكا ئۈزۈم ھارىقى ئېلىپ پالوبىغا چىقتىم.

خاندىس مەن كەتكەن چاغدىكىدەك ياتاتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا بارغاندا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ بوتولكىنى ئېلىپ ئېغىزىنى ئەپچىللىك بىلەن ئاچتى-دە، غۇرتۇلدىتىپ ئىچكىلى تۇردى. ئارقىدىن يېنىنى ئىزلەشتۈرۈپ بىر تال كۆك تاماكا چىقىرىپ ئۆزىدە پىچاق يوقلۇقىنى، مېنىڭ پىچاق بىلەن پارچىلاپ بېرىشىمنى ئېيتتى.

— بۇنى ماڭا پارچىلاپ بەر، — دېدى ئۇ، — بۇ بەلكىم مەن چەككەن ئەڭ ئاخىرقى تاماكا بولۇپ قىلىشى مۇمكىن. مەن ئۆلەي دەپ قالدىم.

— بولىدۇ، تەلپىڭنى ئورۇندايمەن، — دېدىم مەن، — بىراق ھەربىر خرىستىيان مۇرتى ئۆلۈش ئالدىدا ئىبادەت قىلىپ گۇناھلىرىغا تۆۋە قىلىشى كېرەك.

— مەن ئۇنداق قىلمايمەن، تۆۋە قىلىدىغان ئىشىم يوق، — دېدى ئۇ.

— سەن ئۆز ئېتىقادىڭغا ئاسىيلىق قىلىپ شۇنچە كۆپ جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭ، سۇخەنچىلىك قىلدىڭ، يەنە تېخى بايىلا ئادەم ئۆلتۈردۈڭ. ئەجەبا بۇلارغا تۆۋە قىلمامسەن؟ — دەپ سورىدىم مەن يۇقىرى ئاۋازدا، — سەن دەرھال تەگىرىدىن كەچۈرۈم سورا، خاندىس ئەپەندىم!

مەن خاندىس تىقىۋالغان كىچىك پىچاقنى يادىمغا ئېلىپ ئىختىيارسىز جىددىيلەشتىم.

ئۇ ئۈزۈم ھارىقىنى بىر يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن دېدى:

— مەن دېڭىزدا ئوتتۇز يىل تۇردۇم، بوران-چاپقۇننى باشتىن كەچۈردۇم، ئوت قويۇپ ئادەم ئۆلتۈردۇم، ياخشى-يامان ھەممىنى كۆردۇم. ئەمما، ئەزەلدىن ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىدىغان ئىشنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. سەن باشقىلارنى ئۆلتۈرمىسەڭ باشقىلار سېنى ئۆلتۈرىدۇ. مەڭگۈ مۇشۇنداق. پالوبىدا ياتقان ئاۋۇ ئادەمگە قارا، ئۇمۇ ئوخشاش.

— بۇلارنى دېيىشمەيلى، — دېدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن گەپنى بۇراپ، — ھازىر تاشقىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، قوماندانلىقىمنى ئاڭلا، بىز كېمىنى پورتقا ھەيدەپ كىرەيلى.

كېمە يەنە ئىككى مىل ماڭسىلا قىرغاققا يېقىنلىشالايتتى. ئەمما بۇ يول ناھايىتى جاپالىق. شىمال قولتۇق تار ھەم سۈيى تېيىز، شۇنداقلا ئەگرى-بۈگرى بولۇپ، كېمىنى ھەيدەپ كىرىش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەسكەن. خاندىس ئىككىمىز ئۆزئارا ماسلىشىپ كېمىنى ئوڭ-سولغا بۇراپ يۈرۈپ ئاخىرى ئېغىزدىن ئۆتۈپ شىمالىي قولتۇققا كىردۇق.

جەنۇب تەرەپتە چىرىپ بۇزۇلغان ئۈچ ماچتىلىق بىر كېمىنىڭ قالدۇقى دېڭىز ساھىلىغا يېتىپ قالغان ئىدى. قاراشتىن ناھايىتى ئېچىنىشلىق كۆرۈنەتتى.

ــ ئاۋۇ يەرگە قارا، ــ دېدى خاندىس كېمە يېتىپ قالغان يەرنى كۆرسىتىپ، ــ ئۇ يەردىن قىرغاققا يېقىنلاشساق ئەڭ مۇۋاپىق. ئۇ يەردىكى قۇملۇق تەكشى، تۆت ئەتراپى ئورمان ئىكەن. كېمىنى شۇ يەرگە ھەيدە.

ــ مۇبادا كېمە ئۇ يەرگە يېتىپ قالسا كېيىن قانداق دېڭىزغا ھەيدەپ كىرىمىز؟ ــ دەپ سورىدىم مەن.

ــ ناھايىتى ئاسان، ــ دېدى خاندىس جاۋاب بېرىپ، ــ تاشقىن يانغاندا بىر تال ئارغامچىنى قارشى قىرغاققا تارتىپ دەرەختىن ئايلاندۇرۇپ ئۆتۈپ چىغىرىققا يۆگەيمىز. كېلەركى قېتىم تاشقىن كۆتۈرۈلگەندە بىر نەچچە ئادەم چىغىرىقنى ئايلاندۇرسا كېمە قىرغاقتىن ئايرىلىپ دېڭىزغا كىرىدۇ. بولدى، جىم، بىز قۇم ساھىلغا يېقىنلاشتۇق، رولنى ئوڭغا بۇرا، يەنە ئازراق ئوڭغا، سولغا ئازراق ئېغىپ كەتتى، مۇقىملاشتۇر.

ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا مەن رولنى بۇراپ كېمىنى ھەيدەپ چاتقاللار ئۆسۈپ كەتكەن دېڭىز ساھىلىغا قاراپ ماڭدىم. كېمە قۇمغا ئۇرۇلغاندا قاتتىق ھاياجانلاندىم. بېشىمنى كېمىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى گىرۋىكىدىن چىقىرىپ كېمە ئالدىدىكى تۈرۈم-تۈرۈم بۇژغۇنلارغا قارىدىم.

بۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ كەينىمگە بۇرۇلدۇم. كەينىمگە قاراپلا خاندىسنىڭ ھېلىقى كىچىك پىچاقنى سىقىملاپ ئالدىمغىلا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ماڭا قاراپ زەرب بىلەن تاشلاندى. مەن ھاپىلا-شاپىلا كېمە بېشى تەرەپكە ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچتىم. رول قولۇمدىن چىقىپ كېتىپ كەينىگە يېنىپ كەتتى-دە، خاندىسنىڭ مەيدىسىگە زەرب بىلەن تەگدى. خاندىس زەربىدىن تۈگۈلۈپلا قالدى.

ئۇ ئېسىنى تاپقان چاغدا مەن ھەيدەش بۆلۈمچىسىدىن چىقىپ پالوبىغا كەلدىم. ئاساسلىق ماچتىنىڭ ئالدىدا توختاپ يانچۇقۇمدىن تاپانچامنى چىقاردىم. بۇ چاغدا ئۇ بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنى قارىغا ئېلىپ تەپكىنى قايرىدىم. ئەپسۇس، تاپانچىدىن ئوق چىقمىدى. ئەسلىدە تاپانچىنىڭ دورىسى دېڭىز سۈيىدە ھۆل بولۇپ كەتكەچكە ئېتىلمىغان ئىكەن.

گەرچە خاندىس يارىلانغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى تېز بولۇپ، مەن ئىككىنچى تاپانچىنى چىقىرىپ ئېتىشقا ئۈلگۈرەلمەيتتىم. قالايمىقان قاچسامۇ بولمايتتى. بولمىسا ئۇ مېنى ناھايىتى ئاسانلا بىر بۇلۇڭغا قىستاپ كېلەتتى. مەن ماچتىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ، خاندىس يەنە باستۇرۇپ كەلگەندە ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىشنى ساقلاپ جىمجىت تۇردۇم. يۇرتۇمدىكى چاغدا دائىم دوستلىرىم بىلەن مۇشۇنداق ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىپ قېچىش ئويۇنلىرىنى ئوينايتتىم. مەن خاندىس يارىلاندى، يىقىلمىسىمۇ چوڭ، مېنىڭدەك چاققان ئەمەس، دەپ پەرەز قىلدىم. شۇڭا بۇ ئويۇندا ئۇنىڭغا ئۇتتۇرۇپ قويمايتتىم.

خاندىس مەقسىتىمنى بىلىپ توختاپ قالدى. ئۇ يالغاندىن ئوڭ-سولدىن كېلىپ مېنى تۇتماقچى بولغان قىياپەتكە كىرىپ تۈيۈقسىز باشقا تەرەپكە يۈگرەيتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ گاھىدا ئوڭغا، گاھىدا سولغا ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچتىم. گەرچە ئۇنى يەنە بىر پەس ھايال قىلسامۇ ئەمما مېنى تۇتۇۋالسا پۈتۈنلەي تۈگىشەتتىم.

دەل شۇ چاغدا ‹‹گىسپانولا›› بىردىنلا شىددەتلىك سىلكىنىپ ئىغاڭلىغىنىچە قۇمغا پېتىشقا باشلىدى. ئاندىن سول تەرەپكە قىيسىيىپ، پالوبا بىلەن يەر يۈزى 45 گىرادۇسلۇق بولۇڭ ھاسىل قىلىپ توختىدى. ھەر ئىككىمىز تەڭپۇڭلۇقىمىزنى يوقىتىپ سول تەرەپتىكى سۇ چىقىرىش ئېغىزىغا دومىلاپ چۈشتۇق. ھېلىقى قىزىل بۆكلۈك ئەبلەخ غۇلچىنى كېرىپ شۇ يەردە ياتاتتى. مېنىڭ بېشىم خاندىسنىڭ پۇتىغا تېگىپ قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ باشتا ئورنۇمدىن تۇردۇم. خاندىس يىقىلغان چاغدا جەسەتكە چىرمىشىپ قالغان ئىدى. كېيىن يانتۇ بولۇپ قالغاندىن كېيىن پالوبىدا دالدىلانغىدەك يەرمۇ قالمىدى. مەن دەرھال ئاساسىي ماچتىغا چىقىدىغان ئارغامچا شوتىنى تۇتۇپ يۇقىرىغا قاراپ تاكى ماچتىنىڭ ئۈستىدىكى توغرا ياغاچقىچە چىقىپ ئاندىن ئۇھ دېدىم.

مەن يۇقىرىغا يامىشىۋاتقاندا ئىسرىل خاندىس پۇتۇمغا بىر پىچاق شىلتىدى. يېرىم چى ئارىلىق بولمىغان بولسا يارىلانغان بولاتتىم. ئۇ قۇرۇق پىچاق ئۇرغاندىن كېيىن ئېغىزىنى يوغان ئاچقىنىچە جايىدا تۇرۇپ قالدى. قىياپىتىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. مەن ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ تاپانچىنىڭ دورىسىنى ئالماشتۇرۇشقا باشلىدىم. بىر تاپانچىنىڭ دورىسىنى ئالماشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئېھتىيات ئۈچۈن يەنە بىرىنىڭمۇ دورىسىنى ئالماشتۇرۇۋەتتىم.

خاندىس بۇنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى-دە، بىردەم تېڭىرقىغاندىن كېيىن پىچاقنى ئاغزىغا توغرىسىغا چىشلەپ ئېغىر گەۋدىسىنى سۆرەپ ئارغامچا شوتىغا ياماشتى. ئۇ ئاغرىققا چىداپ يارىلانغان پۇتىنى سۆرەپ تىرمىشىپ يۇرۇپ ناھايىتى ئاستا سۈرئەت بىلەن يۇقىرىغا

چىقىشقا باشلىدى. ئۇ تەخمىنەن شوتىنىڭ ئۇچتىن بىر قىسمىغا چىققاندا مەن ئىككىلا تاپانچىغا ئوق سېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلەپ ۋارقىرىدىم:

— خاندىس ئەپەندىم، سەن يۇقىرىغا يەنە بىر قەدەم ئۆرلىسەڭ مەن كاللاڭدىن تۆشۈك ئاچىمەن! بايا، سەن باشقىلارنى ئۆلتۈرمىسەڭ باشقىلار سېنى ئۆلتۈرىدۇ، دېگەنتىڭغۇ؟

ئۇ توختاپ قالدى. چىرايىدىن قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئويلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە ئويلىنىپ قىمىرلىمىدى. ئۇنىڭ روھى چىقىپ كەتكەندەك قېتىپ تۇرۇشىغا قاراپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتىم.

ئۇ ئاغزىغا چىشلىۋالغان پىچاقنى ئېلىپ شۆلگىيىنى يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن دېدى:

— جىم، بىز ئەپلىشىپ قالايلى. ناۋادا كېمە تۇيۇقسىز قىيسىيىپ كەتمىگەن بولسا مەن سېنى جايلىۋەتكەن بولاتتىم. شور پېشانە ئىكەنمەن، بىر قېرى ماتروسنىڭ سېنىڭدەك بىر سېرىق تۈكنىڭ قولىدا يېڭىلگەنلىكىگە تەن بەرمىسەم بولمىغۇدەك.

ئۇنىڭ گەپلىرى ماڭا ناھايىتى تېز تەسىر قىلىپ چىرايىمدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. مەن بۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇپ تۇرغىنىمدا ئۇنىڭ تۇيۇقسىز قولىنى شىلتىغىنىلىكىنى كۆردۈم. بىر يورۇق نۇر ماڭا قاراپ ئۇچۇپ كەلدى. كېيىندىنلا مەن قاتتىق ئاغرىقنى سەزدىم، ئەسلى مۈرەم ماچتىغا مىقلىنىپ قالغان ئىكەن. قوش تاپانچا شۇئان سايرىدى ھەم قولۇمدىن چىقىپ دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى. تاپانچا بىلەن دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەندىن يەنە خاندىسمۇ بار ئىدى.

## ئالتىنچى باب، شاتوت قاراۋۇل

ئەينى چاغدا خاندىسنى قارىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن بولساممۇ، يەنىلا دەل تەگكۈزگەن ئىدىم. خاندىسنىڭ قولى ئارغامچا شوتىدىن بوشاپ غەلىتە چىرقىرىغىنىچە دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى. مەن ماچتىنىڭ ئۇچىدىكى توغرا ياغاچتا ئولتۇرۇپ تۆۋەنگە قاراپ ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىگە لەيلەپ چىققانلىقىنى كۆردۈم. دېڭىز سۈيى قان بىلەن بويالدى. ئارقىدىن ئۇ ئاستا چۆكۈپ كەتتى.

دېڭىز سۈيى بارا-بارا تىنچىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تۈگۈلگىنىچە سۇنىڭ تېگىدە ياتقانلىقىنى كۆردۈم. بىر نەچچە تال بېلىق ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۈزۈۋاتاتتى. ئۇ ئەسلىدىنلا زەخىملەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوق تېگىپ يارىلانغانلىقى ئۈچۈن سۇدىن ئۈزۈپ چىقماقچى بولسىمۇ قىلالمايتتى.

ئەسلى ئۇ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى، نەتىجىدە ئۆزى جېنىنى سېلىپ بەردى. دېڭىزدىكى بېلىقلارنىڭ يېمىگە ئايلاندى.

ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن مەن قاتتىق ئاغرىقنى سەزدىم. ئىسسىق قان دۈمبە ۋە كۆكرىكىمدىن ئېقىۋاتاتتى. مەن پىچاقنى تارتىپ چىقارماقچى بولغان بولسامۇ بەدىنىمگە تىترەك ئولاشقان قولۇمنى تارتىشقا مەجبۇر بولدۇم. جىسمىمدا ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق ئىدى. ئەمما بۇ تىترەك ئۇيلىمىغان يەردىن مېنى بوشىتىۋەتتى. پىچاق پەقەت مېنىڭ بىر قات تېرەمنىلا تېشىپ ئۆتكەن ئىكەن. شۇڭا بىرلا تىترەش بىلەن بۇ بىر قات تېرىنى يىرتىپ تاشلىدىم. گەرچە مەندىن توختىماي قان ئېقىۋاتقان بولسىمۇ ئەركىنلىككە ئېرىشتىم.

مەن ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ ئاستا پالوبىغا قايتىپ چۈشتۈم. ئارقىدىن كېمە بۆلۈمچىسىگە كىرىپ يارا ئېغىزىنى تاڭىدىغان نەرسە ئىزلىدىم. مۈرەم قاتتىق ئاغرىسىمۇ قولۇمنى ئەركىن ھەرىكەتلەندۈرەلەيتتىم. يارامنى تېڭىپ بولغاندىن كېيىن كېمىدە تۇرۇپ تۆت ئەتراپقا نەزەر سالدىم ھەم ئوبرايىنىنىڭ جەسىتىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلاشتىم. كېمە قىيسايغاندا ئۇنىڭ جەسىتى پالوبا گىرۋىكىگە بېرىپ قالغان بولۇپ قىمىرلىماي ياتاتتى. بۇ مۈردا بەئەينى تۆرقى سەت كۆرۈمسىز ياغاچ ھەيكەلگە ئوخشايتتى. بىشىمدىن خېلى كۆپ ئىش ئۆتتۈلگەچكە جەسەتتىنمۇ قورقمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. مەن ئۇنىڭ بىلىدىن تارتىپ كۆچەپ تۇرۇپ دېڭىزغا تاشلىدىم. دېڭىز سۈيى تىنچىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ خاندىس بىلەن مۈرىنى-مۈرىگە تەگكۈزۈپ ياتقانلىقىنى كۆردۈم. بىر توپ بېلىق خۇشال بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى.

كېمىدە ئۆزۈم يالغۇز قالدىم. كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان بولۇپ دېڭىز تاشقىنىمۇ بارا-بارا چېكىنىدى. ئارقىدىنلا دېڭىزدا شامال چىقىشقا باشلىدى. ئەمدى يەلكەنلەرنى دەرھال يىغىۋەتمىسەم شامال كېمىنى يەنە چوڭقۇر سۇغا ئاپىرىۋېتەتتى. شۇڭا بۇ ئىشنى كىچىكتۈرۈشكە بولمايتتى. مەن يەلكەنلەرنى تېزلىك بىلەن چۈشۈرۈپ پالوبىغا تاشلىدىم ھەم پىچاق بىلەن يەلكەن چىقىرىش ئارقىنىنى كېسىۋەتتىم. يارىلانغاچقا مۇشۇنچىلىك ئىشنىلا قىلالايتتىم. ئەمدى «گىسپانولا» ناملىق كېمىنىڭ تەقدىرىنى دېڭىز بىلەن تەڭرىلا بېكىتەلەيتتى.

مەن كېمە بېشىغا بېرىپ پەسكە قاراپ كېمە ئەتراپىدىكى سۇنىڭ ناھايىتى تېيىزلىقىنى كۆردۈم. بىرتال ئۈزۈلگەن ئارغامچىنى تۇتۇپ كېمىدىن پەسكە سىيرىلدىم. سۇ پەقەت مېنىڭ بېلىمگىلا كەلدى.

ھەرنېمە بولسا قايتىدىن قۇرۇقلۇققا چىقتىم ھەم ھازىرلا ياغاچ قورولغا قايتىپ تۆھپەمدىن ماختانماقچى بولدۇم. بەلكىم ئۇلار مېنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ۋەزىپەمدىن ئايرىلغانلىقىمنى

ئەيىبلىشى مۇمكىن، بىراق، ‹‹گىسپانولا››نى قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىم بۇنى تامامەن تولۇقلاپ كېتەتتى. مەن مۇشۇ خىياللار بىلەن ياغاچ قورولغا راۋان بولدۇم.

كۈن بارغانسېرى قارىيىپ ئايمۇ چىقتى. مەن ئاي يورۇقىدا ئالدىمغا قاراپ كېتىۋاتىمەن. يول بويى گاھى يۈگۈرۈپ، گاھى مېڭىپ قايتىشقا ئالدىرايتتىم. مەن ياغاچ قاشانىڭ ئەتراپىدىكى ئورمانلىققا كەلگەن چاغدا قەدىمىمنى ئاستىلاتتىم. ئەتراپ قاراڭغۇ بولغاچقا ئۆيدىكىلەر مېنى پەرقلەندۈرەلىشى تەس. تاسادىپىي ئۆز ئادەملىرىم تەرىپىدىن يارىلانسام ئەرزىمەيتتى.

ئاي بارغانسېرى ئېگىز كۆتۈرۈلدى. مەن ئاخىرى ياغاچ قورول جايلاشقان ئورماننىڭ ياقىغا يېتىپ كەلدىم. ياغاچ ئۆينىڭ يېنىدا بىر دۆۋە ئوت كۆيۈپ تۇگەي دەپ قالغان بولۇپ ۋىلىلداپ ئۇچقۇنداۋاتاتتى. ئەتراپتا بىرمۇ ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. شامالنىڭ ھۇشقۇرتىشىدىن بۆلەك ئاۋازمۇ ئاڭلانمايتتى.

مەن مېڭىشتىن توختاپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم. كاپىتان ئەزەلدىن ئوتۇنى تېجەپ، بۇنداق چوڭ گۈلخان يېقىشقا رۇخسەت قىلمايتتى. بۇلارنى ئويلاپ غەمگە پاتتىم. ئەجەبا مەن كەتكەندىن كېيىن بۇ يەردە باشقا ئىش يۈز بەرگەنمىدۇ؟

مەن ئاستا شەرق تەرەپكە ئايلىنىپ ئۆتۈپ بىر قاراڭغۇ يەرنى تېپىپ قاشادىن يېنىك ئاتلاپ ئۆتتۈم ھەم يەردە يېتىپ تىۋىشسىز ئۆمىلەپ ياغاچ ئۆينىڭ بۇرجىكىگە كەلدىم. ئۆيگە يېقىنلاشقان چاغدا خورەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشتى. مەن ئادەتتە خورەك ئاۋازىدىن بىزار بولساممۇ بۇ ئاۋاز ماڭا بەئەينى يېقىملىق مۇزىكىدەك ئاڭلىنىپ كەتتى.

قارىغاندا ئۇلار تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇنىسى قاراۋۇللۇق خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمىگەن ئىدى. ناۋادا سىلۋېرلار ھازىرنىڭ ئۆزىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغان بولسا تاڭ ئاتقۇچە بىرمۇ ئادەم تىرىك قالمايتتى.

بۇ چاغدا مەن ئىشىككە بىرىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۆي ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. مەن خورەك ئاۋازىدىن باشقا يەنە قانات قاققاندەك غەلىتە بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم. بۇنىڭ نېمە ئاۋازلىقىنى بىلەلمىدىم.

مەن تىمىسقىلاپ ئۆيگە كىرىپ ئورنۇمدا يېتىپ ئۇخلىۋالماقچى بولدۇم. ئىچىمدە ئەتە ئۇلار ئويغىنىپ ئۇخلاۋاتقانلىقىمنى كۆرسە قانداق بولۇپ كېتەر دېگەن خىيال ھۆكۈم سۈرەتتى. ماڭا يۇمشاق بىر نەرسە تاقاشتى، بۇ بىرسىنىڭ پۇتى ئىدى. ئۇ ئۆرۈلۈپ خىرقىراپ قويۇپ جىم بولۇپ قالدى.

تۇيۇقسىز قاراڭغۇلۇقتا بىر چىرقىرىغان ئاۋاز ياڭراپ كەتتى:

ــ سەككىز پىكىس! سەككىز پىكىس! سەككىز پىكىس! سەككىز پىكىس!

ئاۋاز ئۈزۈلمەي كېلەتتى. بۇ ئەسلىدە سىلۋېرنىڭ ھېلقى شاتوتى ئىكەن ئەمەسمۇ! بايىقى قانات قاققان ئاۋاز قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان شاتوتنىڭ ئاۋازى ئىكەن. ئۇ توختىماي سايراپ خوجايىنىغا بەلگە بېرىۋاتاتتى!

ھەممە ئادەم شاتوتنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى. مەن سىلۋېرنىڭ قورقۇنچلۇق ۋاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم:

ــ كىم؟

مەن بۇرۇلۇپلا قاچتىمىيۇ بىرىگە ئۇرۇلدۇم. كەينىمگە ئۆرۈلۈشۈمگە يەنە بىرىنىڭ قوينىغا سوقۇلدۇم. ئۇ مېنى مەھكەم تۇتىۋالدى.

ــ دىك، مەشئەلنى ئەكەل! ــ دەپ بۇيرۇق قىلدى سىلۋېر.

ناھايىتى تېزلا بىرى سىرتقا چىقىپ مەشئەل كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

# يەتتىنچى بۆلۈم، سىلۋىرنىڭ ۋاستىسى

## بىرىنچى باب، تۇتقۇنغا ئايلىنىش

مەشئەل ئۆيى ئىچىنى يۇپيورۇق قىلىۋەتتى. مەن ئاخىرى ئۆيى ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى ئۇچۇق كۆردۈم. ئۆيى ئىچىدىكى بىرلاندى، چوشقا گۆشى ۋە قۇرۇتۇلغان بولكىلار ئۆز جايىدا تۇراتتى. ئەمما ھەمراھلىرىمنىڭ بىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئېھتىمال ئۇلارنىڭ ھەممىسى تالاپەتكە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ خەتەرلىك پەيتلەردە ھەمراھلىرىم بىلەن بىللە بولمىغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ ئۆكۈندۈم.

ئۆيدە ئالتە نەپەر دېڭىز قاراقچىسى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بەشى ئۆرە تۇراتتى. يەنە بىرى بىلىكى بىلەن يەرنى تىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بېشى بىنت بىلەن تېڭىلغان بولۇپ قان داغلىرى بار ئىدى. بۇ چوقۇم تۈنۈگۈنكى جەڭدە قېچىپ كەتكەن ھېلقى قاراقچى.

شاتوت سىلۋىرنىڭ مۈرىسىگە قونغىنىچە تۇمشۇقى بىلەن پەيلىرىنى چوقۇۋاتاتتى. سىلۋىرنىڭ چىرايى بەكرەك تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، ناھايىتى سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

— ئەسلى كىچىك جىمكەنغۇ، — دېدى ئۇ، — قارشى ئالىمىز، سەن دېگەن كەمدىن-كەم كېلىدىغان مېھمان، كەلگىنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم.

ئۇ بىرلاندى قاچىلانغان بىر تۇڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى-دە، غاڭزىسىنى چىقىرىپ تاماكا قاچىلاشقا باشلىدى.

— دىك، مەشئەلنى ئەكەل، — دېدى ئۇ، ئاندىن مەشئەل بىلەن تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، — بولدى، مەشئەلنى ئوتۇن دۆۋىسىگە سانجىپ قوي، ھەممىڭلار ئولتۇرۇڭلار.

سىلۋىر ئاخىرىدا ماڭا بۇرۇلۇپ دېدى:

— جىم، سەن ئاخىرى كەلدىڭ. سېنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن چاغدىلا ئەقىللىق بالا ئىكەنلىكىڭنى بىلگەن ئىدىم. ئېيتە، بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟

مەن جاۋاب بەرمىدىم. پەقەتلا قورقۇمسىزلارچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇردۇم. قەلبىم غەزەپ-نەپرەت ۋە ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان ئىدى.

ئۇ غاڭزىسىنى بىر نەچچىنى شورىۋەتكەندىن كېيىن دېدى:

ــ بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەنسەن، مەن ساڭا راست گەپنى قىلاي. سەن ئەقىللىق، قاملاشقان بالا، مېنىڭ ياش ۋاقتىمغا بەك ئوخشايسەن. مەن سېنىڭ بىزگە قېتىلىشىڭنى ئويلاپ يۈرەتتىم. بايلىقلارنى تاپقاندىن كېيىن بىللە باي-باياشات ياشايمىز. مەن سىمولېتنىڭ ياخشى كاپىتان ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن، ئۇ بەك يامانكەن. نېمىلا دېسە «ۋەزىپىسىگە سادىق بولۇش» دېگەندەك گەپنىلا قىلىپ يۈرىدىكەن. مانا ئەمدى سەن ئۇلارنى تاشلاپ چىقىپسەن. ھېلقى دوختۇرمۇ قاتتىق ئاچچىقلاپ سېنى قۇلاق كەستى لۈكچەككەن دېدى. ئۇلار ھازىر سېنى كېرەك قىلمايدۇ. مەن قارىسام، ئەمدى ئۇ يەرگە بارمىساڭمۇ بولىدۇ. سەن بىزگە قوشۇل، بىرلىكتە ئىشلەيلى.

ئۇنىڭ گېپىدىن مەن دوستلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ ھاياتلىقىنى بىلىۋالدىم. بۇ مېنى چەكسىز خۇشال قىلىۋەتتى.

ــ سەن قانداق ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى بىلىشىڭ كېرەك، جىم، سەن قولىمىزغا چۈشتۈڭ، ــ دېدى سىلۋېر گېپىنى داۋام قىلىپ، ــ مەن قائىدە سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم، ئەزەلدىن باشقىلارنى مەجبۇرلىمايمەن. مۇبادەسەن بىز بىلەن ئىشلىسەڭ ھازىرلا بىزگە قوشۇل. ئۇنداق قىلغۇڭ بولمىسا ماڭا دە، مەن سېنى زورلىمايمەن. ماڭا ئىشىنىشىڭ كېرەك، بۇ دۇنيادا بەلكىم مېنىڭدىنمۇ ئادىل ئادەم بولماسلىقى مۇمكىن. دېگىنە، زادى قانداق قىلماقچىسەن؟

ــ مەن ھازىرلا جاۋاب بېرىشىم كېرەكمۇ؟ ــ دەپ سورىدىم مەن تىترەڭگۈ ئاۋازدا. ئەزرائىلنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يۈرىكىم سىلىشقا باشلىدى.

ــ ياق، ھېچكىم سېنى مەجبۇرلىمايدۇ. سەن بىز بىلەن بىرگە بولساڭ خۇشال ئۆتىدىغانلىقىڭنى بىلىپ قالىسەن. بىراق، سەن ياخشى ئويلىنىشىڭ كېرەك، ــ دېدى سىلۋېر.

مەن ئاستا-ئاستا ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ ئالدى بىلەن بۇ يەردە نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىپ بېقىش خىيالىغا كەلدىم.

ــ سىلەر مېنىڭ قوشۇلۇشۇمنى ئويلىغان ئىكەنسىلەر، ئۇنداقتا بۇ يەرگە قانداق كەلگەنلىكىڭلارنى ھەم دوستلىرىمنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشىڭلار كېرەككۇ دەيمەن؟ ــ دېدىم مەن ئېغىز ئېچىپ.

ــ سەن بۇ يەردە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەكچىمۇ؟ بۇنى بىزمۇ بىلىشنى ئارزۇ قىلىمىز، ــ دېدى بىر دېڭىز قاراقچىسى.

ــ شۇم ئاغزىڭنى يۇم، ــ دېدى سىلۋېر ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ، ئاندىن ماڭا قاراپ مۇلايىملىق بىلەن دېدى، ــ تۈنۈگۈن ئەتىگەن دوختۇر لىۋىس ئاق بايراق كۆتۈرۈپ بىزنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇ، كاپىتان سىلۋېر، سېنىڭ قول ئاستىڭدىكىلەر ئاسىيلىق قىلىپ كېمىنى ھەيدەپ قېچىپ كەتتى، دېدى. مەن ئەينى چاغدا ھاراقكەشلىك قىلىپ ئۇلارنى قاچۇرۇپ قويغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. بىز يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىساق كېمە راستىنلا يوقكەن، ھەممىمىز قارىغۇ بولۇپ قاپتىمىز. ئارقىدىن دوختۇر بىز بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى بولدى. ئاخىرىدا بىز دوختۇر بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ يەردىن بىخەتەر ئايرىلىشىغا، ئۆيدىكى بارلىق نەرسىلەرنى، بىراندى، يەنە سىلەر تەييارلاپ قويغان ئوتۇن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىنى بىزگە قالدۇرۇشنى كېلىشتۇق. ئۇلارنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىگە كەلسەك بىزمۇ ھېچنېمە بىلمەيمىز.

ئۇ تاماكىسىنى بەخىرامان شوراپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

ــ شۇنداقلا، بىز سۆھبەتتە سېنى تىلغا ئالدۇق. ئەينى چاغدا دوختۇر جەمئىي تۆت ئادەمنىڭ كېتىدىغانلىقىنى، بۇلاردىن بىرىنىڭ يارىلانغانلىقىنى، جىمنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە، سەن ئۇچۇن پاراكەندە بولۇپ چارچاپ قالغانلىقىنى، سېنى ئويلىسىلا ئۇلارنىڭ ئاچچىقى كېلىدىغانلىقىنى دېدى.

ــ ئۇنداقتا ھازىر قارار چىقىرىدىغان ۋاقتىم كېلىپ قاپتۇ، شۇنداقمۇ؟ ــ دەپ سورىدىم مەن.

ــ شۇنداق، ھازىرلا بىر قارارغا كەل، ــ دېدى سىلۋېر.

ــ ئۇنداقتا بوپتۇ، ــ دېدىم مەن جىددىيلىشىپ، ــ مېنى قانداقلا قىلساڭلار مەيلى. ئەمما بىر نەچچە ئىشنى سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي. ئالدى بىلەن، سىلەر بايلىقنى تاپالمايلا قالماستىن يەنە بىر نەچچە ئادىمىڭلار ئۆلدى، ئادەمدىنمۇ، بايلىقتىنمۇ قۇرۇق قالدىڭلار. نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ چۈنكى ئەينى چاغدا مەن ئالما توڭنىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ خاندىس ئىككىڭلارنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلاپ قالدىم ھەم كاپىتانغا مەلۇم قىلدىم. كېمىنى مەن كەتكۈزۈۋەتكەن. مەن كېمە ئارقىنىنى كېسىپ تاشلاپ كېمىدە قالغان ئادىمىڭلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. ئاندىن كېمىنى ئادەم تاپالمايدىغان يەرگە ھەيدەپ ئاپاردىم. مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، قانداقلا قىلساڭ ئىختىيارىڭ. ئەمدى سىلەرمۇ قارار چىقارساڭلار بولىدۇ: بىر بولسا مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ھەممىدىن قۇرۇق قالىسىلەر ياكى بولمىسا مېنى قويۇۋېتىسىلەر، بۇنىڭ بەدىلىگە كەلگۈسى سوتتا مەن سىلەر ئۈچۈن بىرنەچچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويىمەن.

مەن بىر تىنىۋېلىپ سۆزۈمنى داۋام قىلدىم:

ــ ناۋادا مەن ئۆلسەم سىلۋىر ئەپەندىم، مېنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىمنى دوختۇرغا يەتكۈزۈپ قويغىن.

ـــ خاتىرجەم بول، ئۇنتۇپ قالمايمەن، ـــ دېدى سىلۋىر. ئۇ، بۇ گەپنى قىلغاندا تەلەپپۇزىدىن نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ بولغىلى بولمايتتى. ئۇ سۆزۈمدىن تەسىرلەندىمۇ ياكى مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامدۇ بىلەلمىدىم.

ــ يەنە بار، ئاۋۇ كۈنى ئۇ قارا ئىتنى تونۇپ قالدى، ــ دېدى بىر قاراقچى سەكرەپ تۇرۇپ.

مەن ئۇنى تونۇدۇم. ئۇ شۇ كۈنى قاۋاقخانىدا قارا ئىت بىلەن هاراق ئىچىپ ئولتۇرغان مورگان ئىدى.

ــ يەنە بۇ شاكىچىك بىل بوئىنسىنىڭ قولىدىن خەرىتىنى ئوغرىلاپ كەتتى. هەممىمىز ئۇنىڭ چالغان دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىدۇق! ــ دېدى سىلۋىر داۋاملىق.

ــ ئەمسە ئۇنى بوغۇزلىۋېتەيلى، ــ دېدى مورگان پىچىقىنى چىقىرىپ زەهەرخەندىلىك بىلەن.

ــ توختا! ــ دەپ ۋارقىرىدى سىلۋىر غەزەپ بىلەن، ـــ تام مورگان، ساڭا تېخى بۇيرۇق چۈشۈرۈش نۆۋىتى كەلمىدى. كىمنىڭ كاپىتان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالما. 30 يىلدىن بۇيان مېنىڭ بىلەن چىقىشالمىغان كىشىلەر ياخشى ئاقىۋەت كۆرمىگەن. قانداق مورگان، ئىشەنمەمسەن؟

مورگان ئۈندىمىدى، ئەمما باشقىلارنىڭ ئىنتايىن نارازى بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ــ مورگاننىڭ دېگىنى توغرا، ــ دېدى بىرى.

ــ مەن جاق تويدۇم، يەنە ساڭا ئەگەشسەك ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق، ــ دېدى يەنە بىرى.

ــ سىلەر تويىلاڭ كۆتۈرمەكچىمۇ؟ ـــ دېدى سىلۋىر ھۆكىرەپ، ـــ گېپىڭ بولسا قىل، تويىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولساڭ ئورنۇڭدىن تۇر. تەۋەككۇلچى بولغان ئىكەنمىز بۇ يولنىڭ قائىدىسىنى بىلىش كېرەك. قايسىڭ بويسۇنمىساڭ پىچىقىڭنى چىقار، كىمنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى!

ھېچكىم قىمىرلىمىدى، گەپمۇ قىلمىدى.

ــ ھالىڭغا قارا، ــ دېدى ئۇ غاڭزىسىنى ئاچچىق چىشلەپ، ــ ئوتتۇرىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىساڭلار دېگىنىمنى ئاڭلاش! مېنى سىلەر كاپىتان قىلىپ سايلىغان. شۇنداق بولغان ئىكەن، بۇ مېنىڭ سىلەردىن دانا ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرىدۇ. مەن بۇ بالىغا ناھايىتى ئامراق، ئۇ سىلەردەك قورقۇنچاق ئەمەس. قېنى قايسىڭ ئۇنىڭغا چېقىلىسەن؟

ئۆيىنىڭ ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. مەن تامغا يۆلىنىپ تۇراتتىم. يۈرىكىم قەپىسىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك سوقاتتى. ئازراق ئۆمىد بارلىقىنى ھېس قىلدىم. سىلۋېر مۇ تامغا يۆلەنگىنىچە تاماكىسىنى چىشلەپ گەپ قىلماي قول ئاستىدىكى كارغا كەلمەس خۇمپەرلەرگە قاراپ تۇراتتى. باشقا دېڭىز قاراقچىلىرى ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىقىلىشىپ توختىماي كۇسۇرلىشىۋاتاتتى. گاھىدا بىرگە قاراپ قوياتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ قاراۋاتقىنى مەن ئەمەس، بەلكى سىلۋېر ئىدى.

ــ سىلەرنىڭ قانداق گېپىڭلار بار؟ ــ دېدى سىلۋېر بىرنى تۈكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ گەپ بولسا ھازىرلا قىل، بولمىسا ئاغزىڭنى يۇمۇش.

تۇرقىدىن بەتبەشىرىلىك چىقىپ تۇرىدىغان، كۆز قارىچۇقى سارغىيىپ كەتكەن بىر دېڭىز قاراقچىسى ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

ــ ھەممىمىزنىڭ ساڭا پىكرى بار، چۈنكى سەن قائىدىمىزنى كۆزگە ئىلمىدىڭ. ئەمما بىز يەنىلا سېنى كاپىتان دەپ بىلىمىز. سەن بېكىتكەن قائىدە بويىچە كېمە خادىملىرى يىغىلىپ سۆزلەشسە بولىدۇ. بىز سىرتقا چىقىپ سۆزلىشىپ كىرىشنى ئويلاۋاتىمىز. سەن قارشى تۇرمايسەنغۇ دەيمەن؟

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ سىلۋېرغا قاراپ ماتروسلار سالىمى بەرگەندىن كېيىن ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ــ توغرا، بىز قائىدە بويىچە ئىش قىلىۋاتىمىز، ــ دېدى يەنە بىر ماتروس.

ــ بىز ياخشىراق مەسلىھەتلىشىۋالايلى، ــ دېدى مورگانمۇ.

ئارقىدىنلا قالغانلارمۇ سېرىق كۆزگە ئوخشاش سىلۋېرغا ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن چىقىپ كەتتى.

ئەمدى ئۆيدە سىلۋېر ئىككىمىزلا قالدۇق. ئۇ غاڭزىسىنى ئېغىزىدىن ئېلىۋېتىپ ئېيتتى:

ـــ سەن ھەممىنى كۆردۈڭ، ناۋادا مەن سېنى قوغدىمىسام ئۇلار سېنىئاللىقاچان ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتى. شۇنداقلا ئۇلار سېنىڭ ئاسان ئۆلۈشىڭنى خالىمايدۇ، بەلكى سېنى خىلى ئۇزۇنغىچە قىينايدۇ. ئەسلى سېنى قۇتقۇزغۇم يوق ئىدى. ئەمما بايىقى گەپلىرىڭ مېنى تەسىرلەندۈردى. مېنىڭچە سەن ئىشىنىشكە بولىدىغان ئادەم ئىكەنسەن. ھازىر ئۇلار مېنى ئۆرۈۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭ ئەھۋالىممۇ ياخشى ئەمەس. بايلىقلارنى ئىزدەشتىن ئۈمىد قالمىغاندەك قىلىدۇ. كەلگۈسىدە تېخى مويتۇڭزىغا (كاللا كېسەر سۇپا ــ ت) ھۆكۈم قىلىنىشىمىز

مۇمكىن. ئەگەر بۈگۈن مەن سېنى قۇتقۇزۇپ قالسام سەن سوتتا ماڭا گۇۋاھچى بولۇپ، مەن ئۈچۈن بىر نەچچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويالامسەن؟

ــ بۇ گەپچە سەن ئۇتتۇرغىنىڭغا تەن بەردىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدىم مەن.

ــ شۇنداق، مەن ھازىر تامامەن يېڭىلدىم. كېمىمۇ يوق بولدى، بايلىقلارنىمۇ تاپالمىدۇق. بۇ ئادەملەرگىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ. مەن چوقۇم سېنى قوغداپ قالىمەن. سەن پەقەت سوتتا مەن ئۈچۈن ياخشى گەپ قىلىپ، مەن قىرىنىڭ بېشىنى ساقلاپ قالساڭلا بولىدۇ، ــ دېدى ئۇ.

ئۆز قۇلىقىمغا سەل ئىشەنمەي قالدىم. دېڭىز قاراقچىلىرى كاتتىۋېشىنىڭ بۇنداق گەپ قىلىشى كىمنىڭ خىيالىغا كېلەتتى.

ــ مۇبادا راستىنلا شۇنداق بولسا كەلگۈسىدە مەن ساڭا گۇۋاھچى بولۇپ قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن، ــ دېدىم مەن.

سىلۋېر بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولغاندەك قىلاتتى.

ــ ئۇنداقتا بەك ياخشى، ھەرنېمە بولسا قۇتۇلدۇم، ــ دېدى ئۇ ماڭا قاراپ يېقىنلىشىپ، ــ سېنىڭ كېمىنى قانداق ھەيدىگەنلىكىڭنى بىلمىسەممۇ بىخەتەر جايغا يوشۇرۇپ قويغانلىقىڭنى بىلىمەن. مەن خانىدىس بىلەن ئوبراييىننىڭ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەنتىم. سېنىڭدىن كېمىنىڭ قەيەردىلىكىنى سورىمايمەن، پەقەت يېڭىلگەنلىكىمنى بىلىمەن.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ھاراق توڭىدىن ئازراق بىرىنى قۇيۇپ ئىچىشكە باشلىدى. بىر نەچچە يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن سورىدى:

ــ جىم، سېنىڭدىن سورايدىغان بىر ئىش بار ئىدى، سەن بىلەمسەن، دوختۇر نېمە ئۈچۈن بايلىق يوشۇرۇنغان جاينىڭ خەرىتىسىنى ماڭا بېرىدۇ؟

مەن تەئەججۈپلىنىپ تۇرۇپلا قالدىم. مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتمەيلا ئۇ يەنە ئېغىز ئاچتى:

ــ ئۇ راستتىنلا خەرىتىنى ماڭا بەردى، ئۇنىڭ نېمە مەقسىتى بارلىقىنى، شۇنداقلا بۇنىڭ ياخشى ئىشمۇ ياكى يامان ئىشمۇ بىلەلمىدىم.

ئۇ ھاراقنى خېلى كۆپ ئوتلىغاندىن كېيىن قانداقتۇر بىر بالا-قازانىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بېشىنى چايقىدى.

## ئىككىنچى باب يەنە قارا پۈتۈك

سىرتتىكى قاراقچىلار بىرەر قۇر مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن بىرسى ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ سىلۋېرغا ئېھتىرام بىلدۈردى ھەم مەشئەلنى ئەپچىقىپ ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سىلۋېر قوشۇلدى. ھېلىقى كىشى مەشئەلنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىقتى. ئۆي ئىچىنى قاراڭغۇلۇق باستى.

ــ قارىغاندا ئىش چاتاق، جىم، ــ دېدى سىلۋېر ماڭا ناھايىتى مۇلايىم تەلەپپۇزدا.

مەن ياغاچ تامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئېتىش تۆشۈكىدىن سىرتقا قارىدىم. سىرتتا ئۇلارنىڭ ئۆي بىلەن قاشا ئارىلىقىدىكى بىر كىچىك تۈپا دۆڭلۈككە توپلىشىۋالغانلىقىنى، بىرىنىڭ مەشئەل كۆتۈرگەنلىكىنى، يەنە بىرىنىڭ تىزلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى، باشقىلارنىڭ ئۇنى چۆرىدەپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ھېلىقى ئادەمنىڭ قولىغا سوغۇق نۇر چاقناپ تۇرغان پىچاق ئېلىۋالغانلىقىنى، يەنە بىر كىتابنىڭمۇ بارلىقىنى كۆردۈم. مەن تېڭىرقاپ تۇرغان چاغدا ھېلىقى كىشىنىڭ تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى ھەم باشقىلارنى باشلاپ ئۆيگە قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆردۈم.

ــ ئۇلار قايتىپ كەلدى، ــ دېدىم مەن سىلۋېرغا، ئارقىدىن ئۆز ئورنۇمغا بېرىۋالدىم.

ــ ئۇلار كەلسۇن، مەندە ئۇلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك ئامال بار، ــ دېدى سىلۋېر. ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى سالماق چىقاتتى.

ئىشىك ئېچىلىپ ھېلىقى بەش كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئۆزئارا ئىتتىرىشىپ ئاخىرى بىرى ئالدىغا قەدەم تاشلىدى. ھەربىر قەدەم ئالغاندا بىردەم تېڭىرقايتتى. ئۇ ئوڭ قولىدا قانداقتۇر بىر نەرسىنى چىڭ سىقىملاپ تۇراتتى.

ــ بۇياققا كەل بۇرادەر، ــ دېدى سىلۋېر ۋارقىراپ، ــ مەن سېنى يېمەيمەن، قولۇڭدىكىنى ماڭا بەر. مەن قائىدىمىزنى بىلىمەن. ئەلچىنى تەڭقىسلىقتا قويمايمەن.

ھېلىقى كىشى سىلۋېرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ غەيرەتكە كەلدى. ئۇ تېز-تېز مېڭىپ بىر نەرسىنى سىلۋېرغا بەردى-دە، ئۆرۈلۈپ ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا كەتتى.

سىلۋېر قولىدىكى نەرسىگە لەپپىدە بىر قاراپ قويدى.

ــ قارا پۈتۈك! مەن مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلەتتىم، ــ دېدى ئۇ قىلچە پەرۋاسىزلا، ــ بۇ قەغەزنى «ئىنجىل»دىن يىرتتىڭلارمۇ؟ بۇ ئاۋۇ يارىماس قىلغان ئىشقۇ دېيمەن. سىلەر بۇنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر!

ــ جازا؟ ــ دېدى مورگان، ــ مەن نېمە دېگەن؟ «ئىنجىل»نىڭ قەغىزىنى ئىشلەتمەيلى دېسەم سىلەر ئاڭلىمىدىڭلار.

— ئېيتە، كىم «ئىنجىل»نى يىرتتى؟ — دەپ سورىدى سىلۋېر.

— دىك، — دېدى بىر قاراقچى جاۋاب بېرىپ.

— دىك، ئەسلى سەنكەنسەندە. سېنى چوڭ پالاكەت باسىدۇ. ئىشەنمىسەڭ قاراپ تۇر، — دېدى سىلۋېر.

بۇ چاغدا سېرىق كۆز گەپكە ئارىلاشتى:

— ئەمدى ئويۇنۇڭنى يىغىشتۇر، سىلۋېر. قولۇڭدىكى قارا پۇتۇككە نېمىلەر يېزىلغانلىقىغا قاراپ باق.

سىلۋېر قولىدىكى قارا پۇتۇكنى ئۆرۈپ «تەختتىن چۈش» دېگەن خەتنى كۆردى.

— خەت چىرايلىق يېزىلىپتۇ، گېئورگى، — دېدى سىلۋېر ئېگىز بويلۇق دېڭىز قاراقچىسىغا قاراپ، — سەن يازغانمۇ؟ سەن بۇ ئەبلەخلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەقىللىقى، مەن ئۆرۈن بوشاتقاندىن كېيىن ئۇلار سېنى كاپىتان قىلىپ تىكلىمەكچى، شۇنداقمۇ؟

— سەن يەنە بىزنى ئالدايمەن دەپ ئويلىما، — دېدى گېئورگى، — ئەمدى ساڭا ئىشەنمەيمىز، خالىساڭ يېڭى كاپىتان سايلىمىغا قاتناشساڭ بولىدۇ.

— ئۇنتۇپ قالما، مەن ھازىرمۇ كاپىتان، — دېدى سىلۋېر ئېغىر بېسىقلىق بىلەن، — قائىدە بويىچە سىلەر مېنى تەختتىن چۈشۈرىدىغان سەۋەبنى كۆرسىتىڭلار. ئاندىن مەن جاۋاب بېرىمەن. مەن بىر نەرسە دېيىشتىن ئاۋۋال قارا پۇتۇك ئىناۋەتسىز.

— خاتىرجەم بول، بىز قائىدە بويىچە ئىش قىلىمىز، — دېدى گېئورگى، — سەۋەبىمىز تۆت تۈرلۈك. بىرىنچى، بۇ قېتىم دېڭىزغا چىقىپ بىز ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدۇق، ئىشلارنىڭ ھەممىنى سەن بۇزدۇڭ. ئىككىنچىدىن، سەن دۈشمەننىڭ بىخەتەر كېتىشىگە يول قويدۇڭ، ئۇلارنى قاچۇرۇۋەتتىڭ. ئۈچىنچىدىن، سەن ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بېرىشىمىزنى توسۇدۇڭ. ئەڭ ئاخىرقىسى شۇكى، سەن بۇ شۇمتەكنى قانات ئاستىڭغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈشىمىزگە يول قويمىدىڭ.

— شۇلارلىما؟ — دېدى سىلۋېر سوغۇقلا، ئاندىن بۇ سەۋەبلەرنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — مەن ئەمدى بىر-بىرلەپ سىلەرگە جاۋاب بېرەي. سەن ئىشلارنى مېنى بۇزدۇڭ دېدىڭ، شۇنداقمۇ؟ ھەممىڭلار مېنىڭ ئەسلىدىكى پىلانىمنى بىلىشسەن، توغرىمۇ؟ مۇبادا ھەممە ئىشلار مېنىڭ پىلانىمدىكىدەك بولغان بولسا بۈگۈن كەچ بىز نۇرغۇن بايلىقنى ئېلىپ كېمىگە قايتقان بولاتتۇق، بىرمۇ ئادەم ئۆلمىگەن بولاتتى. ئەمما مېنىڭ پىلانىمنى بۇزغان كىم؟ كىم مېنى مۇددەتتىن بۇرۇن ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇرلىدى؟ كىم باشلامچى بولدى؟ مېنى بىلمەيدۇ دېمەڭلار، ئاندىرسون بىلەن خاندىس، يەنە سەن گېئورگى مېرىيمۇ بار. ئۇ ئىككى ئەبلەخ ئۆلدى،

مانا ئەمدى سەن چات كىرىپ چىقىپ ئىشىمىزغا توپا چاچماقچى بولۇۋاتىسەن، ئۇلارنى قۇترىتىپ توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولۇۋاتىسەن، ئۇخلاپ چۈشۈڭ!

بىر نەچچە دېڭىز قاراقچىسى تەسىرلەنگەندەك سىلۋېرغا قارىدى.

سىلۋېر بىردەم توختىغاندىن كېيىن هاياجان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ بۇ سىلەرنىڭ بىرىنچى سەۋەبىڭلارغا بەرگەن جاۋابىم. سىلەرنىڭ قۇرۇق گېپىڭلاردىن جاق تويدۇم. سىلەر يارىماسلار ئۆيۈڭلاردە ئەت باقساڭلارلا بولىدۇ، تەۋەككۇلچىلىكنى ئەپلەشتۈرەلمەيسىلەر.

ــ داۋاملاشتۇر، ــ دېدى مورگان گەپ قىستۇرۇپ، ــ سەن جاۋاب بەرمىگەن يەنە نەچچىسى بار.

ــ يەنە نەچچىسى بار؟ ــ دېدى سىلۋېر، ــ سىلەر بۇ قېتىمقى دېڭىزغا يۈرۈشنى قالايمىقان قىلىۋەتتىڭ دېيىشتىڭ، سىلەرگە دەپ قويااي، سىلەر ئىشنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە چاتاقلىقىنى بىلىشمەيسەن، دارغا ئېسىلىدىغان ۋاقتىمىز ئۇزۇن قالمىدى. سىلەر نېمىشقا مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالغانلىقىڭلارنى بىلەمسىلەر؟ چۈنكى سىلەر ئاندىرسون بىلەن خاندىسىنىڭلا گېپىگە كىردىڭلار، يەنە گىئورگى مېررىمۇ بار، مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سالمىدىڭلار! ئەمدى يەنە بۇ بالىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشۇۋاتىسەن. ئەجەبا سىلەر ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى تۇتقۇن ئىكەنلىكىنى بىلىشمەمسەن؟ ئاۋۇ كىشىلەر يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال ئالىلقاچان باشقىلار بىلەن كېلىشىپ قويۇپتۇ. ناۋادا ئۇلار ۋاقتىدا قايتىپ بارمىسا كېمە كېلىپ ئۇلارنى ئىزدەيدۇ. شۇ چاغدا سىلەر بۇ تۇتقۇننىڭ پايدىسىنى كۆرىسىلەر. ئۈچىنچى مەسىلىگە كەلسەم، سىلەر بۇ يەردىكى مۇھىتنىڭ قانچىلىك ناچارلىقىنى كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ بىز دوختۇر هەم ئۇنىڭ دورىسىغا ئېهتىياجلىق. ئۇنتۇپ قالما، گىئورگى مېررى، بىر نەچچە سائەت ئىلگىرى سېنىڭ كۆزۈڭ هازىرقىدىنمۇ سېرىق ئىدى. مەن دوختۇرنى تەكلىپ قىلىپ سېنى داۋالاتتىم. ئىككىنچى مەسىلىگە كەلسەم، سىلەرنىڭ يۈزۈڭلار قىزىرامدۇ-يوق؟ دەل سىلەر يەرگە تىزلىنىپ تۇرۇپ مەندىن ئۇلار بىلەن سۆلھ قىلىشنى تەلەپ قىلغانتىڭلارغۇ؟ كېمە يوق، ناۋادا سۆلھى تۈزۈشمىسەك سىلەر بۇ چاققىچە ئاچلىقتىن ئۆلگەن بولاتتىڭلار. بۇنداق قىلىشىم نېمە ئۈچۈن؟ يەنىلا مۇشۇ نەرسە ئۈچۈن ئەمەسمۇ!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ بىر پارچە قەغەزنى يەرگە تاشلىدى. بۇ دەل مەن دوختۇرلارغا بەرگەن هېلىقى مايلىق قەغەز بولاق ئىچىدىكى بايلىق يوشۇرۇنغان ئورۇننىڭ خەرىتىسى ئىدى. خەرىتىدىكى قىزىل كىرست بەلگىسى كۆزگە ئالاهىدە چېلىقاتتى. دوختۇرنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن بۇ خەرىتىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى چۈشەنمەيلا قالدىم.

بۇ بىر ئوچۇم قاراقچى ئىچىرقاپ كەتكەن ئاچ بۆرىدەك ئېتىلىپ بىرىپ خەرىتىنى تالىششقا باشلىدى. ئۇلار خوددى بايلىقلارنى قولغا ئېلىپ يەلكەن كۆتۈرۈپ يولغا چىقىشقا تەق بولغاندەك ۋارقىرىشاتتى، تىللىشاتتى، سەت كۈلۈشەتتى.

ــ توغرا، ــ دېدى بىر دېڭىز قاراقچىسى، ــ بۇ دەل فلىنتنىڭ ھېلىقى خەرىتىسى، ئۇستىدە ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ قىسقارتىلمىسى بار ئىكەن.

ــ بەك ياخشى بولدى! ــ دېدى گىئورگى، ــ ئەمما كېمە يوق تۇرسا قانداق ئېلىپ كېتىمىز؟

سىلۋېر ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ بىر قولى بىلەن تامغا يۆلىنىپ ۋارقىرىدى:

ــ گىئورگى، سەن ئاغزىڭنى يۇم، قانداق ئېلىپ كېتىشنى بىلمەيمەن، ئەمما ماڭا گەپ قىلغاندا سىلىق بول، ئاڭلىدىڭمۇ؟

ــ ھازىر، ــ دېدى سىلۋېر سۆزىنى داۋام قىلىپ، ــ سىلەر كېمىنى يوقىتىپ قويدۇڭلار، مەن بولسام خەرىتىنى تاپتىم، كىمنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقى ئوچۇق بولدىمۇ؟ ئەمما، سىلەرگە ئەمدى كاپىتان بولغۇم يوق، كىمنى سايلىساڭلار ئىختىيارىڭلار، مەن جاق تويدۇم!

ــ بىز سىلۋېرنى سايلايمىز، ــ دېدى ھېلىقى بىر نەچچەيلەن، ــ ھەممىمىز سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلايمىز، كاپىتان سىلۋېر.

ــ ئۇنداق بولسا، ــ دېدى سىلۋېر يۇقىرى ئاۋازدا، ــ مەن سىلەرنىڭ تەكلىپىڭلارنى قوبۇل قىلاي. گىئورگى، قارىغاندا سەن كاپىتان بولالمايدىغان ئوخشايسەن. ئەمما مەن كەك قورساق ئادەم، راست، ئەمدى قارا پوتۇكنىڭ ھاجىتى قالمىدىغۇ دەيمەن؟ دىك، سېنى پالاكەت باسقان بولسۇن، سەن «ئىنجىل»نى يىرتىۋەتتىڭ.

ــ بۇنىڭدىن كېيىن بۇ «ئىنجىل» بىلەن يەنە قەسەم بەرگىلى بولامدۇ؟ ــ دەپ سورىدى دىك تەشۋىشلەنگەن قىياپەتتە.

ــ يىرتىق «ئىنجىل» بىلەن قەسەم قىلىش؟ ــ دېدى سىلۋېر مەسخىرە ئارىلاش، ــ ئۇنداقتا سېنىڭ قەسەم قىلغان-قىلمىغىنىڭنىڭ نېمە پەرقى؟

ــ راستما؟ ــ دېدى دىك تۇيۇقسىز خۇشال بولۇپ، ــ بۇ گەپچە ئۇنى يەنە ئىشلەتكىلى بولىدىكەندە.

ــ جىم، ئالە، نېمىنىڭ قارا پوتۇك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باق، ــ دېدى سىلۋېر كىچىك قەغەز پارچىسىنى ئالدىمغا تاشلاپ.

بۇ ‹‹ئىنجىل››دىن يىرتىۋېلىنغان تەڭگە چوڭلۇقىدىكى قەغەز بولۇپ خەت بار تەرىپى چۈچىلە قەلەم بىلەن قارا قىلىپ بويىۋېتىلگەن، خەت يوق ئاق تەرىپىگە ‹‹تەختتىن چۈش›› دېگەن ئىككى خەت يېزىلغان ئىدى. مەن بۇ قارا پۈتۈكنى ھازىرغىچە ساقلاۋاتىمەن.

بىر مەيدان بوران-چاپقۇن ئاخىرى ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار يەنە رۇم ھارىقى ئىچىپ مەست بولۇپ ئۇخلاشقا باشلىدى. گىئورگى مىرري قاراۋۇللۇققا قويۇلدى. سىلۋېر ئۆنى ئەسكەرتىپ يەنە ئەخمەقلىق قىلسا جېنىنى ئالىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردى.

بۈگۈن نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەردى. مەن ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايۋاتاتتىم. چۈشتىن كېيىن مەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن خاندىسنى، سىلۋېرنىڭ تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلىرىنى ئويلىدىم. سىلۋېر ئامالىنىڭ بارىچە قالغان دېڭىز قاراقچىلىرىنى كونترول قىلىشقا، تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئۆز ئۆرنى ۋە ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇناتتى. ئۇ بىر بۇزۇق ئادەم بولسىمۇ، ئەمما مەن ئۇنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئەنسىرەپ قالدىم. ئۇ ھېچنېمە بولمىغاندەك قاتتىق خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى.

## ئۈچىنچى باب، دوختۇرنىڭ سەممىي نەسىھىتى

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە بىر جاراڭلىق ئاۋازدىن ھەممىمىز ئويغىنىپ كەتتۇق.

— ئىچىدىكىلەر ئاڭلاپ تۇرۇڭلار، دوختۇر لىۋېس كەلدى.

بۇ دوختۇرنىڭ ئاۋازى ئىدى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم ھەم ئىنتايىن خىجىللىق ھېس قىلدىم. مەن ئۇلاردىن ئۆز ئىختىيارىمچە ئايرىلدىم، يەنە كېلىپ دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ تۇتقۇن بولۇپ قالدىم، ئۇنىڭغا قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن. مەن ئېتىش تۆشۈكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ دوختۇرنىڭ قاشا سىرتىدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

— كەلدىڭمۇ دوختۇر، — دېدى سىلۋېر چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ دوختۇر بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، — بۇ يەردىكى كېسەللەرنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىدىن ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ، ناھايىتى روھلۇق. مەن ساڭا ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان بىرسىنى تونۇشتۇرماقچىمەن، ئاخشام ئۇ بۇ يەردە قوندى.

بۇ چاغدا دوختۇر سىلۋېر قاشادىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

— سەن جىمنى دېمەكچىمۇ؟ — دېدى دوختۇر. ئۇنىڭ ئاۋازى سەل ئۆزگەرگەن بولۇپ قەدىمىنى توختاتتى.

— شۇنداق، دەل جىم، — دېدى سىلۋېر.

ــ بۇ ئىشنى سەل تۇرۇپ دېيىشەيلى، ــ دېدى دوختۇر ئېغىز ئېچىپ، ــ مەن يەنىلا كېسەللەرنى كۆرۈپ باقاي.

ئارقىدىن ئۇ ياغاچ ئۆيگە كىرىپ ماشا ئىپادىسىزلا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ئاندىن كېسەللەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇ بىمارلىرىغا خۇددى ئائىلە دوختۇرىدەكلا ناھايىتى مۇلايىم مۇئامىلە قىلاتتى.

ــ سىزنىڭ چىرايىڭىز جىق ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ، ــ دېدى ئۇ بېشى تېڭىقلىق دېڭىز قاراقچىسىغا قاراپ، ــ گىئورگى، سىزنىڭ چىرايىڭىزدىن قارىغاندا ئەھۋالىڭىز تازا ياخشى ئەمەس، دورا يېدىڭىزمۇ؟

ــ دورا يېدى، ــ دەپ جاۋاب بەردى مورگان گىئورگىغا ۋاكالىتەن.

ــ دوختۇر، دېڭىز بىئارام بولۇۋېتىپتۇ، ــ دېدى بىرى.

ــ ھە؟ ــ دېدى دوختۇر، ــ دېڭىز، بۇياققا كەل، كۆرۈپ باقاي. تىلىڭىزنى چىقار. سەنمۇ سېرىق قىزىتما كېسىلى بىلەن يوقۇملىنىپسەن.

ــ بۇ ئۇنىڭ جاجىسى، ــ دېدى مورگان، ــ ئۇ «ئىنجىل»نى يىرتىۋەتتى.

ــ دۆت ئەبلەخلەر، ــ دېدى دوختۇر، ــ بۇنىڭ «ئىنجىل» بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. سىلەر نەم، تىنجىق ھاۋانىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلىشمەيسىلەر. سىلەر سازلىقتا تۇرۇۋاتىسىلەر، شۇنداقمۇ؟ سىلۋېر، سەن بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەممىدىن ئەقىللىق ئادەم تۇرۇپ گىگىېنادىكى ئەڭ ئاددىي ساۋاتنىمۇ بىلمەيدىكەنسەن.

دوختۇر ئۇلارغا بىر-بىرلەپ دورا تارقىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ دورا ئىچىۋاتقان چاغدىكى ھالىتى تولىمۇ ئىنائەتچان بولۇپ، ئادەم ئۆلتۈرسە كۆزىنى مىتمۇ قىلماي قويمايدىغان دېڭىز قاراقچىلىرىغا زادىلا ئوخشىمايتتى.

ــ بولدى، ــ دېدى دوختۇر، ــ بۈگۈن مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، پىكرىڭلار بولمىسا مەن بۇ بالا بىلەن سۆزلىشىپ باقاي.

گىئورگى مېرري كالچاڭلىتىپ دورا يەۋاتقان ئىدى، دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دەرھال بېشىنى بۇراپ دېدى:

ــ بولمايدۇ!

ــ سەن ئاغزىڭنى يۇم، ــ دېدى سىلۋېر ھاراق تۇڭىغا غەزەپ بىلەن شاپىلاقلىغىنىچە گىئورگىغا ھۆركىرەپ. ئاندىن ئۇ دوختۇرغا يۈزلىنىپ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن ئېيتتى، ــ بىز سىزنىڭدىن ناھايىتى مىننەتدار، دوختۇر، مەنمۇ سىلەرنى كۆرۈشتۈرۈشنى ئويلاۋاتقانىدىم. جىم،

مەن سىنىنىڭ لەۋزىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشى ئىكەنلىكىڭگە ئىشىنىمەن. سەن ئالدى بىلەن قىچىپ كەتمەيدىغانلىقىڭ توغرۇلۇق قەسەم بەر.

— مەن قىچىپ كەتمەسلىككە كاپالەت بېرىمەن، — دېدىم مەن.

— ئۇنداق بولسا ياخشى، — دېدى سىلۋىر، — دوختۇر سەن قاشا سىرتىدا ساقلاپ تۇر، سەل تۇرۇپ مەن بالىنى باشلاپ چىقىمەن. سىلەر قاشانى ئايرىپ تۇرۇپ سۆزلىشىۋېلىڭلار.

دوختۇر ئەمدىلا ئۆيدىن چىقىشىغا دېڭىز قاراقچىلىرى تاقەت قىلالماي پارتلىدى. ئۇلار تۇشمۇ-تۇشتىن سىلۋېرنىڭ دوختۇرغا مۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىشى ئۆزىگە چىقىش يولى قالدۇرغانلىق، بۇ بىزگە ئاسىيلىق قىلغانلىق، دېيىشتى. مەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ سىلۋېرنىڭ يەنە قانداق تاقابىل تۇرۇش چارىسى بارلىقىنى بىلەلمەيلا قالدىم. لېكىن، سىلۋىر تۆنۈگۈن كەچتىكى غەلىبىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم باش ئەگدۈردى. ئۇ ئالدى بىلەن ئاغزىغا كەلگەن سەت گەپلەر بىلەن ئۇلارنى بىر ھازا قاتتىق تىللىدى. ئاندىن:

— دوختۇرنىڭ تەلپىگە قوشۇلمىساق بولمايدۇ. بىز ھازىرچە دوختۇردىن يۈز ئۆرەلمەيمىز، چۈشەندىڭلارمۇ؟ پۇرسەت كۈتۈشىمىز كېرەك، — دېدى.

گەرچە قاراقچىلار قايىل بولمىسىمۇ دەماللىققا بىرنېمە دېيەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن سىلۋىر قولۇمدىن يېتىلەپ ھاسىسىنى تايانغىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭدى.

ئىشىكتىن چىققاندا سىلۋىر ماڭا:

— جىم، ئاستىراق ماڭ، بەك تېز ماڭساڭ ئۇلار يۈگۈرۈپ كېلىشىدۇ، — دېدى.

دوختۇر تۇرغان قاشانىڭ يېنىغا كەلگەندە سىلۋىر توختاپ دوختۇرغا قارىدى.

— دوختۇر، مەن بۇ بالىنى قۇتقۇزۇۋالىمەن دېگەچكە ئۇلار مېنى تەختتىن چۈشۈرۈۋەتكىلى قىل قالدى. ئىشەنمىسەڭ ئۇنىڭدىن سورا. كەلگۈسىدە مەن ئۈچۈن سوتتا ياخشى گېپىمنى قىلىپ قويۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

— سىلۋىر، سەن قورقتۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى دوختۇر.

— مەن توخۇ يۈرەكلەردىن ئەمەس، — دېدى سىلۋىر، — ئەمما دار ئالدىدا غاللىداپ تىترىمەيدىغان ئادەمدىن قانچىسى بار؟ بولدى، سەن جىم بىلەن ئايرىم سۆزلىشىۋال، ئۇنتۇپ قالما، بۇ مەن قىلغان يەنە بىر ياخشى ئىش.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ئارقىغا ماڭدى ھەم بەلگىلىك ئارىلىق ساقلاپ بىر دەرەخنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئىغىزىنى ئىسقىرتقاچ بىز تەرەپكە قارىدى، بەزىدە ئۆي تەرەپتىكى قاراقچىلارغىمۇ قاراپ قويياتتى. ئۇلار ئوت قالاپ تاماق قىلىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتاتتى.

ــ ھەي جىم، ــ دېدى دوختۇر ئېغىر خۇرسىنىپ، ــ بۇنداق بولۇپ قېلىشىڭ پۈتۈنلەي ئۆزۈڭنىڭ شورى. ئەسلى سېنى ئەيىبلىمەي دېگەنتىم، ئەمما سەن كاپىتان سىمولېت يارىلانغان چاغدا قېچىپ كەتتىڭ. بۇ دېگەن قورقۇنچاقلىق.

مەن يىغلاپ تاشلىدىم.

ــ دوختۇر، ــ دېدىم مەن ئېسەدەپ تۇرۇپ، ــ مەن خاتا قىلدىم ھەم ئۆكۈندۈم، مېنى ئەيىبلىمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. سىلۋېرنىڭ دېگىنى توغرا، ئۇ مېنى قوغدىمىغان بولسا ئالللىقاچان ئۆلگەن بولاتتىم. دوختۇر، ماڭا ئىشىنىڭ، مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، ئەمما ئۇلار مېنى قىيىن-قىستاققا ئالسا چىدىيالامدىم-يوق بىلمەيمەن...

ــ جىم، ــ دېدى دوختۇر گېپىمنى بۆلۈپ، ــ مەن سېنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىڭغا قاراپ تۇرالمايمەن، تېز بۇياققا ئۆت، بىز بىرلىكتە قېچىپ كېتەيلى.

ــ بولمايدۇ، ــ دېدىم مەن، ــ مەن قەسەم بەردىم.

ــ بىلىمەن، ــ دېدى ئۇ جىددىيلىشىپ، ــ ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، جىم، تاپا-تەنىلەرنى مەن ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن. تېز بۇياققا سەكرەپ ئۆت، بولمىسا كېچىكىپ قالىمىز.

ــ ياق، ــ دېدىم رەت قىلىپ، ــ بۇنداق قىلالمايمەن، مەن سىلۋېرغا ۋەدە بەرگەن، لەۋزىمدە تۇرۇشۇم كېرەك. گېپىمنى ئاڭلاڭ، كېمىنى مەن ئېلىپ كەتكەن. مەن ئۇنى شىمالدىكى قولتۇقنىڭ جەنۇبىدىكى ساھىلغا توختىتىپ قويدۇم.

ــ كېمىنى سەن ئېلىپ كەتتىڭمۇ؟ ــ دەپ توۋلىدى دوختۇر ھەيرانلىقتىن.

مەن ئىككى كۈنلۈك كەچۈرمىشىمنى قىسقا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ گېپىمنى جىمىدە ئاڭلا بولغاندىن كېيىن ئېيتتى:

ــ بۇلارنىڭ ھەممىسى تەقدىرنىڭ ئىرادىسى. سەن ھەر قېتىم بىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىۋاتىسەن. ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى بايقاپ قالدىڭ، بېن گۇننى ئۇچراتتىڭ، كېمىنى ئەكېتىپ يوشۇرۇپ قويدۇڭ. سەن بىزگە شۇنچە جىق ئىش قىلىپ بەردىڭ. بىز سېنى تاشلاپ قويساق بولمايدۇ، ــ دېدى دوختۇر، ئاندىن، ــ سىلۋېر، ساڭا گېپىم بار، ــ دەپ ۋارقىرىدى.

سىلۋېر كەلگەندىن كېيىن دوختۇر ئۇنىڭغا:

ــ ساڭا بىر نەسىھەت قىلىپ قوياي، بايلىقلارنى كولاشقا ئالدىراپ كەتمە، ــ دېدى.

ــ بەلكىم بۇنى ئورۇندىيالماسلىقىم مۇمكىن، ــ دېدى سىلۋېر، ــ ناۋادا بايلىقلارنى تاپالمىسام جىم ئىككىمىز ھايات قالمايمىز.

ــــ ئۇنــداق بولســا، ــــ دېــدى دوختــۇر، ــــ ســەمىگگە ســېلىپ قويــاي، ئەرۋاھلارنــىڭ پاراكەندىسىدىن قورقۇپ يۈرىكىڭلار يېرىلىپ كەتمىسۇن.

ــ دوختۇر، ــ دېدى سلۇبىر، ــ بىر ئىشنى سوراپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ، سىلەر نېمىشقا بۇ ئۆيدىن كەتمەكچى بولدۇڭلار؟ نېمىشقا خەرىتىنى ماڭا بېرىسەن؟ ماڭا راست گەپ قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

ــ بۇ، ــــ دېدى دوختۇر بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ، ــــ ئېيتىپ بېرەلمەسلىكىم مۇمكىن، چۈنكى بۇ مەن بىر ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. ساڭا دېيىشكە تېگىشلىكىنى مەن دەپ بولدۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن كاپىتان مېنى ئەيىبلىدى. ئەمما كاپالەت بېرەي، ناۋادا سىلەر ھايات قايتىپ كېلەلىسەڭلار، مەن كەلگۈسىدە قانۇن يول قويغان دائىرىدە سەن ئۈچۈن گەپ قىلىمەن.

ــ مەن ساڭا ئىشىنىمەن، ــ دېدى سلۇبىر خۇشال ھالدا، ــ ئەپەندىم، سەن ماڭا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدىڭ.

ــ ئۇنداقتا، ماڭا ماقۇللۇق بەر، ــــ دېدى دوختۇر، ــــ بۇ بالىنى ھەر ۋاقىت قوغدا، مەن ھازىرلا قايتىپ سىلەرنى بىر ئامال قىلىپ بۇ يەردىن ئەكىتىشكە تىرىشىمەن. دېگىنىمنى قىلماي قويمايمەن، جىم، خەير-خوش.

دوختۇر قاشا سىرتىدا تۇرۇپ مەن بىلەن قول سىقىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىن سلۇبىرغا قاراپ باش لىڭشىتىپ قويۇپ ئورمانلىققا كىرىپ كەتتى.

## تۆتىنچى باب غەلىتە ئىسكىلىت

دوختۇر كەتكەندىن كېيىن سلۇبىر ماڭا قاراپ دېدى:

ــ جىم، سەن ئىشەنچلىك بالا ئىكەنسەن. بايا دوختۇر سېنى قاچايلى دېگەندە مەن ئاڭلاپ قالدىم، سېنىڭ رەت قىلغىنىڭنىمۇ ئاڭلىدىم. ئەمدى بىز ئۆزئارا ماسلىشىپ ھەر ۋاقىت ئېھتىيات قىلايلى، شۇنداق قىلساقلا ئاندىن ھايات قالالايمىز.

بۇ چاغدا بىرسى ۋارقىراپ تاماق تەييار بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بىز قۇمدا ئولتۇرۇپ قۇرغاق بولكا ۋە سۆرلەنگەن پىششىق گۆش يېدۇق. قاراقچىلار يېمەكلىك تېجەشنى بىرئازمۇ بىلمەيتتى، ئۇلار قولىغا كۆپ مىقداردىكى يېمەكلىكنى ئېلىۋېلىپ يەپ بولالمىغانلىرىنى ئوتقا تاشلايتتى. ئوتنىڭ ئىسراپ قىلاتتى، زورۇر بولمىسىمۇ گۈلخاننى يوغان يېقىۋېلىپ ئوتۇننى

بولۇشىغاقالايتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق نابۇت قىلىشىغا قاراپ ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

سىلۋېر يالغۇز ئولتۇرۇپ تاماقنى ياۋاتاتتى. ‹‹فلىنت كاپىتان››نىڭ شاتۇتى مۇرىسىگە قونۇۋالغان ئىدى. ئۇ ئادەملىرىنى قايتا ئەيىبلىمىدى. بۇمۇ ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئىش قىلىۋاتقانلىقى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

— بۇرادەرلەر، ئاڭلاپ تۇرۇڭلار، — دېدى ئۇ، — مەن ئەھۋالنى ئېنىقلىدىم، كېمە ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قولىدا ئىكەن. بايلىقلارنى تاپقاندىن كېيىن پۈتۈن ئارالنى ئاختۇرۇپ كېمىنى چوقۇم تاپىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا قولىمىزدا يەنە ئىككى قولۋاق بار، بىز يېڭىمىز.

ئۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ھەمراھلىرىغا غەيرەت قوشۇپ ئۇلارنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغاندەك قىلاتتى.

— بۇ كىچىك شۇمتەككە كەلسەك، — دېدى ئۇ داۋاملىق، — مېنىڭچە بۇ ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سۆزلىشىشى. بىز بايلىقلارنى قازغۇچە ئۇنى باغلاپ قويىمىز. بايلىقلارنى تېپىپ كېمىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىراقلا ھېسابلىشىمىز. ئۇ قىلغانلىرىغا بەدەل تۆلەيدۇ.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تېگى يوق قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك بولدۇم. قاراقچىلار بولسا زىيادە قىزىپ كەتتى. سىلۋېر، سەن ئىككى يۈزلىمىچى، ئالدامچى. ئېنىقكى، ئۇ ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى تېپىۋېلىپ بۇ يەردىن كېتەلىسە مېنىڭ ئۆلۈك-تىرىكىم بىلەن كارى بولمايتتى. سىلۋېر مېنى قوغدايدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، باشقىلار يۈز ئۆرىدىغانلا بولسا، ئۇ بىر چولاق بىلەن مەن قانداقمۇ ئۇلارغا تەڭ تۇرالايمىز؟

يەنە بىر قىسىم مەسىلىلەر مېنى قىيناياتتى. ھەمراھلىرىم نېمىشقا ياغاچ ئۆيدىن ۋاز كېچىدۇ؟ نېمىشقا خەرىتىنى تاپشۇرىدۇ؟ دوختۇرنىڭ سىلۋېرنى ئاگاھلاندۇرۇشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇ ئىشلار كاللامنى قوچۇپ تاماق يېيىشكە زادىلا رايىم بارمىدى.

دېڭىز قاراقچىلىرى ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ بولۇپ بايلىقلارنى قېزىشقا ماڭدى. ئۇلار تولۇق قوراللانغان ئىدى: سىلۋېر مۈرىسىگە ئىككى تال مىلتىق ئاسقان، بېلىگە چوڭ بىر ئەگمە پىچاق قىستۇرۇۋالغان، چاپىنىنىڭ ئىككى يانچۇقىغا بىردىن تاپانچا سېلىۋالغان ئىدى. شاتوت ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئىلگىرىكىدەكلا قونۇۋالغان بولۇپ گاھىدا باشقىلارنىڭ گەپلىرىنى دوراپ قوياتتى. باشقىلارنىڭ ئېلىۋالغانلىرى ھەرخىل بولۇپ بەزىلىرى گۈرجەك-جوتو، بەزىلىرى چوشقا گۆشى، قۇرۇتۇلغان بولكا ۋە بىراندى كۆتۈرۈۋالغان ئىدى. مېنىڭ بېلىمگە بولسا ئارغامچا باغلىنىپ خوددى سىرىك ئۆمىكىدىكى ئېيىقنى يېتىلىگەندەك سىلۋېر يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى.

خېلى بىر ۋاق ماڭغاندىن كېيىن بىز ھىلقى ئىككى قېيىق توختىتىلغان دېڭىز قىرغىقىغا يېتىپ كەلدۇق. قىيىقلارغا پاتقاق چاپلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بىر قېيىقنىڭ ئورۇندۇقى سۇنۇپ كەتكەن ئىدى. قارىغاندا ئۇلار ئىلگىرى قېيىق ئىچىدە ئۇرۇشۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئارقىدىنلا بىز قېيىققا چىقىپ مەنزىلگە قاراپ يول ئالدۇق.

قېيىق ھەيدەش داۋامىدا ئۇلار بايلىق يوشۇرۇنغان يەر توغرۇلۇق سۆزلەشتى. خەرىتىگە سىزىلغان كىرىست بەلگىسى بەك چوڭ، شۇڭلاقلا كەينىگە يېزىلغان چۈشەندۈرۈش مۇجمەل بولغاچقا كونكرېت ئورۇننى جەزم قىلىشقا مۇمكىن بولمايۋاتاتتى. بۇ خەتلەر مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

*چوڭ دەرەخ، سىپى-گىلاس تاغ باغرى. ئىسكىلىت ئارىلى، شەرقىي جەنۇبتىن شەرققە قىيپاش. ئون فوت.*

چوڭ دەرەخ ئەڭ ئېنىق بەلگە بولغاچقا ئالدى بىلەن چوڭ دەرەخنى تېپىشىمىز كېرەك. بىز قېيىقتا ئولتۇرۇپ تاغ باغرىغا نەزەر تاشلىدۇق. تاغ باغرىدا چوڭ دەرەخ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قېيىقتىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ بىلگىنى بويىچە چوڭ دەرەخنى قىياس قىلىشاتتى. سىلۋېر گەجگىسىنى قاشلاپ قويۇپ ئالدى بىلەن تاغ باغرىغا بارغاندىن كېيىن بىر نەرسە دېيىشنى قارار قىلدى.

بىز بىر كىچىك دەريانىڭ قويۇلۇش ئېغىزىدىن قىرغاققا چىقىپ تاغ باغرىغا قاراپ راۋان بولدۇق. ئەڭ دەسلەپكى بىر بۆلەك يول پاتقاقلىق بولۇپ، خېلى ئۇزۇن ھەپىلىشىپ ئاندىن بۇ يەردىن ئۆتتۇق. كېيىن بىز تاغ ئېتىكىگە كەلدۇق. بۇ يەردە تاش ناھايىتى كۆپ بولۇپ،ئېگىز ئۆسكەن دەرەخلەر ئەتراپقا يۇلتۇزلاردەك تارقالغان ئىدى.

دېڭىز قاراقچىلىرى ۋارقىرىشىپ - سەكرىشىپ ئالدىغا يۈگرەيتتى، سىلۋېر ئىككىمىز سەپنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قالدۇق. تۇيۇقسىز بىر كىشى غەلىتە چىرقىرىدى. قالغانلار شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى.

— بايلىق يوشۇرۇنغان يەرگە كەلمىدۇققۇ دېيمەن، — دېدى مورگان، — تېخى تاغ چوققىسىغا چىقمىغان تۇرساق.

بىز يېقىن بېرىپ ئېگىز بىر تۈپ دەرەخنىڭ يېنىدا بىر ئىسكىلىتنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردۇق. ئەتراپىدا رەخت پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى.

— قارىغاندا بىر دېڭىزچىدەك قىلىدۇ، — دېدى گىئورگى مېررىي كىيىم پارچىلىرىنى بىر قۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن، — چۈنكى ئۇنىڭ كىيگىنى ماتروسلار كىيىمكەن.

ــ چوقۇم دېگىرچى، ــ دېدى سىلۋېر، ــ شۇنىسى بۇ ئىسكىلىتنىڭ تۇرقى ناھايىتى غەلىتە، تەبىئىي ئەمەس.

ھەقىقەتەن بۇ ئىسكىلىتنىڭ ھالىتى ئۆزگىچە ئىدى. ئۇ تۈپتۈز ياتقان بولۇپ، پۇتى بىر يۆلىنىشنى كۆرسەتكەن، قولى بولسا سۇغا سەكرىمەكچى بولغان كىشىدەك بېشىدىن ئۆتۈپ يەنە بىر يۆلىنىشكە سوزۇلغان ئىدى.

ــ مېنىڭ ئامالىم بار، ــ دېدى سىلۋېر، ــ كومپاسنى ئەكېلىڭلار، ئاۋۇ تەرەپ ئىسكىلىت ئارىلى، كومپاسنى ئىسكىلىت بىلەن ئىسكىلىت ئارىلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ يۆلىنىشنى ئۆلچەپ باقايلى.

دەرۋەقە، كومپاسنىڭ ئىسترېلكىسى شەرقىي جەنۇبتىن شەرققە قىيپاش يۆلىنىشنى كۆرسەتتى.

ــ راستىنلا شۇنداقكەن، ــ دېدى سىلۋېر توۋلاپ، ــ بۇ ئىسكىلىت بىر بەلگە. بۇنى چوقۇم فلىنت قىلغان، ئەينى چاغدا ئۇ ئالتە ئادەم باشلاپ قىرغاققا چىقىپ ئۇلارنىڭ ھەممىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئارقىدىن بۇ ئادەمنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ بەلگە قىلغان. قارا، ئىسكىلىت ئۇزۇن، سېرىق چاچ، بۇ چوقۇم ئالادىس. ئالادىس ئېسىڭىزدىمۇ مورگان؟

ــ ئېسىمدىلا ئۇنتۇپ قالاي، ــ دەپ جاۋاب بەردى مورگان، ــ ئۇ قىرغاققا چىققاندا مېنىڭ پىچىقىمنى ئېلىپ كەتكەن، ئۇ يەنە ماڭا بىرمۇنچە پۇلغا قەرزدار.

ــ پىچاق؟ ــ دەپ ۋارقىرىدى بىر دېگىز قاراقچىسى، ــ بۇ يەردە پىچاق يوقكەن! فلىنت ئۇنىڭ يېنىنى ئاقتۇرمايدۇ، ئۇ بۇنداق قىلىدىغانلاردىن ئەمەس. ئەجەبا قۇشلار چىشلەپ ئېلىپ كەتكەنمىدۇ؟

ــ بۇ گەپنىڭ خېلى جېنى بار! ــ دېدى سىلۋېر.

ــ ئۇنىڭ يېنىدا ھېچنېمە يوقكەن، ــ دېدى مېررىي ئىسكىلىتنىڭ يېنىدا بىرھازا ھەپىلەك بولغاندىن كېيىن، ــ ھەتتا بىر مىس تاختايمۇ، تاماكا قۇتىسىمۇ يوق. قارىغاندا مەسىلە باردەك قىلىدۇ.

ــ راستىنلا مەسىلە بار، ــ دېدى سىلۋېر قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ــ ئالتە ئادەم فلىنتقا ئەگىشىپ قىرغاققا چىققان، بىرىمۇ قايتىپ كەلمىدى. بىزمۇ ھازىر ئالتە ئادەم. ناۋادا ئۇ ھايات بولسا بىزنىڭمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئىسكىلىتىمىزلا قالىدۇ.

ــ ئۇ ئۆلدى، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ــ دېدى مورگان، ــ بىل مېنى باشلاپ كىرگەن، ئۇ جايدا قىمىر قىلماي يېتىپتۇ. بىراق ئۇنىڭ ئەرۋاھىنىڭ بۇ يەرگە كىلىش-كەلمەسلىكىنى بىلمەيمەن.

ــ ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا ئادەمنى ناھايىتى بىزار قىلدى، ــ دېدى يەنە بىرى، ــ ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا ئاچچىقلايتتى، بىردەم تۇرۇپ رۇم ھارىقى دېسە بىردەم ناخشا ئېيتىدۇ، ئۇ بىر ئۆمۈر ھېلقى «ئون بەش ئەزىمەت» دېگەن ناخشىنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇ ناخشىنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالدىم.

ــ بولدى، ــ دېدى سىلۋېر، ــ كونا خامانىنى سورىماڭلار. فلىنت راستىنلا ئۆلدى. ئەرۋاھى بولغان تەقدىردىمۇ بۇنداق كۈپكۈندۈزدە ئايلىنىپ يۈرەلمەيدۇ. گۇمانخورلۇق قىلماڭلار، ۋاقتىنى چىڭ تۇتايلى. ماڭايلى، بايلىقلارنى قازغىلى بارايلى!

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دېڭىز قاراقچىلىرى قايتىدىن يولغا چىقتى. بىراق، بۇ قېتىم ئۇلار قالايمىقان ۋارقىراپ يۈگۈرۈشمىدى، بەلكى توپلىشىپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. گەپ-سۆزىمۇ ئازلاپ كەتتى. دېمەك، ئۇلار ھېلقى فلىنت كاپىتاندىن بەك قورقىدىغاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ نامى چىقىشىغىلا شۈك بولۇشۇپ قىلىشاتتى.

## بەشىنچى باب ئەرۋاھ

بايا بەك جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىنمىكىن دېڭىز قاراقچىلىرى بىردەم ئارام ئالماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاغ چوققىسىغا چىقىپلا ئولتۇرۇشتى.

بىز تۇرغان يەرنىڭ كۆرۈش دائىرىسى كەڭ بولۇپ ئارالنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغىلى بولاتتى. تۆت ئەتراپتا بىرمۇ ئاھالە كۆرۈنمەيتتى، دېڭىز يۈزىدىمۇ كېمە يوق بولۇپ ئادەمگە تولىمۇ يېگانە تۇيغۇ بېرەتتى.

سىلۋېر كومپاسنى چىقىرىپ يۆلىنىشنى ئۆلچەشكە باشلىدى.

ــ ئىسكىلىت ئارىلىدىن ئاۋۇ تەرەپتىكى تۈز سىزىقىقچە ئۈچ تۈپ چوڭ دەرەخ بار ئىكەن، ــ دېدى ئۇ، ــ سىپىي-گىلاس تاغ باغرى چوققۇم ئاۋۇ پەس يەر شۇ. قارىغاندا بىز بايلىقلارنى ئاسانلا تاپقۇدەكمىز. ئالدى بىلەن بىر نەرسە يەۋالايلى.

ــ قورسىقىم ئاچمىدى، ــ دېدى مورگان پەس ئاۋازدا، ــ فلىنتنى ئويلىساملا مېنىڭ ھېچنېمە يېگۈم كەلمەيدۇ.

ــ شۇنداق، ياۋاش بالام، ئۇ ئۆلمىسە سېنى نەس باساتتى، ــ دېدى سىلۋېر.

ــ ئۇ ئۆلگەندە يۈزى تۆمۈردەك كۆكىرىپ ئالۋاستىغىلا ئوخشاپ قالدى، ــ دېدى بىر قاراقچى، ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ سەسكىنىپ تىترەپ قويدى.

ــ ئۇ رۇم ھارىقىنى كۆپ ئىچكەنلىكىدىن بولغان، ئۇنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى چىرايى ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى قورقۇنۇچقا سالاتتى، ــ دەپ گەپ قىستۇردى مېررى.

ئۇلار سۆزلىگەنسېرى قورقۇپ ئاۋازى پەسلەپ ئورمانلىق ئىچىنى جىمجىتلىق قاپلىدى.

تۇيۇقسىز، ئالدى تەرەپتىن ھېلىقى تونۇش ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى، بىرى چىقىراق ھەم يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا ئېيتىۋاتاتتى:

ئون بەش ئەزىمەت ئۆلۈكنىڭ ساندۇقىنى تالىشار،

ھاي.... ھاي... ھاي... بىر بوتولكا رۇم ھارىقىنى تېز ئەكەل!

بۇ ناخشا ئاۋازى دېڭىز قاراقچىلىرىنى قورقۇتۇپ روھىنى چىقىرىۋەتتى. ئۇلارنىڭ چىرايى قارىداپ، بەزىلىرى سەكرەپ قوپتى، بەزىلىرى قورقىنىدىن يېنىدىكى ئادەمنى تۇتۇۋالدى، مورگان قورقۇپ يەردە يېتىۋالدى.

ــ فلىنتنىڭ ئاۋازى! ــ دېدى مېررى تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

ئاۋاز قانداق پەيدا بولغان بولسا شۇنداق تۇيۇقسىز غايىب بولدى. بۇگۈن ھاۋا ناھايىتى ياخشى بولۇپ قۇياشمۇ پارلاپ تۇراتتى. بايىقى ئاۋاز تاغ جىلغىسىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ لەرزان ئاڭلىناتتى. مەن ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك قورقىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەيلا قالدىم.

ــ ئۆزۈڭلارنى تۇتىۋېلىڭلار، ــ دېدى سىلۋېر ئاخىرى ئېغىز ئېچىپ. ئۇنىڭ كالپۇكى بىنەپشە كۆلرەڭگە ئۆزگەرگەن ئىدى، ــ قورقۇش ئەسقاتمايدۇ. بۇ ئىش سەل غەلىتە، مەن كىمنىڭ ئېيتقانلىقىنى بىلەلمىدىم. بىراق، چوقۇم بىر ئادەم ئېيتقان. بەلكىم بەزىلەر بىزنى قورقۇتماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

باشقىلار ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كەيپىياتى ئاستا تۇراقلاشتى. تۇيۇقسىز ھېلىقى ئاۋاز يەنە پەيدا بولدى. بۇ قېتىم ناخشا ئېيتماي ۋارقىراۋاتاتتى.

ــ داربى گراۋ!

بۇ ئاۋاز بەئەينى ئالۋاستىلارنىڭ بەلگىسىدەك توختىماي «داربى گراۋ، داربى گراۋ، داربى گراۋ» دەپ تووۋلايتتى. ئاۋاز سەل كۆچىيىپ بىر ئېغىز سەت گەپ قىلغاندىن كېيىن داۋاملىق چاقىرغىلى تۇردى:

ــ داربى گراۋ بىرىپ رۇم ھارىقى ئەكەل!

ئاۋاز تاغ قاپتاللىرىدا توختىماي ئەكس سادا قايتۇراتتى.

دېڭىز قاراقچىلىرى جايىدا بەئەينى روھى چىقىپ كەتكەن مۇردىدەك كۆزلىرىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ مىت قىلماي ئولتۇرۇشاتتى. ھېلىقى ئاۋاز غايىب بولۇپ خېلى ئۇزاققىچە قېتىپ قالغان بۇتتەك قىمىرلىماي ئالدىغا قارىشىپ تۇرۇشتى.

ــ بۇنىڭغا يەنە نىمە گەپ كېتەتتى، بۇ دەل ئۇنىڭ ئاۋازى! ــ دېدى بىر دېڭىز قاراقچىسى ئۆپكىسى ئاغزىغا كەپلەشكەن ھالدا، ــ بىز دەرھال قايتىپ كېتەيلى!

ــ بۇ ھەقىقەتەن ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېغىز گەپ، ــ دېدى مورگان پەس ئاۋازدا.

دىك بولسا ھېلىقى يىرتىق ‹‹ئىنجىل››نى چىقىرىپ ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ دېڭىز قاراقچىسى بولۇشتىن ئىلگىرى نەچچە كونا كىتاب ئوقۇغان ئىدى.

گەرچە سىلۋېرنىڭ چىشلىرى كاسىلداۋاتقان بولسىمۇ بەك قورقۇپ كەتمىگەندەك قىلاتتى.

ــ بۇرادەرلەر، ــ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، ــ بىز بايلىق ئىزدىگىلى كەلگەن، ئادەم بولامدۇ ئەرۋاھ بولامدۇ مېنى قورقىتىمەن دەپ ئويلىمىسۇن. فلىنت ھايات بولسىمۇ مەن ئۇنىڭدىن قورقمايمەن. يېنىمىزدىلا 700 مىڭ فوندستېرلىڭ قىممىتىدىكى بايلىق كۆمۈلۈپ يېتىپتۇ. تەۋەككۇلچى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن ئەجەبا بىر ھاراقكەشتىن، يەنە كېلىپ ئۆلگەن ئادەمدىن قورقامدىم!

بۇ گەپ ئۇلارنىڭ غەيرىتىنى ئاشۇرمايلا قالماستىن ئىچىدىكى ۋەھىمىنى يەنىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى.

ــ بولدى گەپ قىلما، سىلۋېر! ــ دەپ تووۇلدى مېرري، ــ فلىنتنىڭ ئەرۋاھىنىڭ چىشىغا تەگمەيلى.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باشقىلار قورققىنىدىن گەپمۇ قىلالماي قالدى. ھەممىسى خۇددى سىلۋېردىن كۈچ-قۇۋۋەت ئالماقچى بولغاندەك ئۇنىڭغا يېقىن كېلىشتى.

سىلۋېر ئۇلاردىنمۇ بەكەرەك جىمغۇر بولۇپ كەتتى.

ــ ئەرۋاھ؟ بەلكىم شۇنداقتۇ، ــ دېدى ئۇ، ــ ئەمما بۇ ئاۋاز ئەكس سادا پەيدا قىلىۋاتىدۇ، ئەرۋاھنىڭ كۆلەڭگىسى بولمىغان يەردە ئاۋازىنىڭمۇ ئەكس ساداسى بولمايدۇ. سىلەرچە توغرىمۇ؟

مېنىڭچە بۇ سەل كۈلكىلىك ئىدى. ئەمما گىئورگى مېرري ئىشىنىپ قالغانىدى.

ــ سىلۋىرنىڭ دېگىنى ئورۇنلۇق، ـــ دېدى ئۇ، ـــ ئۇ ئاۋاز قىلىنتىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن، ئەمما تامامەن ئوخشىمايدۇ. باشقا كىشىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ تۇرۇۋاتىدۇ. تېخىمۇ بەكەرەك...

ــ تېخىمۇ بەكرەك بىر گوئىننىڭ ئاۋازىغا ئوخشاۋاتىدۇ! ــ دېدى سىلۋىر.

ــ شۇنداق، دەل شۇ، ـــ دېدى تېخىچە يەردە ياتقان مورگان تىزلانغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، ــ راست شۇنىڭ ئاۋازى!

ــ ئۇنىڭغىمۇ ئوخشىمايدۇ، ــ دېدى دىك، ــ بىر گوئىنمۇ ئۆلدى.

كۆپىنى كۆرگەن دېڭىز قاراقچىلىرى كۆلۈشۈپ كەتتى.

ــ بىر گوئىندىن ھېچكىم قورقمايدۇ، ــ دېدى مېرري، ــ ئۇنىڭ ئۆلۈك ـتىرىكلىكى بىلەن نېمە كارىمىز.

دېسەك بەك غەلىتە. ئۇلار تۇيۇقسىز ئەسلى ھالىتىگە قايتىپ كەلدى. تاتارغان چىرايلىرىغا قان يۈگۈردى. قايتىدىن يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكىلى تۇردى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇلار يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ قايتىدىن يولغا چىقتى. مېرري يولنىڭ ھېلىقى تۈز سىزىق بىلەن بىردەك بولۇشى ئۈچۈن سىلۋىردىن كومپاسنى ئېلىپ ئالدىدا ماڭدى.

دىك يەنىلا «ئىنجىل»نى سىقىمدىغىنىچە ئەتراپقا ئالاقلاپ قاراپ كېتىپ باراتتى.

ــ مەن نېمە دېگەنتىم، ــ دېدى سىلۋىر، ــ سەن «ئىنجىل»نى يىرتىۋەتتىڭ. ئەمدى ئۇ كارغا كەلمەيدۇ. ئەرۋاھمۇ ئۇنىڭدىن قورقمايدۇ، ــ ئۇ گەپ ئارىلىقىدا قولىدىن قاس چىقىرىپ دىكنى مەشىتمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ قويدى.

دىك ئەھۋالىنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلدى. ئەسلىدىلا سېرىق قىزىتما كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەم، يەنە كېلىپ تىنچىق ئىسسىق ۋە ھېرىپ ـ چارچاش ھەم ئارقىدىن پەيدا بولغان بىر مەيدان ۋەھىمە تۈپەيلى ئۇنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى تېز ئۆرلەپ قەدىمىمۇ ئاستىلاپ كىتۋاتاتتى.

بىز داۋاملىق ئالغا يۈرۈپ ھېلىقى بىر نەچچە تۈپ چوڭ دەرەخنى ئىزدەشكە باشلىدۇق ھەم ناھايىتى تېزلا بىرىنچى چوڭ دەرەخنى تاپتۇق. ئەمما يۆلىنىشنى ئۆلچەپ ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈردۇق. ئىككىنچى تۈپ دەرەخمۇ شۇنداق چىقتى. ئۈچىنچى تۈپ چوڭ دەرەخنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 200 فوت ئەتراپىدا بولۇپ، قارامتۇل قىزغۇچ غولى كىچىك بىر ئۆيدەك كېلەتتى. بۇ دەرەخنى يۈرۈش بەلگىسى قىلىشقا تامامەن بولاتتى.

بىراق، ئۇلار بۇ دەرەخكە پەقەت قىزىقمىدى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى دەرەخنىڭ يېنىغا كۆمۈلگەن قىممىتى 700 مىڭ فوندستېرلىڭلىق ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ جاۋاھىراتلار ئىدى.

سىلۋىر ھاسىسى بىلەن دىگگۇسلاپ ماڭاتتى، توختىماي بۇرنىنى تارتاتتى. ئۇ بېلىمگە باغلانغان ئارغامچىنى تارتىپ گاھىدا ماڭا بەتبەشىرە يۈزىنى بۇراپ زەھەرخەندىلىك بىلەن قاراپ قوياتتى.

مەن چۆشەندىم. بايلىقلار تېپىلىشقا ئاز قالدى، ئۇ ئەمدى ئۆزىنى پەردازلاپ ئولتۇرمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇ بايلىقلارنى تېپىۋالغاندىن كېيىن «گىسپانولا» ناملىق كېمىنى ئىزدەيدۇ، ئاخىرىدا ياخشى ئادەملەرنىڭ ھەممىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئاندىن كېمىنى ھەيدەپ ھەمراھلىرى بىلەن يىراقلارغا تىكىۋېتىدۇ. مەن بۇنىڭدىن گۇمان قىلمايمەن.

بۇلارنى ئويلىغان چېغىمدا قەدەملىرىم ئىختىيارسىز ئاستىلاپ كەتتى. سىلۋىر ئارغامچىنى كۈچەپ تارتىپ كۆزلىرىنى ماڭا ياۋۇزلۇق بىلەن تىكەتتى.

دىك سەپىنىڭ كەينىدە قالغان ئىدى، ئەمدى يېتىشىپ كەلدى. ئۇ بىرنەرسىلەرنى ئوقۇپ، بىردە دۇئا-تىلاۋەت قىلسا، بىردە نېمىلەرنىدۇ قارغايتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۈيۈقسىز ئەينى چاغدا بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئېچىنىشلىق تراگېدىيەنى ئەسلەپ قالدىم. شۇ يىللىرى فلىنت ئۆزىنىڭ بىرنەچچە ھەمراھلىرىنى ئۆلتۈرگەن ئەمەسمىدى؟ مەن ھازىر ئۇلارنىڭ نالىسىنى ئاڭلىغاندەك بولۇۋاتاتتىم.

— بۇرادەرلەر، تېز بۇياققا كېلىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى مېرري، ھەممە ئادەم يۈگۈرۈپ باردى.

ئەمما ئۇلارنىڭ نەچچە قەدەم مېڭىپلا توختاپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. سىلۋىر ھاسىسىغا تايىنىپ كۈچەپ ئالدىغا ماڭاتتى. تېزلا بىزمۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردۇق.

ئالدىمىزدا يوغان بىر ئازگال تۇراتتى. بۇ كونا بىر ئازگال بولۇپ تېگىدە ئوت چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەن ئىكەن. ئازگالدا يەنە بىر سېپى ئۇزۇلگەن جوتو، بىر نەچچە ساندۇقنىڭ ئېغىزى بار بولۇپ، ساندۇق ئاغزىغا «دېڭىز پىلى ناملىق كېمە» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى. بۇ دەل فلىنت كاپىتاننىڭ كېمىسىنىڭ نامى ئىدى.

قىممىتى 700 مىڭ فوندستېرلىڭلىق ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە- جاۋاھ -ىراتلار كۆرۈنمەيتتى. ئېنىقكى، بىرسى بىزدىن بالدۇر كېلىپ بايلىقلارنىڭ ھەممىنى كولاپ ئېلىپ كەتكەن ئىدى.

## ئالتىنچى باب سىلۋىر پۈتۈنلەي تۈگەشتى

دېگىنىز قاراقچىلىرى قۇيۇقۇرۇق ئازىگاللىغا قارىشىپ بۇزتىنەك قىتىپ قىلىشتى. بىردەمدىن كېيىن سىلۋېر ئېسىنى تاپتى. ئۇ تېخى بايىلا بايلىقلارنى ئويلاۋاتاتتى، ئەمدى دەرھال پىلانىنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى چۈشەندى.

— جىم، — دېدى ئۇ ماگا پەس ئاۋازدا، — بۇنى ئېلىپ ئۆزۈڭنى قوغداشقا تەييار بول.

ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ ماگا بىر قوش ئاتار تاپانچا ئۇزاتتى.

ئارقىدىنلا ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك شىمال تەرەپكە سۈرۈلدى. بۇنداق بولغاندا ئازگال بىز ئىككىمىزنى ئاۋۇ بەش قاراقچىدىن ئايرىۋېتەتتى. ئاندىن ئۇ ماگا قاراپ باش لىڭشىتتى، قىياپىتى ناھايىتى دوستانە كۆرۈنەتتى.

ئۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئىپادىسى مېنى بىزار قىلىپ قويدى. مەن پەس ئاۋازدا ئۇنىڭغا:

— يەنە قىياپىتىڭنى ئۆزگەرتمەكچىكەنسەنده، — دېدىم.

سىلۋېر جاۋاب بەرمىدى. قالغان دېگىنىز قاراقچىلىرىنىڭ ھەممىسى نىمىلەرنىدۇ تىللىغىنىچە ئازگالغا سەكرەپ چۈشۈپ قوللىرى بىلەن ئوت چۆپلەرنىڭ ئارىسىنى سىلاشتۇرۇشقا باشلىدى. مورگان بىر تال ئالتۇن پۇل تېپىۋالدى. ئۇ تىللىغىنىچە ئالتۇن تەڭگىنى قولىغا ئېلىپ باشقا قاراقچىلارغا سۇندى.

— بۇ دەل سەن ئېيتقان قىممىتى 700 مىڭ فوندستېرلىڭلىق بايلىقمۇ؟ — دېدى مېررى سىلۋېرغا قولىدىكى ئالتۇن تەڭگىنى ئالقىنىدا ئوينىتىپ تۇرۇپ. ئۇ زەردە بىلەن ۋارقىرىدى، — بۇ سەن قىلغان سودىما؟ ھۇ كارغا كەلمەس قېرى.

— داۋاملىق كولاڭلار، بىرنەچچە تال ياڭيۇ تېپىۋالامسىلەر تېخى، — دېدى سىلۋېر مەسخىرە ئارىلاش.

— بۇرادەرلەر، — دەپ ھۆركىرىدى مېررى، — ئاڭلىدىڭلارمۇ، ئۇ مۇشۇنداق بولۇشىنى بۇرۇنلا بىلگەن. ئۇنىڭ چىرايى ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

— مېررى، سېنىڭ يەنە كاپىتان بولغۇڭ كەپتۇ-دە؟

بۇ قېتىم ھەممىسى مېررى تەرەپكە ئۆتۈپلا كەتتى. ئۇلار ئۆمىلەپ چىقىپ ئازگالنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتۈپ سىلۋېر ئىككىمىزگە ياۋۇزلارچە تىكىلدى.

بىز مۇشۇنداق تىركىشىپ تۇرۇپ قالدۇق، ھېچكىم ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. سىلۋېر ھاسىسىغا تايىنىپ ئۇلارغا تىكىلگەن بولۇپ تۇرقى ئىلگىرىكىدەكلا سالماق ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن قورقۇمسىز كىشى بولۇپ، بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايتتى. ئاخىرى مېررى ئېغىز ئاچتى.

ــ بىرى بىزنى ئالدىغان قىرى چولاق، بىرى سىرىق تۈك ھارىمى، ــ دېدى ئۇ ھۆركىرەپ، ــ يەنە نېمىنى ساقلايمىز، بىز...

ئۇ قورالىنى كۆتۈرۈپ بىزگە باشلامچىلىق بىلەن ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. تۇيۇقسىز «پاك! پاك! پاك!» قىلىپ ئېتىلغان ئۈچ قېتىملىق مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. مېرري ئازگالغا باشچىلاپ يىقىلدى، بېشىنى تېڭىۋالغان ھېلقى ئەبلەخمۇ پىرقىراپ ئازگالغا يىقىلىپ بىردەم جان تالاشقاندىن كېيىن جىمىپ قالدى. قالغان ئۈچى قورققىنىدىن بېشىنى ئېلىپ قاچتى.

ئارقىدىن سىلۋىر ئازگالدا تېخىچە جان تالىشىۋاتقان مېرريغا تاپانچىسىدىن ئىككى پاي ئوق ئۈزدى. مېرري جان ئۈزگىچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇردى.

ــ گېئورگى، ــ دېدى سىلۋىر، ــ سەن ئاخىرى ئاغزىڭنى يۇمدۇڭ.

مەن دوختۇر لىۋېس، گراي ۋە بېن گۇئىنلارنىڭ ئورمانلىقتىن بىزگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. قولىدىكى مىلتىقنىڭ ئۇچىدىن ئىس چىقىۋاتاتتى.

ــ تېز قوغلايلى، ــ دەپ توۋلىدى دوختۇر، ــ ئۇلارنى تېز توسىۋالايلى، قېيىقنى ئەپ قاچمىسۇن.

بىز بىرلىكتە دېڭىز قىرغىقىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردۇق. سىلۋىر ھاسىسىغا تايانغىنىچە جېنىنىڭ بارىچە دىڭگوسلاپ ئەگەشتى.

ــ دوختۇر، ئالدىرىماڭ، ئۇياققا قاراڭ، ــ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

راست ئالدىراشنىڭ ھاجىتى قالمىغان ئىدى. ھايات قالغان ئۈچ قاراقچى دەسلەپ كەلگەن يولنىشكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. بىز ئۇلار بىلەن قېيىق ئوتتۇرىلىقىغا بېرىپ قالغان ئىدۇق. ئەسلى ئۇلار قورقۇپ كەتكىنىدىن قېيىققا چىقىشنى تامامەن خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن تۆتىمىز يەردە ئولتۇرۇپ ئارام ئالدۇق. سىلۋىرمۇ ئاستا ئەگىشىپ كەلدى.

ــ كۆپ رەھمەت سىزگە، دوختۇر، ــ دېدى ئۇ، ــ سىز بولمىغان بولسىڭىز جىم ئىككىمىز تۈگەشكەن بولاتتۇق. ئوۋ، بېن گۇئىن بۇ سەنمۇ؟ ئوبدان قىلدىڭ.

ــ شۇنداق، مەن بېن گۇئىن، ــ دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ. بېن گۇئىن ئوڭايسىزلانغاندەك خېلى ئۇزۇن تۇرغاندىن كېيىن سورىدى، ــ ياخشىمۇ سەن، سىلۋىر ئەپەندىم؟

ــ بېن، ــ دېدى سىلۋىر ئۆز-ئۆزىگە، ــ بۇ ئەسلى سەن قىلغان ياخشى ئىشكەندە.

دوختۇر گراينى ئەۋەتىپ دېڭىز قاراقچىلىرى چۆشۈرۈپ قويغان بىر جوتونى ئەكەلدۈردى. ئاندىن بىز بىرلىكتە ئاستا قېيىق توختىلغان يەرگە قاراپ ماڭدۇق.

يول بۇيى دوختۇر بىزگە يىقىندا بولغان ئىشنىڭ جەريانىنى بىر-بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. ۋەقەدىكى باش رولچى مەزكۇر ئارالغا سۈرگۈن قىلىنغان بىر گوئىن ئىدى.

ئەسلى بىر گوئىن ئارالغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن ئۆزى يالغۇز ئارالنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ھېلقى ئىسكىلىتنى كۆرۈپ قاپتۇ ھەم ئىسكىلىتنىڭ يېنىدىكى بارلىق نەرسىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بايلىق كۆمۈلگەن جاينى بايقاپ ئالتۇن-كۈمۈش، گۆھەرلەرنىڭ ھەممىنى كولاپ چىقىرىپتۇ. ئازگالدىكى سېپى سۇنغان جوتە بىر گوئىننىڭ ئىكەن. ئۇ «گىسپانولا» ناملىق كېمە يېتىپ كېلىشتىن ئىككى ئاي ئىلگىرى بايلىقلارنىڭ ھەممىنى بىخەتەر ھالدا ئۆزى تۇرۇۋاتقان تاغ ئۆڭكۈرىگە يۆتكەپ كەپتۇ.

دېڭىز قاراقچىلىرى ياغاچ قورولغا ھۇجۇم قىلغان كۈنى دوختۇر بىر گوئىننىڭ ئاغزىدىن بۇ سىرنى ئۇققۇپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەن دوختۇر كېمىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ سىلۋېرنى ئىزدەپ بېرىپ كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالغان خەرىتىنى سىلۋېرغا بېرىشكە قوشۇلۇپتۇ ھەم لازىملىق تەمىناتلارنىڭ ھەممىنى ئۇنىڭغا قالدۇرۇپتۇ. چۈنكى بىر گوئىن ئۆڭكۈرگە كۆپ مىقداردا ئۆچكە گۆشى غەملىۋالغان ئىكەن. ئاخىرىدا ئۇلار ياغاچ قورولدىن بىخەتەر ئايرىلىپ قوش چوققىلىق تاغقا يۆتكىلىپتۇ. بىر گوئىن تۇرۇۋاتقان ئۆڭكۈر شۇ تاغدا ئىكەن.

ــ سېنىڭ بىلەن كارىمىز يوق ئەمەس، جىم، ــ دېدى دوختۇر، ــ بىز خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىساق بولمايدۇ، سەن بولساڭ ئۆزۈڭ قېچىپ چىقىپ كەتتىڭ، ئەينى چاغدا ساڭا خەۋەر قىلىشقا ئامالسىز ئىدۇق.

بۈگۈن ئەتىگەن ئۇلار دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ بايلىقلارنى كولاشقا تەييارلانغانلىقىنى بايقاپتۇ. دوختۇر ئەسلى دېڭىز قاراقچىلىرىنى قورقۇق ماڭغۇزۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىكەن. بىراق مېنى ئېلىۋالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال تېز يۈرەر بىر گوئىننى ئۇلارنى پاراكەندە قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ. ئاندىن ئۇ ترېلاۋنىي ئەپەندىمنى كاپىتانغا قاراشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى گرايىنى ئېلىپ چوڭ دەرەخ تەرەپكە قاراپ راۋان بوپتۇ. بىر گوئىن دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ خۇراپىي پسىخىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى قورقۇتۇپتۇ ھەم بۇ چارىسى ناھايىتى ئەسقېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ دوختۇر بىلەن گراي دېڭىز قاراقچىلىرى كېلىشتىن ئاۋۋال يوشۇرۇنۇپ ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ.

ــ ئەھۋالدىن قارىغاندا، ــ دېدى سىلۋېر، ــ تەلىيىمگە مەن جىم بىلەن بىللە تۇرۇپتىمەن، بولمىسا سىلەرنىڭ ئوقۇڭلارنى يەپ ئۆلەركەنمەن.

ــ توغرا، بىز راستىنىلا شۇنداق قىلىشنى ئويلىغان، ــ دەپ جاۋاب بەردى دوختۇر يۇقىرى ئاۋازدا.

بۇ چاغدا بىز قېيىق توختىتىلغان يەرگە يېتىپ باردۇق. دوختۇر جوتو بىلەن قېيىقنىڭ بىرىنى چېقىۋەتتى. ھەممىمىز يەنە بىرىگە ئولتۇرۇپ شىمال تەرەپتىكى قولتۇققا قاراپ پالاق ئۇردۇق. قوش چوققىلىق تاغدىن ئۆتكەن ۋاقىتتا بىر كىشىنىڭ قولىغا تۆز ئىستىۋوللۇق مىلتىق كۆتۈرۈپ ئۆڭكۈر ئېغىزىدا تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. بۇ ترېلاۋنىي ئەپەندىم ئىدى. بىز قولىمىزنى پۇلاڭلىتىپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردۇق ھەم ۋارقىرىدۇق. سىلۋېرمۇ بىزگە ئوخشاش جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىرايتتى.

يەنە ئۈچ مىل ئەتراپىدا ماڭغاندىن كېيىن شىمال تەرەپتىكى قولتۇقنىڭ كىرىش ئېغىزىغا يېتىپ كەلدۇق. قولتۇققا كىرىپلا «گىسپانولا» ناملىق كېمىنىڭ دېڭىزدا لەيلەپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. ئەسلىدە تاشقىن سۈيىنىڭ زەربىسىدە كېمە تېيىز سۇدىن ئاجراپ دېڭىزغا چىقىپ كەتكەن ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى كۈچلۈك شامال ۋە جەددىي ئېقىنغا ئۇچرىماپتۇ. بولمىسا بۇيەردىن كېتىپ قالغان ياكى خادا تاشقا ئۇرۇلۇپ كەتكەن بولاتتى-دە، ئۇنى ھەرگىز تاپالمايتتۇق.

بىز يەنە بىر لەڭگەرنى سۇغا تاشلاپ كېمىنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن قېيىققا ئولتۇرۇپ قىرغاققا ماڭدۇق. قىرغاققا چىققاندىن كېيىن گرايىنى كېمىگە قاراشقا ئەۋەتىپ، قالغانلار بىز گۇئىننىڭ تۇرالغۇسى بولغان ئۆڭكۈرگە ماڭدۇق.

بىز ئۆڭكۈرنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى بىر قەدەر تەكشى يانتۇلۇققا قەدەم قويدۇق. ترېلاۋنىي ئەپەندىم بۇ يەردە بىزنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ ماڭا ناھايىتى خۇشخۇي مۇئامىلە قىلىپ ئىلگىرىكى ئىشلارنى پەقەتلا تىلغا ئالمىدى. ئەمما سىلۋېر ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلەن سالام بەرگەن چاغدا ئۇ ناھايىتى غەزەپ بىلەن:

— سىلۋېر، سەن ئۇچىغا چىققان ئالدامچى. باشقىلار ماڭا سېنى تەڭقىسلىقتا قويماسلىقنى ئېيتقان ئىدى، بوپتۇ، سېنى كەچۈرەي، بىراق، سەن زىيانكەشلىك قىلىپ ئۆلتۈرگەن كىشىلەر سېنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، — دېدى.

— رەھىم-شەپقىتىڭىزگە رەھمەت، — دەپ جاۋاب بەردى سىلۋېر، ئاندىن ئۇنىڭغا يەنە بىر سالام قىلدى.

— ماڭا سېنىڭ رەھمىتىڭ كېرەك ئەمەس! — دېدى ترېلاۋنىي ئەپەندىم يول بېرىپ، — ئۆڭكۈر ئىچىگە كىر.

بىز ئۆڭكۈرگە كىردۇق. بۇ يەر ھەم كەڭ ھەم ئازادە بولۇپ شامال ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئۆڭكۈر ئىچىدە بۇلاق سۈيى ۋە سۇ يىغىلىدىغان كىچىك كۆلچەك بار ئىدى. كاپىتان سمولېت گۇلخاننىڭ يېنىدا ياتاتتى. ئوت يورۇقى خىلى يىراقتىكى بىر بۇلۇڭنىمۇ يورۇتۇپ تۇراتتى.

بۇلۇڭدا خېلى كۆپ مىقداردا ئالتۇن-كۈمۈش تىللا ۋە زىخچە ئالتۇنلار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. بۇ دەل بىز نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىن ئىزدەپ كەلگەن بايلىقلار ئىدى. نۇرغۇن كىشى بۇ بايلىقلارئۇچۇن جىنىنى سېلىپ بەرگەن بولۇپ، بۇلاردا قانچىلىغان ئادەمنىڭ قان ۋە كۆز ياشلىرى ئۇيۇپ قالغان ئىدى.

ـــ جىم، بۇياققا كەل، ـــ دېدى كاپىتان، ـــ گەرچە سەن ياخشى بالا بولساڭمۇ بىراق كېلەركى نۆۋەت ھەرگىز سېنى ئېلىپ دېڭىزغا چىقماسلىقنى قارار قىلدىم. سەن بەك ئۆز بېشىمچى ئىكەنسەن. مەن بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ تاقەت قىلالمايمەن. جون سىلۋېر، سەن نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟

ـــ قايتىپ كېلىپ بۇرۇنقى خىزمىتىمنى قىلماقچىمەن. ئەپەندىم، ـــ دەپ جاۋاب بەردى سىلۋېر.

ـــ شۇنداقمۇ؟ ـــ دېدى كاپىتان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ باشقا گەپ قىلمىدى.

بۇ كۈنى كەچلىكى مەن دوستلىرىم بىلەن بىللە تاماق يېدىم. بۇ، مەن ئەڭ مېزىلىك تاماق يېگەن بىر قېتىم ئىدى! بىز گوئىن سۈرلەپ تەييارلىغان قوي گۆشى، ‹‹گىسپانولا››دىن ئېلىپ كېلىنگەن يىللاپ ساقلانغان ئۈزۈم ھارىقى ئىشتىھايىمنى ئېچىۋەتتى. سىلۋېرمۇ بىزدىن يىراقتا ئولتۇرۇپ ئىچىلىپ-يېيىلىپ يېگىلى تۇردى. ئۇ باشقىلارغا نېمە كېرەك بولسا شۇئان بېرىپ ئېلىپ كېلەتتى. قىسقىسى، ئۇ ئىلگىرىكى قىزغىن، خۇشخوي ئاشپەزگە ئۆزگىرىپ قالغان ئىدى.

## يەتتىنچى باب خاتىمە

بىز ئىككىنچى كۈنى سەھەر تاماقنى يەپ بولۇپلا ئىشقا چۈشۈپ كەتتۇق. نۆۋەتتىكى خىزمىتىمىز بايلىقلارنى كېمىگە يۆتكەش ئىدى. قۇرۇقلۇقتا بىر مىلغا يېقىن مېڭىپ ئارقىدىن دېڭىزدا قېيىق بىلەن ئۈچ مىل ماڭغاندا ئاندىن نەرسىلەرنى‹‹گىسپانولا››غا ئاپارغىلى بولاتتى. ئادىمىمىز ئاز بولغاچقا بۇ خىزمەت ناھايىتى ئاستا ئېلىپ بېرىلدى. بىز ھېلقى قېچىپ كەتكەن قاراقچىلاردىن ئەنسىرىمىسەكمۇ ئۇلارنىڭ تۇيۇقسىز كېلىپ ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تاغ چوققىسىغا پوست قويدۇق.

بىز ئىشنى مۇنداق بۆلۈشتۇق: گىراي بىلەن بېن گوئىن قولغۇاقنى ھەيدەپ «گىسپانولا» بىلەن قۇرۇقلۇق ئوتتۇرىسىدا يۈرۈپ كېمىگە بايلىقلارنى توشۇشقا مەسئۇل بولدى، قالغانلار

بـايلىقلارنى ئۆڭكـۈردىن يـۆتكەپ قىرغاققـا ئاپىرىشـقا مەسـئۇل بولـدى. مەن ئىبغىـر ئىشـلارنى قىلالمىغاچقا ئۆڭكۈردە قېلىپ ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى خالتىغا قاچىلاشقا مەسئۇل بولدۇم.

بـۇ ئـالتۇن-كۈمـۈش تەڭگىـلەر كاپىتـان بىلىنـك چامادانـدىكى تەڭگىـلەرگە ئوخشـاش ھەرخىـل شـەكىلدىكىلىرى بـار بولـۇپ، پەقەت تـۈرى كـۆپ، قىممىتـى چـوڭراق ئىـدى. بۇلارنىرەتلەش ئادەمنى خۇشال قىلاتتى. مەن توختىماي بىلىمنى ئېگىپ بۇلارنى ئىلغاپ چىقتىم. مۇشۇنداق بىر كۈن ھەيلىشىپ قاتتىق چارچاپ كەتتىم.

كۈنلەر مانا مۇشۇنداق بىر-بىرلەپ ئۆتمەكتە. بىز ھەركـۈنى كـۆپ مىقداردىكى بـايلىقلارنى كېمىگە يۆتكىدۇق. بۇ كۈنلەردەبىز ھېلقى ئۈچ قاراقچىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىدۇق.

تەخمىنەن ئۈچىنچى كـۈنى كەچلىكـى دوختـۇر ئىككىمىـز ئايلىنىـپ بىـر كىچىـك تاغنىـڭ ئۈسـتىگە چىقتـۇق. تۇيۇقسـىز زارلانغـان ھەم ناخشـا ئېيتقانـدەك بىـر ئـاۋازنى ئـاڭلاپ قالـدۇق. بىردەمدىن كېيىن بۇ ئاۋاز غايىب بولدى.

ــ تەڭرى ئۇلارنى كەچۈرگەي، ــ دېدى دوختۇر، ــ بۇلار ھايات قالغان قاراقچىلار.

ــ ئۇلار يەنە ئىچىپ مەست بولۇپ قاپتۇ، ئەپەندىم، ــ دېدى سىلۋېر كەينىمىزدە تۇرۇپ.

سىلۋېر ھازىر ناھـايىتى ئەركىـن ئىـدى. ھەر كـۈنى باشـقىلارنىڭ دۆشكەللىسـىگە ئـۇچراپ تۇرسىمۇ ئازاراقمۇ كۆڭلىگە ئالمايتتى. ئۇ ھەممە كىشى بىلەن ياخشىلىشىپ قېلىشقا تىرىشاتتى، بىراق باشقىلار ئۇنىڭغا ئـانچە پىسـەنت قىلمـايتتى. پەقەت بىـرى گـوئىنلا ئۇنىڭغـا يامـان ئەمەس مۇئامىلە قىلاتتى. قاراشتىن ئۇ يەنىلا بـۇ بىـر پۇتلـۇق دېگىـز قاراقچىسـىدىن تەپ تارتىدىغانـدەك قىلاتتى.

ــ مەست بولـۇپ قـاپتۇ؟ بەلكىـم ئاغزىغـا كەلگەنىنـى جۆيلۈۋاتقـان بولسـا كېـرەك، ــ دېـدى دوختۇر رەدىيە بېرىپ، ــ مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنىڭ قىزىتمىسىنىڭ ئـۆرلەپ قالغانلىقىغا ھۆددە قىلالايمەن. بەلكىم ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىـپ دوختۇرنـىڭ بـۇرچى بىـلەن ئـۇلارنى كـۆرۈپ قويۇشۇم كېرەكتۇ.

ــ گەپنى ئوچۇقلا ئېيتسام دوختۇر، ــ دېـدى سـىلۋېر، ــ راسـتىنلا مۇشـۇنداق قىلسـىڭىز ئـۇلار سـىزنى ئۆلتـۈرۈپ تاشـلايدۇ. مەن شـەپقىتىڭىزدىن مەمنـۇن بولـۇپ سـىزنى ئاگاھلانـدۇرۇۋاتىمەن. تـاغ ئاسـتىدىكى ئـاۋۇ ئەبلەخلـەر ھەرگىـز ئىشـەنچلىك ئەمەس، ئۇلارمـۇ سىزگە ئىشەنمەيدۇ.

ــ توغرا، ــ دېدى دوختۇر، ــ ئەكسىچە سەن بىـر ئىشـەنچلىك ئـادەم، بىـز بۇنىـڭ تەمىنـى تېتىدۇق.

كېيىنچە يەنە يىراقتىن مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىـدۇق. ئېھتىمـال ئـۇلار ئـوۋ قىلىۋاتقـان بولسـا كېرەك. بىز ئۆزئارا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئۇلارنى ئارالدا قالدۇرۇپ قويۇشنى لايىق تاپتۇق.

ئۇلارغا خېلى كۆپ ئوق ــ دورا، بىر پاتمان سۇرلەنگەن گۆش، ئازاراق دورا-بويۇملار ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى قالدۇردۇق. يەنە ئارتۇقچە بىر يەلكەن بىلەن ئون نەچچە فوت ئۇزۇنلۇقتىكى ئارغامچىنىمۇ تاشلاپ قويدۇق. دوختۇرنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن يەنە بىر خالتا كۆك تاماكا قالدۇردۇق.

ئاراللىكى ھەممە خىزمەت ئاخىرلىشىپ بايلىقلار كېمىگە توشۇلۇپ بولدى. بىز يېتەرلىك تاتلىق سۇ ۋە خېلى كۆپ گۆش تەييارلىۋالغاندىن كېيىن بىر كۈنى تاڭ سەھەردە لەڭگەرنى كۆتۈرۈپ شىمال قولتۇقتىن ئاستا مېڭىپ چىقتۇق. كاپىتان يەنە تېخى كېمىدە دۆلەت بايرىقىنى چىقىرىپ قويدى. بۇ ياغاچ ئۆيدە چىقىرىلغان ھېلقى دۆلەت بايرىقى ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، قېچىپ كەتكەن ئۈچ دېڭىز قاراقچىسى ھەرىكىتىمىزنى توختىماي كۆزىتىپ تۇرغان ئىكەن. كېمە دېڭىز بوغۇزىدىن ئۆتكەن چاغدا بىز ئۇلارنىڭ يەرگە تىزلىنىپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ بىزگە قاراپ يالۋۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. گەرچە ئۇلارنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇشقا كۆڭلىمىز ئۇنىمىسىمۇ ئەمما تېخىمۇ چوڭ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ ئۇلارنى كېمىگە چىقىرىۋالساق بولمايتتى. ئۇلار دۆلەتكە قايتالىغان تەقدىردىمۇ نەتىجىدە يەنىلا دارغا ئېسىلاتتى. دوختۇر ئۇلارغا ۋارقىراپ نۇرغۇن نەرسە قالدۇرۇپ قويغانلىقىنى ھەم ئورنىنى ئېيتىپ بەردى. ئەمما ئۇلار توختىماي يىلىناتتى، ئۆزلىرىنى ئېلىۋېلىشنى ئۆتۈنۈپ قىلىشاتتى.

ئۇلار كېمىنىڭ توختىمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئارىدىن بىرى ۋارقىرىغىنىچە كېمىگە قارىتىپ ملتىق ئاتتى. بىر پاي ئوق سىلۋېرنىڭ بېشىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ ئاساسلىق يەلكەندىن بىر تۆشۈك ئېچىۋەتتى.

مەن ھاپىلا-شاپىلا مۆكۈنىۋالدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىغان چاغدا ئۇلارنىڭ قارىسى كۆزدىن غايىب بولغان ئىدى. چۈشكە يېقىن گۆھەر ئارىلىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىمۇ ئۈپۈقتا كۆزدىن غايىب بولدى. مەن بۇنىڭدىن قاتتىق ھاياجانلاندىم ھەم خۇشال بولدۇم.

ئادىمىمىز ئاز بولغاچقا كېمىدە ھېچكىم بىكار قالمىدى. پەقەت كاپىتاننىڭلا يارىسى ئەمدىلەتىن ياخشىلىنىشقا باشلىغاچقا ھەرىكەت قىلالمايتتى. ئۇ بىر ماتراسنىڭ ئۈستىدە يېتىپ بۇيرۇق چۈشۈرەتتى. بىز ئىسپانىيەنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئەڭ يېقىن پورتىغا بېرىپ بىر قىسىم ماتروس ۋە لازىمەتلىكلەرنى سەپلىۋالماقچى بولدۇق. پورتقا يېتىپ بارغاندا ھەممىمىز چارچىغانلىقىمىزدىن يىقىلىپ قالايلا دېدۇق.

بىز مەنزىرىسى چىرايلىق بۇ پورتقا يېتىپ كېلىپ لەڭگەر تاشلىغان چاغدا كۈن ئولتۇرغان ئىدى. نۇرغۇن قېيىق كېمىنى چۆرگىلەپ بىزگە مېۋە ــ چېۋە ھەم كۆكتات ساتماقچى بولۇشاتتى. دوختۇر بىلەن ترېلاۋنىي ئەپەندىم مېنى ئېلىپ قىرغاققا چىقىپ بىر ئاخشام ئويناپ كەلمەكچى بولدى. شەھەر ئىچىدە ئۇلار بىر ئەنگلىيە ھەربىي كېمىسىنىڭ كاپىتانىغا يولۇقۇپ قالدى ھەم

ئۇنىڭ بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى، بىز ئۇنىڭ كېمىسىگە چىقىپ ئايلاندۇق. كېمىگە قايتقان چاغدا تاڭ يورۇدى.

بىر گۈنى پالۋىدا تۇرۇپ بىزنى قارشى ئالدى. بىز كېمىگە چىققاندا ئۇ سىلۋېرنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنى ئۆزىنىڭ قەستەن قويۇپ بەرگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ئۇ بىزدىن ئۇنى كەچۈرۈشىمىزنى ئۆتۈندى. ئۆزىنىڭ بۇنداق قىلىشى بىز ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى، سىلۋېرنى كېمىدە قالدۇرغاندا ھامان بىر كۈنى ھەممىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز كېيىنچە ئاندىن سىلۋېرنىڭ كېمە بۆلۈمچىسىنى تېشىپ بىر خالتا ئالتۇننى ئوغرىلاپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق. ھەممىمىز ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىنىمىزغا خوش بولدۇق.

بۇ يەردە بىر نەچچە ماتروس قوبۇل قىلغاندىن كېيىن يول بويى ئوڭۇشلۇق ئەنگلىيەگە قايتىپ كەلدۇق. بىرىستولغا يېتىپ كەلگەندە بالاند ئەپەندىم بىر قۇتقۇزۇش ئەترىتى تەشكىللەپ بىزنى ئالغىلى بېرىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئىكەن. ئەگەر دەسلەپتە «گىسپانولا» بىلەن دېڭىزغا چىققان كىشىلەردىن پەقەت بەشىلا ھايات قايتىپ كېلەلىدى. خوددى ماتروسلارنىڭ ناخشىسىدا ئېيتىلغاندەك ھاراق ۋە ئالۋاستى قالغانلارنىڭ جېنىنى ئالدى. نىملا بولسا يەنە بىر ناخشىدىكى «يەتمىش بەش ئادەم كېمە بىلەن يولۇش قىلىپ پەقەت بىرىلا ھايات قايتىپ كەلدى» دېيىلگەنگە قارىغاندا كۆپ تەلەيلىك ئىدۇق.

ھەربىرىمىز ناھايىتى كۆپ بايلىققا ئېرىشتۇق. بۇ پۇللارنى قانداق خەجلىگەنلىكىگە كەلسەك ھەرقايسىمىزنىڭ ھەرخىل ئىدى.

كاپىتان سمولېت پېنسىيەگە چىقىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئەمدى دېڭىزغا چىقمايتتى. گراي بولسا پۇلنى قالايمىقان خەجلىمىدى. ھازىر ئۇ ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل چوڭ بىر كېمىنىڭ پايچىكى ھەم باش ياردەمچىسى. ئۇ توي قىلىپ دادا بولدى. بېن گۇئىنغا مىڭ فوندستېرلىڭ پۇل تەگدى، لېكىن 20 كۈنگە قالمايلا قەلەندەرگە ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى ئۇ 19 كۈندىلا پۇلنىڭ ھەممىنى خەجلەپ تۈگىتىۋەتكەن ئىدى. ترېلاۋنىي ئەپەندىم ئۇنىڭغا ئىشىككە قارايدىغان خىزمەت تېپىپ بەردى. ئۇ ھازىرغىچە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. ھەر قېتىم يەكشەنبە كۈنى دىنىي جەمئىيەت يىغىلىشىدا چېركاۋغا بېرىپ تەڭرىگە تىلاۋەت قىلىدۇ.

سىلۋېرغا كەلسەك شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق خەۋەر ئاڭلىمىدىم. ئاخىرقى ھېسابتا بىز بۇ بەتبەشىرە بىر پۇتلۇق دېڭىز قاراقچىسىدىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلدۇق. مەن ئۇنىڭ قارا تەنلىك خوتۇنىنى تېپىۋالغانلىقىغا ھەم يېنىدا «فلىنت كاپىتان» دېگەن شاتوتىنىڭمۇ بارلىقىغا ئىشىنىمەن. بەلكىم ئۇ ئەركىن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بوپتۇ، مۇشۇنداق نەچچە يىل ئەركىن ياشىۋالسۇن، ئاخىرقى ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان كۈنى ئۇ چوقۇم دوزاخقا چۈشىدۇ.

مەن يەنە بىر تۆركۈم يامبۇ ۋە قوراللارنىڭ بۆگۈنگىچە ئارالدا ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ئەمما بۇ قورقۇنچلۇق ئارالغا ھەرگىزمۇ بارغۇم يوق. تا ھازىرغىچە مەن پات ــ پات قاباھەتلىك چۈش كۆرۈپ قالىمەن. چۈشۈمدە دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ قىيالارغا گۈلدۈرلەپ ئۇرۇلغان ئاۋازىنى ئاڭلايمەن. بەزىدە «فلىنت كاپىتان» دېگەن شاتۇتنىڭ توختىماي «سەككىز پىكىس، سەككىز پىكىس» دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ چۈشۈمدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىمەن.

ئېلكىتاب تەمىنلىگۈچى: ئابلەتجان (خوتەن)